# تارىم

3

1988



**ياشلىق**

سۈرەتنى ئەرشىدىن توختى تارتقان.

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

# TARIM

3

1988

38 - يىل نەشرى

# مىراس

(ژۇرنال)

MIRAS

1

1988

35

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوپ، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

كوررېكتور: رېقىپ ئېلى.

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

# تۇگمەس گەپلەر

## دېرىزە يېنىدا

دېرىزە تېشىدا بىر جۈپ قىز ـ يىگىت
سۆزلىشەر، مۇڭدىشار، تۈگمەس گېپى.
يىگىت دەر: «قاچانمۇ قۇچارمىز ۋىسال؟»
قىز دەيدۇ: «قاچان ئۆي تۇتارمىز يېڭى؟»

دېرىزە تورىغا قىلىپ قىز ھەۋەس،
دەيدۇ: «ئاھ، نېمانچە نەپىس ۋە گۈزەل؟»
كۆزىنى چاقناتسا ئاباژۇر چىراغ،
زوق قوزغار ئاشۇ ئۆي توققۇزلىرى تەل.

يىگىتى باقىدۇ يەرگە خىيالچان،
قىسلار موھتاجلىق بولغاچ بىر قەپەس.
ئېھ، ئۇلار بىلمەيدۇ، ئۆيىنىڭ ئىگىسى
ئايالنىڭ ئۇلارغا قىلىشىن ھەۋەس.

چاچلىرى ئاقارغان كېسەلچان ئايال
ساغلام شۇ ياش قىزغا باقىدۇ بىر پەس.
چىت كۆڭلەك ياراشقان ساغلام ۋە چەبدەس
ياش چېغىن ئەسلەپ ئۇ شادلىنار بىرپەس.

## سەن ئۈچۈن

ئامرىقىم، بۆلەكچە سۆيۈمەن سېنى،
ئىشقىمۇ، مېھرىمۇ بارماقتا ئارتىپ.
مەن بىلەن ئۆتتۈشكەن يىللاردىن بېرى
كەلدىڭسەن ھېسابسىز دەردىمنى تارتىپ.

كېسەللىك دەردىدىن بولسام مەن بىھوش،
تۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈڭ يېنىمدا بىدار.
سەن ئۈچۈن تىرىلدىم، كەلدىمەن يېنىپ،
جەننەتنىڭ ھۆرلىرى كۆرسەتسە دىدار.

ئەزرائىل جان تىلەپ كەلدى قانچە رەت،
ئاھ! ھايات قالمىقىم بوپقالدى مەۋھۇم.
سەن ئۈچۈن يۇتتۇم مەن ھېسابسىز دورا،
ۋەسلىڭدىن بولماي دەپ مەڭگۈگە مەھرۇم.

ساداقەت ۋە ئىشقىڭ بولۇپ بىر مەلھەم،
كېسەلچان تېنىمگە قوشتى يەنە جان.
سەن ئۈچۈن ياشايمەن كېسەلنى يېڭىپ،
ۋاپادار ئامرىقىم، چەكسىز مېھرىبان.

## كېسەلچان چوكان

قارا ئۇزۇن سۇمبۇل چېچىنى
ھەر كۈن سەھەر تۇرۇپ تارايدۇ.
ئايدەك يۈزى، قەلەم قېشىغا
ئەينەكتە تويماي قارايدۇ.

ئولتۇرىدۇ كارىۋاتتا ھەر كۈن،
ياستۇقلارغا يۆلىنىپ تەستە.
گويا تويغا بارىدىغاندەك
ياسىنىدۇ بەكمۇ ھەۋەستە.

دورىسىنى ئىچىدۇ قويماي،
ساقىيىمەن دەمدۇ بىر يولى؟
چىدايدۇ ئۇ ئوپېراتسىيىگە،
كۆيدۇرسىمۇ ئاتومنىڭ نۇرى.

قالغىنىنى ساناقلىق كۈنىنىڭ
بىلەر ئۆمۈر كالىنداردا.
ئۈمىد بىلەن ئۆتكۈزەر سائەت،
مىنۇتلارنى ھايات بابىدا.

## «ئاشىق - مەشۇق»

ياقا يۇرتتىن كېلىپ ئەر - ئايال
بالىنىتسىدىن ئېلىشتى ئورۇن.
سۆزلەر يىگىت گۈزەللىكىنى
ئۆز يارىنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن.

نازۇ - نېمەت ئەكېلىدۇ ئۇ
كۈندە بەش ۋاق بازارغا بېرىپ.
دەر: «سېنىڭچۈن يەرنىڭ قەرىدە
دورا بولسا كېلىمەن ئېلىپ.»

كەتكەن چاغدا ۋاپادارلىقى
بالىنىتسىدا ھېكايە بولۇپ.
دىئاگنوزىمۇ بوپقالدى ئېنىق،
ياش ئايالنى ھەسرەتتە قويۇپ.

يوقاپ كەتتى ئايالنىڭ ئېرى،
ئايال زارلاپ قاقشىغان كۈندە.
يولغا قاراپ كېسەلچان ئايال
كۆزى ئوچۇق كەتتى بىر تۈندە.

دەيدۇ دوختۇر: بارچە كېسەلنىڭ
يوق ئەمەستۇر دورا - داۋاسى.
يوقتۇر ئامال بولمىسا ئەگەر
بىر ئىنساننىڭ ۋىجدان - ۋاپاسى.

## بۇمۇ بىر يۇمۇر

ئۇن چامدام يۈرۈشكە ئېرىنىدۇ ئۆزى،
يول ماڭسا ھاسىراپ «سالار» دەپ يۈرەك.
بىر چىنە چاينىمۇ ئىچمەيدۇ قۇيۇپ،
ئىش قىلسا زورۇقۇپ «تالار» دەپ بىلەك.

ھەر كۈنى ئۆيىدە تەنھەرىكەت قىلار
ساغلام بوپ ئۇزاقراق كۆرەي دەپ ئۆمۈر.
ئۇن ياشلىق بالىسى دېدى بىر كۈنى:
«ھەي دادا، بۇ ئىشىڭ بولدى بىر يۇمۇر.»

## پارچە

هايات گويا قىيىن مۇئەمما،
ئۇنى يەشمەك ئەمەستۇر ئاسان،
هايات ئۆزى قىيىن ئىمتىهان،
دۇچ كېلىدۇ ئاڭا هەر ئىنسان.

## بىزەڭ قىش

نېمە ئىشكىن، بىلمەيمەن ئۆزۈم،
يۈرىكىمنى باسقان كەبى تاش.
قىيىن بولدى ئالماقمۇ نەپەس،
تۇمان باسقان ئەتراپنى تۇتاش.

دەل ـ دەرەخلەر كىيگەندەك كېپەن،
قار ـ مۇزلاردىن يېپىنغان لىباس.
دەريالارنى توختاتقان كۈيدىن
زېرىكتۈردى بۇ قىش ئەيھانناس!

يۈز ـ قوللارنى ئاچقىلى بولماس،
شىۋىرغاندىن قىلسەن هەزەر.
گويا خەقتە بولغاندەك ئۆچى،
سوغۇق ئەجەب سانجىيدۇ نەشتەر.

ئۆگزىلەردىن ئۆرلىگەن تۈتۈن،
مەلىلەرگە ئورايدۇ بەلباغ.
تۇمان ئىچرە يۈرسەڭ يوللاردا،
تېيىلغاق مۇز ئاتقۇزار موللاق.

زېرىكتۈردى مېنى ئۇزاق قىش،
تارتىپ كەتكەچ زۇكام دەردىنى.
ئەجەب ئاستا چىقتى بىزەڭ قىش،
بىلىندۈرۈپ يازنىڭ قەدرىنى.

## ياز قىلىپتۇ

تاغلار كىيگەن كۈمۈش كەبى تاج،
باغلار قىشلىق لىباستا تېخى.
بىر تۈپ يوغان ئاپئاق تېرەكنىڭ
ياشناپ قاپتۇ بىر يۇمران بىخى.

نېمە هال بۇ، قالدىم تېڭىرقاپ؟
ئاياز، سوغدا كۆرۈپ غەيرى ئىش.
قىش قۇياشى نۇرىدا چاقناپ،
تۇرار بىخلار قىلماستىن تەشۋىش.

ياز قىلىپتۇ يۇمران نىهاللار،
سوغ ـ جۇدۇنغا ئەگمەستىن بويۇن.
باهاردىكى قاتتىق دوقالنى،
بەجايىكى بىلىشىپ ئويۇن.

بىرنەچچە تال يۇمران نوتىلار
قىلدى گويا باهارنى يېقىن.
گويا باهار سۆيىدەك يامراپ،
خۇشاللىقىم ياسىدى ئېقىن.



(ھېكايە)

غەلبە مۇھەممەت



غەلبە مۇھەممەت 1956 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1977 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىدا ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

غەلبە مۇھەممەت 1983 - يىلى ئېلان قىلىنغان «قىزىلگۈلنى كىم تاقىشى كېرەك» ناملىق تۇنجى ئوچېركى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ «ئۈمۈر ۋە ياشلىق» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە «پەزىلەت»، «ئۇنىڭ ئادىتى»، «كۆز ۋە تەبەسسۇم»، «ئۇ مېنىڭ پەرىشتەم» ناملىق ھېكايىلىرى گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇ ياش يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى تەسۋىرىنىڭ ئىنچىكىلىكى، پېرسوناژنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ئىپادىلەشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولماقتا.

— تەھرىردىن.

1

«شىرئەلى!

يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئولتۇرسا - قوپسا نامىڭىزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، سىزدەك مۇناسىپ جۈپتىنىڭ بولغىنى بىلەن چەكسىز پەخىرلىنىدىغان پەرىدەنىڭ توساتتىن يۈز ئۆرۈشى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغماي قالدى. مەن بەكمۇ ئەپسۇسلانغان ھەم ئېچىنغان ھالدا ئۆتكەن

كۆنلەرنى ئەسلىدىم. سىز بىلمەيسىز، كۆپ
قىزلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى يە-
گىتلەردىن يوشۇرىدۇ. قەلبى سۆيگۈ-مۇ-
ھەببەتتىن زىلزىلىگە كېلىپ، ۋۇجۇدىنى
ئىنتىزارلىق ئوتى چۇلغاپ قالغان تەقدىر-
دىمۇ ئۇلار ھامان لېۋىنى چىڭ چىشلەپ،
كۆزىنى يەرگە ئاغدۇرۇپ، قوزۇنۇپ تۇرۇش
بىلەن چەكلىنىدۇ. پەردەمۇ ئالدىڭىزدا
ئۆزىنىڭ سىزگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببە-
تىنى ئىپادىلەشكە، سىزنىڭ تەلپىڭىزگە
يۈز تۇرانە ‹ھەئە› دېيىشكە ئاجىز ئىدى.
بىر قېتىم شۇ تۆپەيلى سىز پەردەدىن ‹مېنى
ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايسىز؟› دەپ رەن-
جىپسىز. بىچارە، ياتىقىمغا كېلىپ بىر ھا-
زا يىغلىغانىدى.

—راستىنلا ياخشى كۆرمەمسەن-يا؟—
دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىلمەكچى
بولۇپ.

—توۋا دېگىنە ئاداش، ئۇ مەن ئىز-
لىگەن، مەن ئارمان قىلغان يىگىت. ئۇنى
ياخشى كۆرمىسەم كىمنى ياخشى كۆرە-
مەن؟— دېگەنىدى ئۇ، تاراملاپ ئېقىۋات-
قان يېشىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ
تۇرۇپ.

ئەمدىلىكتە ئاشۇ پەردەنىڭ ئۆزگىرىپ
كېتىشى قانداقمۇ ئەقىلگە سىغسۇن؟

سىز خېتىڭىزدە: ‹پەردە مەن تە-
سەۋۋۇر قىلغاندەك قىز ئەمەسكەن، ئۇ
مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنى ۋاپادار، ساداقەت-
مەن قىلىپ كۆرسەتكەن، مەنمۇ ھەم ئۇنىڭ-
غا ئىشەنگەن ئىكەنمەن، خاتالىشىپتىمەن.
ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ئاياغ-ئاستى
قىلىپ، يۈرىكىمگە ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ
ئۆچمەس ئوتىنى سالدى. ئۇ، ۋەدىسىنى،
مېنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى ئىپلاسلارچە بۇلا-
غاپتۇ. بىلەمسىز زۆھرە، مەن سۆيگەن،
مېنى پاكلىقى ۋە روھىي گۈزەللىكى بىلەن
لال قىلغان پەردە ئاللىقاچان ئۆلۈپتۇ›
دەپ يېزىپسىز. بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ
ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. بۇ
قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! مەن ھەيراند-
لىقتىن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي، خەتنى
غىجىملىغىنىمچە ھەسرەتلىك خىيالغا چۆم-
دۈم. سىز بىلەن مەن تاغدەك ئىشەنگەن
پەردەنىڭ بۇنداق ئىپلاسلىقلارنى قىلىشى-
نى تەسەۋۋۇر قىلىش نېمىدېگەن ئەلەم!
مەن ئازابلاندىم، غەزەپلەندىم. ئەگەر ئۇ
يېنىمدا بولغان بولسا، نېمىلەرنى دەۋەت-
كەن بولاتتىمكىن-تاڭ. مەن ئۇنىڭغا دەر-
ھال خەت يازدىم. بىرەر مىنۇت كېچىك-
تۈرۈشكىمۇ تاقىتىم يەتمەيتتى. ئەمما
يازغان خېتىمنىڭ ئۇچۇرى بولمىدى. ئىك-
كىنچى قېتىم يەنە يازدىم، يەنىلا جاۋاب
كەلمىدى. پۈتۈن ئاچچىقىمنى قەلەم ئۇچى-
غا يىغىپ توختىماستىن يېزىۋەردىم. ئاخىر
ئۇنىڭدىن خەت كەلدى. خەتنى ئوقۇپ
يۈرىكىمگە يېڭى ئازاب چۈشتى. ئىچ ئاغ-
رىقى باغرىمنى كۆيدۈردى. پەردەنىڭ
ئورنىدا ئازابلاندىم، شۇ كۈنى كېچىچە
كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇزۇندىن-ئۇ-
زۇن يىغلىدىم. راست، ئۇ سىزنى ياخشى
كۆرەتتى، قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىزنىڭ
گېپىڭىز بولسا، ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇر-
لىنىپ، شادلىقى ئىچىگە سىغماي قالاتتى.
سىز توغرىلىق سۆزلەپ بېرىش بولسا،
ئۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز لەززەت ئىدى.
ئەجەب ئىش، ئۇنىڭغا تەقدىرنىڭ كۆزى
تەگكەن بولسا-ھە؟! مەن دەسلەپتىلا
پەردەنىڭ سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلىشىغا،
سىزنىڭ غۇرۇرىڭىزنى ئاياغ-ئاستى قىلىپ،

ئۆزىنى بۇلغىشىغا ئۆزۈمنى ئىشەنـدۈرەلـ -
مەي ئازابلانغانىدىم. دېگەنىدەك ئىشىنىڭ
ھەقىقىتىمۇ پەرىدەنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكـ -
ىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. شىرئەلـى، سىزگە
پەرىدە ۋاپاسىزلىق قىلمىدى. ئۇ ھېلىـمۇ
سىزنى سۆيىدۇ. پەرىدەنى توغرا چۈشىنىش،
ئەينى ئەھۋالنـى تەپسىلـي ئۇقۇشىڭىز
ئۈچۈن، ئۇنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى خېتىمگە
قوشۇپ بىرگە ئەۋەتتىم. شىرئەلى، بۇ جاھانـ -
دا تەقدىر ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن كىم
بار دەيسىز؟ يوق، ئەزەلدىن بولـمىغان.
ئەكسىچە، تەقدىر ھامان كىشىلەرنىڭ ئىر -
ادىسى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ.

مېنىڭـچـە، ئورتاق غايە ۋە ئارزۇ -
ئارمان مۇھەببـەتـىنـى كـۈچ - قۇۋۋەت
بىلەن تەمىن ئېتىدىغان پۈتمەس - تۈگىمەس
بايلىق. ھەقىقىي مۇھەببەت — مەڭۋى نۇر-
تارقىلىق ۋە بىرلىكتە. ئۇنىڭ مـەزمۇنـى
بەكمۇ مول. سىزنىڭ بۇ نۇقتىلارنى مەن -
دىنمۇ ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا ۋە
بۇ مەسىلىلەرنـى سوغۇققانلـىق بىلەن بىر
تەرەپ قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

شىرئەلـى، ئاق كۆڭـۈل كىشىلەرگە
بەخـت ھامان يار بولـىدۇ. قۇياش پارلاپ
كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئۇپۇققا قارايلى، زەر قۇ -
ياشقا قارايلى. ئۇ تېخـى تۈنـۈگـۈنـلا بۇ
ئالەمدىن كۆڭلى قېلىـپ ھەممىدىن بىزار
بولغاندەك، ئۆزىنى تاغ كەينىگە — دالدىغا
ئالغانىدى، بۈگۈن كائىناتقا تۈنۈگۈنكىدىن -
مۇ گۈزەلرەك تۇس بېرىپ، تېخىمۇ نۇر -
لانغان ھالدا كۈلۈپ چىقىۋاتىدۇ. ھايات
شۇنداق، شىرئەلى.

خەير، سالامەت بولۇڭ!

زۆھرە..»

2

«زۆھرە!

خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئالدىمدا بۇ -
نىڭدىن ئىلگىرى يازغان نەچچە پارچە خېتىڭمۇ
تۇرۇپتۇ. خەتلىرىڭگە جاۋاب يازمايمەن
دېگەنىدىم، بىراق ئەمدى ئۇنداق قىلالمى -
دىم. مەن سېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئارقا - ئار -
قىدىن خەت يېزىۋاتقانلىقىڭنى چۈشىنىمەن.
سەن ئېچىنىدىڭ — خار بولغان مۇھەببەت
ئۈچۈن ئېچىندىڭ. سەن نەپرەتلەندىڭ —
يەردە قويغان ۋەدەم ئۈچۈن نەپرەتلەندىڭ.
سەن چىدىمىدىڭ — شىرئەلى بىلەن ئىككى -
مىزنىڭ مۇھەببىتىدىن بەرپا بولغان گۈزەل
باغنىڭ كۆز ئۈچىلا ۋەيران بولۇپ كېتى -
شىگە چىدىمىدىڭ. سەن ھەيران قالدىڭ —
سەن تەسەۋۋۇر قىلمىغان، ماڭا، مېنىڭ
خاراكتېرىمگە پۈتۈنلەي يات، تامامەن باش -
قىچە بىر پەرىدەنى كۆرۈپ ھەيران قال -
دىڭ. ئامال قانچە زۆھرە، تەقدىر قاچانمۇ
ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە باققان؟...

خەتلىرىڭنـى ئوقۇۋاتـقان چېغىمـدا
دەسلەپ ماڭا نەپرەت بىلەن ئالايغان، ئانـ -
دىن ئاستا - ئاستا ئىلـتىجا قىلىۋاتـقان،
يىلىنىۋاتقان كۆزلىرىڭنى كۆرىمەن، دوست -
لۇق ھۆرمىتىدىن، قەدىناسلىق مەجبۇرىيە -
تىدىن تۇرۇپ، مەن ئۈچۈن، مېنىڭ مۇ -
ھەببىتىم ئۈچۈن سەكپارە بولۇۋاتقانلىقىڭ -
نى بىلىمەن، سەن ھەممىنـى تەپسىلىي
يېزىشىمنى سوراۋاتىسەن، مېنى نېمانچە
قىينايسەن، ئىكەن - تاڭ؟ شىرئەلىنىڭ ۋۇجۇدى -
دىن بۇرۇن ھېس قىلالمىغان بىر ئەر يېتەر -
سىز تەرەپىنى سەزگەن ئوخشىمامسەن؟
دەرۋەقە، دەسلەپتە قارشى تەرەپنىڭ نۇق -

سالىرى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، ياكى شۇ
ئۇقسانمۇ گويا ئۆزگىچە بىر گۈزەللىكتەك
بىلىنىدۇ. بىراق ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئادەم
تىرناقتىن كىر ئىزدەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.
بەلكىم سەندىمۇ شۇنداقراق ھېسسىيات
پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق شىر-
ئەلىنى مەنمۇ چۈشىنىمەن، ئۇ ياخشى يىگىت»
دەپ يېزىپسەن، راست، مەن شىرئەلى
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى تۈيۇقسىز،
چۇرتلا ئۈزۈپ قويدۇم. بۇنىڭ سىرىنى
كىمگە دەپ، كىمگە ئېيتاي؟ «يىراق-
يېقىنىنى مېڭىپ كۆرگەن بىلىدۇ، ئاچچىق-
چۈچۈكنى تېتىپ كۆرگەن بىلىدۇ» دېگەن
گەپ بار، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر
قاتلىمىدىكى زېدىنى، زېدە ئورنىدىكى زەر-
دابنى كۆرەلەرسەنمۇ، زۆھرە؟ سەن بې-
شىڭدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقنى
ئۆتكۈزگەن، نۇرمۇشنى، رېئاللىقنى توغرا
چۈشىنەلەيسەن. شۇ تاپتا دېمەي دېسەم
دىلىمنىڭ، دەي دېسەم تىلىمنىڭ كۆيۈۋات-
قانلىقىنى چۈشەنسەڭ ئىدىڭ؟! ئالدىمدا
يېيىلىپ ياتقان خەتلىرىڭنى يەنە بىر قۇر
ئوقۇپ چىقتىم. سەن مېنى راستىنلا بىر
«ئۆجمە كۆڭۈل، ۋاپاسىز» دەپ ئويلاپ
قالدىڭمۇ؟ ئۇنداق دېسەڭ ماڭا ئۇۋال
بولۇپ كەتمەسمۇ؟ مەن ھەممىنى يازاي،
دەردىمنى ساڭا تۆكەي.

شىرئەلىنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىز-
ھار قىلىپ يازغان دەسلەپكى خېتى قولۇمغا
تەگكەن كۈنى مەن ئۆمرۈمدە ھېس قىلىپ
باقمىغان بىر سېزىم بىلەن ھاياجانلانغانىدىم.
قويساڭ، ئۇ مىنۇتلارنى! بەخت، ھاياجان،
تارتىنىش، شادلىق، ھودۇقۇش...بۇ ھېس-
سىياتلار نەقەدەر ئۆزگىچە لەززەتلىك
ئىكەن-ھە!؟ مەن ئۇ مىنۇتلارنى ئەبەدىي
ئۇنتۇمايمەن، مەن شۇ كۈنى ئۆمرۈمدە
تۇنجى قېتىم دىلىمدىن سۆيگەن يىگىت
بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلا-
دىم. ئەڭ يارىشىملىق كۆڭلىكىمنى كىيىپ،
ئەڭ خۇش پۇراق ئەتىردىن چاچتىم، چې-
چىمنى كۆڭۈل قويۇپ تارىدىم. ھەتتا
قولياغلىقىمغىچە تاللاپ دەزمال سالدىم. ۋە-
دىلەشكەن ۋاقىت توشقانىدى. مەن ماڭماقچى
بولۇپ تەمشەلدىمۇ ئەينەك ئالدىغا كېلىپ
قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىمنى كۆرۈپ بىر-
دىنلا تەمتىرەپ قالدىم. ياتاقتىن چىقىشقا،
ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشكە قۇربۇم يەتمەيدىغاندەك
بىلىندى. مەن سائەتىمگە قارىدىم. ئولتۇر-
دۇم، تۇردۇم، ئىشىككە باردىم. يەنە
كەينىمگە ياندىم... كەچ كىردى،
ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتتى. مەن شۇ چاغدىلا
ھېچنەرسىگە جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىمنى
چۈشەندىم. شۇ كۈنى قانداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ
قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن...

بىر چاغدا شىرئەلىنىڭ دوختۇرخانىدا
جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈستىدە ياتقانلىقىنى
ئاڭلىدىم. مېھمانلارغا تەييارلىغان قولۇمدى-
كى نەچچە پىيالە چاي پەتنۇس بىلەنلا
چۈشۈپ كەتتى. مەن ئىشىككە قاراپ
ئېتىلدىم. يول بويى يۈگۈردۈم. پۈتۈن
بەدىنىمدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلدى، مەن
شۇنچە كۆچەپ يۈگۈرسەممۇ يولۇم ھېچ
ئاۋۇمايۋاتقاندەك، بىر قەدەم ئالدىمغا چامدى-
سام، ئىككى قەدەم كەينىمگە كېتىۋاتقان-
دەك تۇيۇلدى، دوختۇرخانىغا يېتىپ كەل-
گەندە نەپەس ئالغۇدەك ھالىم قالمىغانىدى.
ئىشىكتىن كىرىپلا كارىۋاتتا سوزۇلۇپ
ياتقان، ئۈستى ئاق رەخت بىلەن يېپىپ
قويۇلغان جەسەتنى كۆردۈم.

— شىرئەلى، — دېدى بىرسى ماڭا

ئۇنى كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ.

— ئاھ، شىرئەلى! — مەن بار ئاۋازىم بىلەن ساراڭلارچە چىرقىراپ بىرىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندىم، — مەن سەنسىز قانداق ياشايمەن!؟

شۇ چاغ بىرسى مۈرەمدىن ئاستا تارتتى. چۆچۈپ ئويغانسام، سەن يېنىمدا ئولتۇرۇپسەن، ئېسىڭدىدۇر، مەن گەپ قىلالماستىن ساڭا ئېسىلىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتكىنىم. مېنىڭ بۇ ھەسرەتلىك يىغام شۇ چاغدا سېنىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى. بۇنىڭ پەقەت چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىش كۆڭۈلنى نەقەدەر يېنىكلەتتىدۇ-ھە؟

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېگەنىدىڭ سەن مۈرەمدىن يېنىك قۇچاقلاپ، — ئۆزۈڭنى بىھۇدە قىينىمىساڭچۇ.

راست ئېيتقانىدىڭ. مەن ئۆز-ئۆزۈمنى قىينىغانىدىم. ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرمەنكى، مەندە ئۇنىڭسىز ياشاش قۇدرىتى تۈگىگەنىكەن، چۈنكى مېنىڭ شىرئەلىگە بولغان مۇھەببىتىم ئاللىقاچان يۈرىكىم قاتلاملىرىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، بىخ سۈرگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ چۈشنى ئويلىسام يۈرىكىمگە قورقۇنچ كىرىپ، قولۇم ئىشقا بارمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى بىرەر كۈن كۆرمىسەم كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچاتتى. ئۇنىڭدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي ھەمراھ بولغۇم، ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغۇم كېلەتتى. ئاشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنى جاھاندا ھەممىدىن بەختلىك ھېس قىلاتتىم. ھايات مەن ئۈچۈن ئاجايىپ گۈزەل، تۇرمۇش شۇنداق كۆڭۈللۈك بىلىنەتتىكى، كۈن بويى ئۆزۈمنى قويۇدىغان جاي تاپالمىغاندەك قىن-قىنىمغا سىغماي خۇشال يۈرەتتىم. بۇ خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى ئەلۋەتتە شىرئەلىنىڭ مۇھەببىتى ئىدى. ئۇنى سېغىنغان چاغلىرىمدا يېگىنىم ئاش بولماي، مۇڭلۇق ناخشىدىن كەيىپ بولغاندەك، كۆزلىرىمنى يىراقلارغا تىكىپ قالاتتىم. مېنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرگۈنۈم، يۈز ئېچىپ سۆيگۈنۈم شۇ ئەمەسمۇ؟...

خېتىڭىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاچچىق ئەلەم دەستىدىن پۇچۇلىنىۋاتقان يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆيدىن چىقتىم. ماگىزىن لاپاسلىرى ئاستىدا دۈگدىيىپ تۇرغان بىرنەچچە ئادەمدىن باشقا كوچىدا ئادەم يوق ئىدى. ئەمما كىشىلەرنى دالدىغا قاچۇرغان، دۈگدەيتىپ تىترىتىۋاتقان سوغۇق يامغۇر ماڭا قىلچە تەسىر قىلالار ئەمەس ئىدى. مەن كوچىدا ئېرىق بولۇپ ئېقىۋاتقان سۇنى شالاقشىتىپ كېچىپ، ئالدىرىماي مېڭىپ، ئۇدۇل جەنۇبىي باغچىغا باردىم. يامغۇر دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ ۋە چىملارنىڭ يۈزىنى يۇيۇپ ياشارتىۋېتىپتۇ. مەن يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم. ئەمما ئادەمدىن پۈتۈنلەي خالىي قالغان بۇ باغچا ئاسمىنىنى بۇلۇت قاپلاپ كەتكەچكە يىراقنى ئانچە كۆزگىلى بولمايتتى. ئىللىق باھارنىڭ كۆڭۈللۈك كېچىلىرىدە شىرئەلى بىلەن دەرەخلەر ئارىسىدىن بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقاپ ماراۋاتقان ھىلال ئاينى تاماشا قىلغاچ، كۆڭۈلنى مەس قىلغۇچى گۈللەرنىڭ خۇش بۇي ھىدىدىن ھوزۇرلىنىپ بىللە ئايلانغان يوللارنى ئارىلىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتقان ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئۇ ماڭا تۇنجى قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا، ئۆزۈمنى

تېرەكىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ نېمە قىلارىمنى
بىلەلمەي، قوۋزىقىنى تاتىلاپ ئۈزىۋەتـ-
كەن ئورۇننى سىلىدىم... ئىسسىق يېشىم
يامغۇر سۈيىگە قوشۇلۇپ ئاقتى. بۇ مېنىڭ
تۇنجى سۆيگۈم — يۈرىكىمدىكى ئەڭ نازۇك
ھېسسىياتلىرىمنىڭ گۇۋاھچىسى ئەمەسمىدى؟
ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى شىۋىرلاشلىرى، خۇشال
كۈلكىلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قايتىدىن جاراڭ-
لىغاندەك بولدى. مەن ئەتراپىمغا قاراپ
نېمىنىدۇر ئىزلىدىم. كۆرگىنىم، يامغۇردا
يۇيۇلغان گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ، ياپ-
يېشىل چىم، ئاسفالت يول ۋە ياپراقلارغا
تاراسلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر تامچىسى،
ئىنسى - جىنسىز قالغان باغ.

ئاھ، زۆھرە! تەقدىر مېنى ئالدىدى،
مېنى ئاۋۋال ئارمان قىلغان ئىنسانىنىڭ
مۇھەببىتىگە نائىل قىلىپ قويۇپ، ئارقى-
دىنلا ھاياتىنىمۇ بىزار ھالغا چۈشۈرۈپ
قويدى. تەقدىرنىڭ كارامىتى شۇ
بولسا - جە؟!...

زىلەيىنىڭ تويىدا قولداش بولغانلىقىم
ئېسىڭىزدىمۇ؟ دوستۇمنىڭ ئىشەنچ بىلەن
يۈكلىگەن قولداشلىق ۋەزىپىسىنى كۈچۈمنىڭ
يېتىشىچە، ئىمكانىيىتىمنىڭ بېرىچە ياخ-
شىراق ئارتۇقۇزۇش ئۈچۈن تويىنىڭ ئاخىرى-
غىچە ئولتۇردۇم. مېھمانلار تارقىغاندىن
كېيىن، ئىككى قىز زىلەيىنى ھۇجرىسىغى-
چە ئۇزىتىپ قويۇپ ياندۇق.

— يۈر، بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قال، —
دېدى بىللە قايتقان دوستۇم يېلىكىمدىن
تارتىپ.

قونۇپ قالغانمۇ بولاتتىم، بىراق بۇنداق
كەچ قىلىشىمنى بىلمىگەچكە، ئۆيدىكىلەر-
گە ئېيتىپ قويمىغانىكەنمەن. ئەگەر قاي-
تىپ بارمىسام، ئاپام كېچىچە قاقماي تىك

ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزاتتى. شۇڭا قورق-
قىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ تۇرسىمۇ،
ئۆيگە كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. مەن
دوستۇمدىن ئايرىلىپ نەچچە قەدەم ماڭا-
ماڭمايلا يەردىن ئۈنگەندەك يېنىمدا بىر-
سى پەيدا بولدى. بۇنى كىم دېمەمسەن؟
ئۆزىچە ئويۇن قىلدىم دەپ، ھەممە ئادەم-
نى بىزار قىلىپ يۈرۈدىغان ھېلىقى مىجىت
شاللاق. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا بەدىنىم
تىكەنلىشىپ كەتتى.

— سىزنى چوقۇم مۇشۇ يولدىن ئۆتى-
دۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى ئۇ ماڭا
ياندىشىپ كېلىپ، — ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ
قوياي.

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ، — مەن
چەتنەپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم.

— نېمانچە تۈزۈت قىلىسىز، — دېدى
ئۇ ماڭا قەستەن سوقۇلۇپ، — مەن ھەمراھ
بولدۇم نېمە بولىدى، باشقىلار ھەمراھ
بولدى نېمە بولىدى؛ بەرىبىر ئوخشاش
گەپقۇ؟

مەن گەپ قىلماستىن قەدىمىمنى
تېزلەتتىم.

— جەرەندەك مېڭىشىڭىز بار ئىكەن، —
ئۇ ماڭا يېتىشىپ كەلدى، — كېيىنچىنىڭ
پەيزىنى سۈرۈپ مېڭىشنى بىلمەيدى-
كەنسىز.

ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ بىلىكىمدىن تۇتى-
ماقچى بولىۋىدى، ئاچچىقىم بىلەن سىلكى-
ۋەتتىم. بىز مەھەللىدىن چىقىپ بولغانى-
دۇق. بىزنىڭ مەھەللىگە يېتىپ بېرىش ئۈ-
چۈن ئالدىمىدىكى بىر چاقىرىم كەلگۈدەك
ئۆزۈكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. يولنىڭ
ئىككى تەرىپى تۈپتۈز كەتكەن سايلىق ئى-
دى. ئادەتتىمۇ ئۇ جايدىن يالغۇز ئۆتۈشكە

قورقاتتىم. بىراق مىجىتنىڭ يېنىمدا بو-
لۇشى ماڭا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بىلىندى.

— بولدى، ئاۋارە بولماي قېپقېلىڭ، —
دېدىم ئۇنىڭغا قارىماي ئىلدام مېڭىپ.

— قېپقالسام قانداق بولىدۇ، سىز بى-
لەن ئوبدانراق مۇڭداشماي تۇرۇپ؟ — ئۇ
گەپلىرىمنى ھېچ پىسەنتكە ئالمىغان ھال-
دا ماڭا يېتىشىپ كەلدى.

— سىز نېمە دېمەكچى؟

— كۆزىڭىز مال تونۇمايدىكەن پەرى-
دە، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بېشى بىر تۇرۇپ...
زايا بولۇپ كېتىۋاتىسىز، جۇمۇ!

— تىلىڭىزنى تارتىڭ. مەن شىرئەلى-
نى ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سەركەردىسى دەپ
تاللىۋالغان!

— ئەخمەق بولماڭ!

مەن ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇ-
رۇشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇ-
نىڭغا قارىماستىن يولۇمغا ماڭدىم، ئۇمۇ قو-
لىدىكى ئىتتىك-ئىتتىك شوراپ كېلىۋات-
قان تاماكىسىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ ئالدىم-
غا ئۆتتى:

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن،
پەرىدە.

— يولۇمنى توسماڭ!

— گېپىم راست، پەرىدە، مېنىڭ قەل-
بىمنى چۈشىنىڭ، مېنى بۇنچە قىينىماڭ!

— بىراق، سىز مېنىڭ ئوخلاپ چۈ-
شۈمگىمۇ كىرمىگەن!

— شۇنداقمۇ؟ مەن سىزنى مېنى ياخ-
شى كۆرىدىغان قىلىمەن، ھەتتا ئارقامدىن
يالۋۇرۇپ يۈگۈرىدىغان قىلىۋېتىمەن!

— ئاۋارە بولماڭ، بۇ ھەرگىزمۇ سىز-
نىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ! — دېدىم غە-
زەپ بىلەن.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇ دەلدەڭشىگەن
ھالدا ماڭا يېقىنلاشتى، — مەن ھېچقاچان
بىرەر قىز ئالدىدا بۇنداق بويۇن قىسىپ
باقمىغان. چاپىنىمنىڭ پېشىنى قاقسام سىز-
دەك قىزدىن نەچچىسى چۈشىدۇ، نېمە دەي-
دىكىن دېسەم تېخى، سىز ... مېنى ئاپام
ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، جۇمۇ ...

ئۇنىڭ ماڭا نەشتەردەك قادىلىپ تۇ-
غان كۆزلىرىدىن خۇددى ئاچ بۆرىنىڭ
كۆزىدە پاناھسىز قوزىنى كۆرگەن چاغدا
پەيدا بولىدىغاندەك ئوت چاچراپ تۇراتتى.
مەن ئىشىنىڭ يامىنىغا ئۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى
پەملەپ، دەرھال كەينىمگە بۇرۇلۇپ يۈ-
گۈردۈم.

شۇ تاپتا ئۇ گويا كەينىمدىن قوغ-
لاپ كېلىۋاتقان ئەزرائىل، مەن ھايات يو-
لىغا قاراپ قېچىۋاتقان ئارزۇ-ئارمان ئىگە-
سى ئىدىم؛ مەن گويا جان كويىدا قېچىۋات-
قان توشقان، ئۇ گويا يەم كويىدا قوغلا-
ۋاتقان تۈلكە ئىدى. يۈگۈرگەنسېرى نەپ-
سىم يېتىشمەي، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ،
كانىيىم لازا قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.
ئىچىمدە، پەقەت تۇتۇق بەرمەسەملا، شۇ يۈ-
گۈرگەنچە جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ مەيلى
ئىدى دەيتتىم. بىراق ئانچە ئۇزۇنغا بار-
مايلا نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ موللاق ئېتىپ
يىقىلىپ چۈشتۈم. مەن قوپۇشقا تەمشىلى-
ۋاتقاندا، ئۇ مېنىڭ بېشىمدا قاقاقلاپ كۈل-
گەن پېتى پەيدا بولدى.

— قانداق، ئاپئاق قىز؟ ئۇنداق قىل-
ماڭ دېسەم ئۇنىمايسىز، بىكاردىن-بىكار
ئۆزىڭىزنىمۇ، مېنىمۇ قىيناپ.

— يېقىن كەلگۈچى بولماڭ! — دېدىم
مەن جەينىكىم بىلەن ئارقامغا داجىپ تۇ-
رۇپ، — ۋارقىرايمەن.

— ۋارقىرامسىز، جارقىرامسىز، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، بىكار ئاۋارە بولىسىز. قېينى، قاراپ بېقىڭا، ئەتراپتا ئىنسى-جىن كۆرۈنەمدۇ؟ سىزنى قۇتۇلدۇرىدىغانلار ئاللىقاچان تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى، — ئۇ سۆزلىگەچ مېنى قامالىۋالدى.

— قويۇۋەت لۈكچەك، قويۇۋەت دەيمەن! — مەن بار كۈچۈم بىلەن ئۆرە بولۇشقا تىرىشىپ ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتەردىم. چېچەدىن يۇلدۇم، لېكىن ئۇ مېنىڭ قوللىرىمنى ئۆزىدىن ناھايىتى ئاسانلا ئاجرىتىۋالدى.

— لۈكچەك دەمسەن؟ نېمە ئىكەنلىكىمنى ئەمدى كۆرۈسەن! — ئۇ كۈچىگە كەلدى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئەسەبىيلەرچە ئىنجىقلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بەئەينى ئولجىغا چاڭگال سالغان ۋەھشىي ھايۋانغىلا ئوخشايتتى.

— قويۇۋەت مېنى، ھايۋان! — ئەگەر شۇ تاپتا بېگىلسەم مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەلەم بولامدۇ؟ مەندە ئۆزۈم ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان بىر كۈچ پەيدا بولدى، يېشىمدىن ھۆللەنگەن توپا چاچلىرىمنى بۇلغىدى، بەدىنىمدىن تەپچىپ چىققان تەر توپىنى لاي قىلىۋەتتى. تىرناقلىرىم قايرىلىپ قاندى، مەن ئېلىشتىم، جان-جەھلىم بىلەن ئېلىشتىم.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ئەسلىيەلمەيمەن. بۇ جەرياندا ۋۇجۇدۇمدا بار كۈچنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلدىم. جىسمىمدا بارنىڭ ھەممىسىنى غەزەپ ۋە نەپرەت ئوتى قىلىپ ئېتىپ تۈگەتتىم. ئاخىرىدا مەندە پەقەت يېرىم ئۆلۈك ھېسابىدىكى مادارسىز تەن قالدى. بىراق ئۇ نىيىتىدىن يانار ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن قاچمەن دەپ قوم تاسقىغان بىر ئورەككە چۈشۈپ قالغانىدىم. مەن تىن ئالغۇدەك ھالىم، مىدىرلىغۇدەك مادارىم قالمىغاندا، خۇدا نالىسى بىلەن ھۆكرەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم:

— ئانىڭىزنىڭ، قىز قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا رەھىم قىلىڭ، ئاجىز مەزلۇملار ئۈچۈن قان تۆككەن يىگىتلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ، مەندەك بىر ئەرزىمەس ئىنسان بىلەن ئۆزىڭىزنى بۇلغىماڭ.

— نېمانچە قىلىسىز؟ — ئۇ ھاسىراپ-ھۆمۈدىگەن ھالدا پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى. مېنى قامالاپ تۇرغان قوللىرى بولسا تېخىمۇ چىڭىدى.

— سىز مېنى مەجبۇرلىسىڭىز، ھايات ماڭا ھارام بولىدۇ. سىز مېنى ھالاك قىلغۇدەك نېمە گۇناھ قىلغانىدىم سىزگە؟

— بولدىلا، ئەمدى نازلانماڭ، —دېدى ئۇ ھاياسىزلارچە ھىجىيىپ. جاللاتنىڭ پارقىراپ تۇرغان قانلىق قىلىچىنىڭ ئۆز بويىنىنى چەنلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۇناھسىز تۇتقۇننىڭ ئېگىرىشى نازدىنىمدۇ؟ ئار-نومۇسلۇق بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىپپەت-نومۇسىنى يوقىتىشتىن كۆرە ئۆلۈم قەدىرلىكرەك ئەمەسمۇ؟

مېنى نومۇستىن جۇدا قىلماقچى بولغان بىر مەخلۇق ماڭا دېۋەيلەۋاتقان ئاشۇ مىنۇتتا، مەن ئالەمنى تىترەتكۈدەك ھەسرەت بىلەن، خۇدادىن مەدەت تىلەپ ۋارقىرىدىم. ئەمما بۇ ئاۋاز گويا دەھشەتلىك قاينامغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىر ئاجىزەنىڭ كۈچسىز، بوغۇلغان ئۈنىدەك ئۆزۈمگىمۇ ئاران ئاڭلاندى.

— مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟!

ـــ تويى قىلىمىز.

بۇ ئاۋاز ئاق خالات كىيىپ، پىلانـ
دىسكوپ ئېسىپ قۇشقاچ بالىلىرىنىڭ ئۇـ
ۋىسىنى ئالداپ ئاچقۇزغان مۇشۇكنىڭ ئاـ
ۋازىغا بەكمۇ ئوخشاپ كەتتى.

مېڭەم بىردىنلا پەكىر قىلىش ئىقتىـ
دارىنى يوقاتتى. ئەمما كۆرۈۋاتىمەن، ئاڭـ
لاۋاتىمەن، سېزىۋاتىمەن.

كۆرگىنىم: نامەلۇم تەرەپكە ئوقتەك
ئېقىپ چۈشۈپ كەتكەن يۇلتۇز، بەرگىدىن
ۋاقىتسىز ئۈزۈلگەن غۇنچە، ئاياغ ئاستىدا
دەسسىلىپ يانجىلىۋاتقان غازاڭ، كىچىك با-
لىدەك بوينىنى قىسىپ، مۆكۈلۈپ قاراپ
تۇرغان شىرئەلى.

ئاڭلىغىنىم: جۇلالىق پەيلىرى يۇلۇپ
تاشلىنىپ، قىپقىزىل گۆش قىلىپ قويۇپ
بېرىلگەن تۇزنىڭ ھەسرەتلىك نالە-پەريا-
دى، تىلى كېسىۋېتىلگەن بۇلبۇلنىڭ ئۆزىـ
نى چىمەنگە ئۇرۇشلىرى، شىرئەلىنىڭ «پە-
رىدە، بىز مەڭگۈ بىللە ياشايلى!» دېگەن
ساداسى.

سەزگىنىم: يۈرىكىم قەسىرىدىن ئۇـ
مىد بىلەن ئورۇن ئالغان ئارزۇ-ئارمان
كېمىسىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلار زەربىسىـ
دە چۆكۈپ بېرىشى، گۈمۈرۈلۈۋاتقان تاغ،
دەھشەتلىك چىرقىرىغان بوران.

ئاھ خۇدا، جاھاننى توپان بالاسى قاپـ
ساپ كەتكەنمىدۇ؟ بۇ ئاڭلىنىۋاتقىنى ياۋۇز
قوللار پۇتاپ تاشلىغان گۈل-غۇنچىلارنىڭ
ئېڭىرىشىمىدۇ ياكى كۆڭۈل ئازارىدىن باش
كۆتۈرەلمىگەن يېتىمەنىڭ ئانىسىنىڭ قەبـ
رىسى ئالدىدىكى نالە-پەريادىمىدۇ؟

مەن ئاستا كۆزۈمنى ئاچتىم. ئەتراپ
جىمجىت، كۆرگىنىم قاراڭغۇلۇق، ئاڭلىغىنىم
چېكەتكىلەرنىڭ ئەلەملىك چىرىلداشلىرى،
ھارۋىنىڭ ئېغىر ۋە قوپال چاقى يانجىپ
تاشلىۋەتكەندەك گەۋدەمنى ئاران كۆتۈرۈپ
سەنتۈرۈلۈپ قەدەم ئالدىم...

شۇنىڭدىن باشلاپ خۇشاللىق ماڭا يات
بولدى. بەزىدە دوستلىرىمغا، قىزلارغا قارـ
سام كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. ئۇلارغا ھەۋىسىم
كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاھاڭىدىكى ھەر
بىر ئۇرغۇدا قىزىلىق غۇرۇرى جاراڭلاپ تۇـ
رىدۇ. مەنمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا ئاشۇلارغا ئوخـ
شاش ئىپتىخارلىق بىلەن يۈرگەن ئەمەسـ
مىدىم؟ ئەمدى ئۇ چاغلار ئۆتمۈش بولۇپ
كەتتىمۇ؟ ئاھ خۇدا! بۇ سېنىڭ قانداق
تەقدىرىڭ؟

مەن بەزى كېچىلىرى بېشىمنى ئىكـ
كى قولۇمدا چاڭگاللاپ، ياستۇققا يۈزۈمنى
يېقىپ ساراڭلارچە ۋارقىراپ كېتىمەن.

تاجى-تەختى قولدىن كەتكەن پادىـ
شاھ ئۇچۇن تەقدىرگە تەن بەرمەي نېمە
ئىلاج؟ مېنىڭمۇ تۈنۈگۈنكى يۈكسەك ئورـ
نۇم ئۆزگەردى. ئەمدى مەن ئۆزۈمنى تەـ
سەۋۋۇر قىلغۇسىز چوڭقۇر ھاڭ ئىچىدە يۇـ
قىرىغا قاراپ تەلمۈرۈۋاتقان ھالەتتە كۆرىـ
مەن. مەن ئۈچۈن ھەممە ئاياغلاشقان، ھەتـ
تا ئۆلۈمنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەنىدى. شۇنـ
داق تۇرۇقلۇق ئەينى چاغدا ئىككىلەنمەسـ
تىنلا ئۆلۈم يولىغا ماڭماي، نېمە ئۈچۈن
قايتىپ كەلدىم؟

ئىككى يىل بۇرۇن ئەمدىلا 15 ياشقا
كىرگەن سىڭلىمنىڭ ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچـ
راپ تۇيۇقسىز قازا قىلىشى ئاپامنىڭ يۈـ
رىكىنى كاۋاپ قىلىۋەتكەنىدى. بىرەر تالـ
مۇ ئاق ئارىلىمىغان قاپقارا چېچى بىراقلا
ئاقاردى، تەمبەل بەستى ئېگىلىپ مومايى تۇـ
سىگە كىردى. باشقىلار باغچىلارغا، رەستىلەرـ
گە ماڭسا ئۇ زاراتگاھلىقىقا ماڭاتتى. سىڭـ

لىنىڭ ئۈپرەقى بىشىغا قادالغان غۇنچىگە ئۈزۈلدىن-ئۈزۈن تەلمۈرەتتى-دە، ئاندىن قەبرىنى قۇچاقلاپ ئۈزۈنغىچە ئىسەدەپ يىغلايتتى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ دەردىنىڭ ئۈستىگە قىل قونسىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەگەر مەن ئۆلۈم يولىنى ئاللىۋالسام، ئۇ چاغدا بىچارە ئاپامنىڭ ھالى نېمە بولار؟ ئۇنىڭ ماڭا بولغان سۈتتەك پاك، بۈيۈك ئىشەنچىسى ئالدىدا روھىم قانچىلىك ئۈيۈلار؟ شۇڭا مەن ياشاپ قالدىم.

ئوغرى ھەممە بايلىقىمنى قويماي سۈپۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. بۈگۈن مانا تام تۈۋىدە بويۇن قىسىپ ئولتۇرغان قەلەندەرگە ئايلاندىم. ئەمدى مەن ئۈچۈن ياشاش بەدىلى تۆلەشكە، ئوغرى ئالغان خەزىنەم تۈپەيلى مۇھەببىتىم، ئارزۇ-ئارمانلىرىمنى بەدەل بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىق سەدىقىلىرىنىڭ مۇھتاجلىقىدا ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئاقىۋەت-ھە؟

ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن جىمجىت كېچىلەردە تەڭرىگە ئۈنسىز نالە قىلىمەن: «ئاھ خۇدا، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا مېنى بۇنچە يەرگە قاراتقۇدەك نېمە گۇناھ قىلغان؟ ماڭا بېرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا جازايىڭ يوقمىدى؟ ئۆلۈممۇ ماڭا بۇنچىلىك تەس توختىمايتتى! ئامانىتىڭنى كۆلۈپ تۇرۇپ تاپشۇراتتىم!»

زۆھرە، «چۈش تەتۈرگە ماڭىدۇ» دېگەن گەپنى سەنمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ، بۇ گەپ راست ئىكەن، ئۇ، چۈشۈمدە كېسەل بولۇپ ئۆلگەنىدى. مەن ئوڭۇمدا-ئاغرىماي ئۆلدۈم. ئۇنى چۈشۈمدە يۈزىگە ئاق يېپىلغان ھالدا كۆرگەنىدىم. تەقدىر مېنىڭ يۈزۈمنى قارا قىلدى. ئەپسۇسكى، مەن يولۇققان ئىشلار ھەرگىزمۇ چۈش ئەمەس، ئەمدى مەن مۇشۇ قاپقارا يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭغا قانداقمۇ قارايمەن؟ ئەمدى ئۇنىڭ ھەر بىر بېقىشى ھېسابسىز سوراق. ھەر بىر ئېغىز گېپى چىدىغۇسىز ھاقارەت. مەن ھايمان ۋىجدان سوتى مەيدانىدىكى لەنەتلىك جاۋابكار. ئەمدى ئۇنىڭ پاك سىماسىغا خۇنۈك سايەمنى چۈشۈرۈشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. پاكلىقنى بۇلغاش جىنايەت. ئۇنىڭ تېگىدىكى مەرمەر تاشلاردىن تارتىپ ئېنىق كۆرۈشكە بولىدىغان بۇلاقتەك سۈزۈك قەلبىنى چالغۇتۇپ لاي-لاتقا بىلەن تىندۇرۇۋېتىشكە، ئانا سۈتىدەك پاك جىسمىنى نىجاسەت يۇقۇندىلىرى بىلەن بۇلغاشقا نېمە ھەققىم بار ئىدى؟ ئۇنىڭ ساپ مۇھەببەت كۈچى تۈپەيلىدىن قۇياشنىڭ تەپتى كېلىپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرى ئەمدى مېنى ئۆرتەپ تاشلىماسمۇ؟ ئۇ مېنى پاك ۋە ھالاللىقىم ئۈچۈن سۆيگەنىدى، بىراق تەقدىر ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى مەندىن ئېلىپ كەتتى. مەندە ھازىر قالغىنى پەقەت پاك روھتىن ئايرىلغان جەسەت سىياقىدىكى تەنلا. بۇنىڭ نېمىمۇ قىممىتى بولسۇن؟

ئاھ، جاھاندىكى ئەڭ ئېغىر ئازاب — روھىي ئازاب ئىكەن. بۇ ئازاب ئاخىر مېنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرىدىغان ئوخشايدۇ، لېكىن پەقەت شۇندىلا مېنىڭ جىسمىم ئاۋۋالقى ئارامىنى تاپىدۇ. مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار زۆھرە، بۇ جاھانغا مەندەك بىر ئىنسانىنىڭ تۆرىلىپ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار.

«پەرىدە.»


## 3

«زۆھرە!

بۇ مېنىڭ ئۇيقۇمۇ - چۈشۈم-
مۇ؟ خېتىڭىزگە قوشۇپ ئەۋەتكەن پەردە-
نىڭ خېتىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، قا-
ۋاقخانىغا چىقىپ بولۇشچە ئىچتىم. شۇ كۈ-
نى كەچتە ئۆيگىمۇ قايتىپ كېلەلمەي كو-
چىدىلا يېتىپ قاپتىمەن. سىز بىلىسىزغۇ
زۆھرە، مەن تاماكا چەكمەيتتىم، ھاراق ئىچ-
مەيتتىم، ھازىر قولىدىن تاماكا چۈشمەي-
دىغان بەڭگىگە، يېنىدىن ھاراق بوتۇلكى-
سىنى ئايرىمايدىغان پىيانچۇككا ئايلاندىم.
چۈنكى بۇ ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئار-
تۇق خورلۇق - تە! يىگىتلىك ئۆمرۈمدە تۇنجى
قېتىم كۆزۈمدىن ياش چىقتى. ياق، ياش
دېگەن يۈرەكنىڭ زېدە بولغان يېرىدىن تا-
مىدىغان قان. مەن قان يىغلىدىم.

زۆھرە، مەن پەردەنى سېغىنغاندا گۈل-
نى پۇرايتتىم. ئەمدى گۈل - غۇنچىلار ماڭا
ھىدسىز تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى
ئەسلىگەندە، كۆككە باقاتتىم. چۈنكى ئۇ مې-
نىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىمدىكى ئاي، قەلبىمدى-
كى قۇياش ئىدى. ئەمدى مەن ئۈچۈن ئاي
تۇتۇلۇپ، كۈن كۆيدى، قېنى ئەمدى، ئاي-
دىكى تەڭداشسىز گۈزەل رۇخسار؟ قېنى،
قۇياش چاچىدىغان زەر نۇر؟ مەن سۇبھى-
ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان گۈزەل ئۇ-
يۇقنى كۆزلەپ يۈرەككە پاتمىغان شادلىق
ناخشىسىنى ئاۋازىمنىڭ بارىچە توۋلاپ، كۈ-
لۈپ كېتىۋاتقان بەخت ئىگىسى ئىدىم. تۇ-
يۇقسىزلا ئۆزۈمنى سىياھدەك قارا كېچىدە
قاراڭغۇ جاڭگال ئىچىدە كۆردۈم. قاراڭغۇ-
لۇقتا زەررىچە يورۇقلۇقمۇ چولپان يۇلتۇزى-
دەك چاقناپ كۆزگە تاشلىنىدىكەن. شۇنىڭ
ئۈچۈنمىكىن ماڭا ھايات لەززىتى بېغىشلى-
غان ئاشۇ مۇھەببەت — پەردە بىلەن ئىككى-
مىزنىڭ مۇھەببىتى كۆڭلۈم ئېكرانىدا تې-
خىمۇ روشەن كۆرۈنمەكتە. مەن پەردەنى
ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى تەبىئەت ئەڭ نا-
زۇك ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىپ، ئۆز قو-
لى بىلەن يېزىپ چىققان بىر پارچە لىي-
رىك شېئىر دەپ بىلەتتىم. مەن بۇ شېئىر-
نى ئوقۇپ قانمايتتىم، ئوقۇغانسېرى ھايا-
جانلىناتتىم. بۇ، شېئىر مەندە ئۆزىدىنمۇ
پاساھەتلىك ھېسسىيات، ئۆزىدىنمۇ گۈزەل
پىكىر، تېخىمۇ يېڭى ۋە چوڭقۇر ئىلھام
ئويغىتاتتى. بۇ شېئىر مېنىڭ مەنىۋى ھا-
ياتىمدا كەم بولسا بولمايدىغان ئوزۇقۇم ئې-
دى. مەن پەردە بىلەن تونۇشقان كۈندىن
باشلاپ ئۆزۈمنى دۇنيادا چەكسىز بەختلىك
ھېس قىلغانىدىم. راست، مەن ئۇنى مې-
نىڭ بېشىمغا قونغان بەخت قۇشى دەيتتىم.
مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەممىنى — ئارزۇ - ئارمان،
بەخت - سائادەت، چىن مۇھەببەت، شادلىق...
قاتارلىق جاھاندىكى گۈزەل نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىنى تاپتىم، دەپ ئويلايتتىم. كىم
گۈزەللىككە ئىنتىلمەيدۇ؟ گۈزەللىك كىمنى
مەپتۇن قىلمايدۇ؟ پەردەمۇ مېنى ئەسىر
قىلىۋالغانىدى. مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ سو-
قۇشى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قەلبىمدىكى تەكرار
چاقىرىلىشى ئىدى. كېيىنكى ئۆمرىمىز توغ-
رىسىدىكى خىيالىي جەننەت ھوزۇرى مې-
نى بەختتىن مەست قىلغانىدى. شۇڭا مەن
شىركەيپ بولغان چەۋەندازدەك شادلىقتىن
تېرەمگە پاتماي يۈرەتتىم. تەقدىر گويا مې-
نىڭ بۇ خۇشاللىقىمغا ھەسەت قىلغاندەك،
بەخت شارابى ئىچۈرگەن قەدەھكە لىقمۇ-
لىق ئەلەم شارابىنىمۇ قۇيۇپ قويغىنىنى

نەدىن بىلەي؟ ئاغزىم ئېچىشتى، يۈرىكىم ئوتقا ياققان كاۋاپتەك ۋىژىلداپ كەتتى.



زۆھرە، سىزدىن نېمىسىنى يوشۇراي، بەزىدە توپتوغرا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماستىن ئۇنى بوغۇپ قويغۇم كېلىدۇ. شۇنداق قىلسام ئۇنىڭ قىلچە قارشىلىق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بەزىدە ئۇنى ئالدىمغا چاقىرتىۋېلىپ، يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ كاچاتلىغۇم، يۈرىكىمنى پۇچۇلاۋاتقان ئەلەملىرىمنى بىراقلا چىقىرىپ، بۇ دەردتىن قۇتۇلغۇم كېلىدۇ.

تۈنۈگۈن كەچ ئىچ پۇشۇقۇمغا پايلىماي يەنە كوچىغا چىقتىم. يازنىڭ سالقىن شاماللىق كېچىلىرى گويا جەننەتنىڭ بۆشۈكىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئىنسانىنى ئۆزىنىڭ جانغا راھەت سەلكىنى، خۇش بۇي ھىدى، ئىللىقلىقى بىلەن ئەللەيلەپ، تەنگە راھەت، كۆڭۈلگە ئارام بېغىشلايدۇ. مەن ئاستا قەدەم ئېلىپ كېتىۋېتىپ پەردە بىلەن مېنىڭ تۇنجى قېتىم سەيلىگە چىققان باھار ئاخشىمىنى ئەسلىدىم. ئۇ چاغدا دەرەخلەر ئەمدىلا يوپيۇرماق چىقارغانىدى. بىز يول ياقىسىدا، قاتار كەتكەن تېرەك بويىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتۇق. كىشىلەر ئايىغى سېلىككەن، قاراڭغۇلۇق پەردىسى ئەتراپىمىزنى ئوراپ، بىزنى دالدىغا ئالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن پەردەنى ئۆزۈمگە — تۇنجى قېتىم ئۆزۈمگە تارتتىم. مەن ھاياجاندىن تىترەپ كەتتىم. ئۇ بولسا كەينىگە ئىتتىك شوخشۇپ دەرەخكە يۆلەنگەن پېتى ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى بايقاپ قالدىم، بىلمىدىم، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى يىغىسى ھاياجاندىنمىدۇ، ئۇيالغىنىدىنمىدۇ ياكى نېمىگىدۇ قىيمىغانلىقىدىنمىدۇ؟ شۇ كۈنى مەن ئۇنى ئۆزىتىپ ماڭغاندىمۇ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇنىڭغا خوش ئېيتىپ ئارقىسىدىن

تەلمۈرۈپ قاراپ قالغىنىمدىمۇ، ئۇ زادىلا
ماڭا قارىمىدى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىنكى
بىر نەچچە قېتىملىق تەكلىپىمنى يەردە قو-
يۇپ ئۇچرىششقا چىقماي قويدى. مەن شۇ
چاغدا ئۇنىڭ بۇ ئارتۇقچە قىلىقى ئۈچۈن
رەنجىمىگەن، ئەكسىچە بۇ «ئارتۇقچە قىلىق»
مۇھەببەت گۈلخىنىمغا ياغ چېچىۋەتكەن،
مېنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ قا-
رىماي سەكرىيەلەيدىغان باتۇرغا ئايلاندۇر-
غانىدى. مەن ئۇنى سۆيەتتىم. ئۇنى بەخت
مەنزىلىنى كۆرسەتكۈچى پەرىشتە دەپ
تونۇپ، كەلگۈسۈمنى ئۇ كۆرسەتكەن تە-
رەپتىن ئىزدىگەنىدىم. بىراق ئۇنىڭ مې-
نى باشلاپ كەلگىنى مەن تەسەۋۋۇر قىل-
غاندەك گۈزەل، مەن ئىشەنگەندەك پاكلىق
نۇرى چاقناپ تۇرغان زېمىن بولماستىن،
بەلكى چىقىش يولىنى تاپقىلى بولمايدىغان،
تۆت تەرىپىدىن بوران ھۇۋلاپ تۇرغان قاپ-
قاراڭغۇ قۇملۇق بولدى. مەن نېمىشقا نەگە
كېلىپ قالدىم؟ پەردە ئەسلىدە مېنىڭ ھا-
يات يولۇمدا پەيدا بولغان ئىبلىس شەيتان
ئىكەن. قاراڭا زۆھرە، ئۇنىڭ مېنى باشلى-
غىنى نەقەدەر قورقۇنچلۇق، نەقەدەر دەھ-
شەتلىك مەنزىل - ھە؟ بۇ ئۇنىڭ جىنا-
يىتى ئەمەسمۇ؟

پەردە جىنايەتچى! پاكلىقنى يو-
قىتىش ھېسابىغا يۈرىكىمنى لەختە - لەختە
قان قىلغان جىنايەتچى! يىگىتلىك غۇرۇ-
رۇمنى ئاياغ - ئاستى قىلىپ ئۆمرۈمدە تۇن-
جى قېتىم يىغلاتقان جىنايەتچى! مانا
ھازىر ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەندى، يو-
پۇرماقلار ئۆز بەرگىدە ياشناپ تۇرۇۋا-
تىدۇ. بىراق پەردەنىڭ ئۆمرىگە مەزگىل-
سىز كەلگەن كۈز ئۇنىڭ ياشلىق يوپۇر-
ماقلىرىنى غازاڭ قىلىپ تۆكۈۋەتتى. مەن
كۈزنى بەكمۇ يامان كۆرىمەن. چۈنكى
ئۇ تەبىئەت نېمەتلىرىنى سارغايتىپ قۇرۇت-
قۇچى پەسىل. مەن پەردەدىن نەپرەتلى-
نىمەن. كىم بىلىدۇ، بىر ئىختىيار ئۇنى
شۇنداق ۋەسۋەسىگە سالغاندۇ. شۇ كۈندى-
كى تاسادىپىيلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت
بولغاندۇ، بۇ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەممە
ئادەمگە سىرغۇ؟ بەلكى ئۇ بىھۇدە كەتكەن
ئىككى يىللىق ھاياتىنىڭ جاۋابكارلىقى
تۈپەيلى، ئاغزىدا ھەسرەت ناخشىسىنى
ئېيتقىنى بىلەن، كۆزلىرى يوشۇرۇن مۇ-
ھەببەتتىن مەستمۇ؟

مانا بۇ، مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېچىش-
تۇرۇۋاتقان ئاچچىق سىر، ئاھ، ئۇ مېنى
تەگسىز خورلۇق دېڭىزىغا ئىتتىرىۋەتتى!
مەن پەردەدىن نەپرەتلىنىمەن زۆھرە،
ئۇنىڭ دەپسەندە بولغان جىسمىدىن يىر-
گىنىمەن، ئىپپەت - نومۇسىنى يوقاتقان
قىزنىڭ يەنە نېمىمۇ قىممىتى بولسۇن؟!

زۆھرە، ھازىر يېگىنىم ئاش، ئىچكىنىم
چاي ئەمەس، كۆزۈمگە ئۇيقۇ ئىلىنمىغىلى نەچ-
چە كۈنلەر بولدى. پەقەت ھاراقنى ھەددى-
دىن زىيادە كۆپ ئىچىپ مەس بولۇپ يېتىپ
قالغىنىمدىلا بىرەر - يېرىم دەم غەمسىز
ھالدا ئۇخلىۋالىمەن. مەن جىق ئويلاندىم،
ئۇزاق ئويلاندىم — ساق ئولتۇرۇپ شەپكەم-
نى ئالدىمغا ئېلىپ قويۇپ ئويلاندىم، تازا
ئىچىپ مەس بولۇپ ئويلاندىم، ناخشا ئېيت-
تىپ ئولتۇرۇپ ئويلاندىم، يىغلاپ يېتىپ
ئويلاندىم، ئويلا، ئويلا مېنى
ئازابلاپ مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرگەن، كۆڭ-
لۈم خانىسىدا ئاشۇنچىۋالا غەۋغالارنىڭ
دولقۇن بولۇپ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب
بولغان نەرسىنى تاپتىم. بۇ مۇھەببەت
ئىكەن، زۆھرە، يەنىلا مۇھەببەت ئىكەن!

باشتا يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۆزۈمنى يوقىتىپ، ئەقلىم خىرەلەشكەن چاغدا قىلغان ئەسەبىي خىياللىرىم. ھازىر ئويلىسام، مەن بەكمۇ تاش يۈرەك، بەكمۇ ئادالەتسىز ئىكەنمەن. تەقدىر ئۇنىڭغا ئادالەتسىزلىك قىلدى. مەنچۇ، مەن تەغدىرنىمۇ ئېشىپ چۈشۈپتىمەن. بىردەمدىلا ھەممىنى ــ ئۇنىڭ پاكلىقى ۋە ماڭا كۆرسەتكەن بارلىق ئالىيجانابلىقلىرىنى ئۇنۇتۇپ، ئۇنىڭ نامىنى ھاقارەت بىلەن كۆمۈۋېتىپتىمەن، ئىنسان دېگەن زادى شۇنداق بولامدىغاندۇ؟

زۆھرە، لىللا گەپنى قىلسام، ئەگەر مېنىڭ قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنچە ئازابلىنىپ نېمە قىلاتتىم؟ قىيالماسلىقتىن زارلىنىۋاتىمەن، ئاغرىنىۋاتىمەن. ئاشۇ قىيالماسلىق مېنى نېمە خىياللارغا سالمىدى؟ نېمىلەرنى دېگۈزمىدى ـ ھە؟! ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ، قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتكەن ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىش مەن ئۈچۈن شۇنچە ئاسانمۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ ئۆگەنگەن تىلىم قانداقمۇ بىردىنلا يادلىماي تۇرالىسۇن؟ ئۇنى كۆرۈپ ئادەتلەنگەن كۆزلىرىم قانداقمۇ باشقىلارغا قارىيالىسۇن؟

زۆھرە، سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي؟ ئۇمۇ مېنى سۆيگەن، سۆيىدىغانلىقىنى ئەمەلدە ئىپادىلىگەن ئىدى! راست زۆھرە، ئۇنتۇپ قالمىدىم، قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، ئاشۇ يىلى يېڭى يىل كېچىسىدىكى ئولتۇرۇش ھېلىمۇ ئېسىمدە، پەردە بىلەن ئىككىمىز بىرنەچچە قېتىم تانسا ئوينىدۇق. خېلىدىن بېرى بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ رومكا بوشىتىش بىلەن ئولتۇرغان مەجىت، دوستى بىلەن ئولتۇرغان پەردەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن سالام قىلدى، ئاندىن سىغدىلىپ ئولتۇرۇپ بېشىنى پەردە تەرەپكە ئېگىپ، نېمىلەر توغرىلىقتۇر قىزغىن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئالقىنىنى مەيدىسىگە قويۇپ، كۆزىنى خۇمالاشتۇرۇپ تولغىنىشلىرىدىن پەردەگە «قەلبىنى چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقى» ئېنىق ئىدى. ئۇ بىردەم پەردەگە تەلمۈرۈپ ھەجىياتتى، بىردەم جىددىيلىشىپ تۈرۈلەتتى، پەردەنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلاپ، بىر قېشى سەل كۆتۈرۈلدى، چىرايى بولسا پەرۋاسىزلىق، مەنسىتمەسلىك، بىزار بولۇش ئالامەتلىرى بىلەن سالقىنلاشقانىدى.

تانسا مۇزىكىسى يەنە باشلاندى. مەجىت دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە، پەردەنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ پۈكلىنىپ سالام قىلدى، شۇ ھامان پەردەنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى. بىلدىم، ئۇ مېنى ئەيىبلىدى: «سەنمۇ ئوغۇل بالىمۇ، ئورنىڭدىن غاچچىدە تۇرساڭ بولمامدۇ، مېنى بۇنىڭ قولىغا قويغىنىڭ نېمىسى؟» دېگەننى بىلدۈردى. پەردە ھەدەپ مەجىتتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. بېشىنى چەتكە بۇراپ خۇشياقماسلىق بىلەن روھسىز ھالدا قالايمىقان دەسسەيتتى. مەن بىلىمەن، پەردە تانسىغا بەكمۇ ئۇستا. ۋالىسقا ئايلانسا گويا غىلتاڭ مۇزدا پىرقىراۋاتقان نۇردەك سىلىق ۋە تەكشى پىرقىرايدۇ. بىراق ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئويۇنىشى گويا ئېتىزلىقتا ياغاچ ھارۋىنىڭ مېڭىشىدەك قوپال ئىدى، ئۇ بىردەم ـ بىردەم ئۇنئالغۇغا قاراپ قوياتتى. مەجىت بولسا ھەدەپ ئۇنى يېقىنـ

راق تارتىشقا تىرىشاتتى. مۇزىكا ئاخىر-
لىشىپ بولغۇچە ئۇ مىجىتنىڭ توختىشىنى
كۈتمەيلا قولىنى ئاجرىتىپ، يېنىمغا كېلىپ
ئولتۇرۇۋالدى، مىجىتمۇ ئىز بېسىپلا كې-
لىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

— قالتىس يېنىك ئوينايدىكەنسىز،—
دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن پەردەنىڭ
كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

پەردە مىجىتنىڭ گېپىگە قىلچە
پەرۋا قىلمىغان هالدا بېشىنى مەن تەرەپ-
كە بۇرىۋالدى. مىجىت ئورنىدىن سەك-
رىتۇرۇلۇپ تۇرۇپ زالغا ئەچىقىپ قويۇلغان
ئۈستەلدىكى قەندەلنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— كەمپۈت يە،— دېدى ئۇ ئاۋۋال
ماڭا سۇنۇپ، مەن بىر تال ئالدىم.

— قېنى، ئېلىڭ،— مىجىت بىر
جۈپ كەمپۈت تاللاپ پەردەگە تولىمۇ
سىپايىگەرلىك بىلەن تۇتتى.

—رەهمەت سىزگە، مېنىڭ خۇشۇم
يوق، جۈپىڭىز بىلەن يەڭ،— دېدى پە-
ردە ئاچچىق كۈلۈپ. مىجىت نېمە قى-
لارىنى بىلمەي، دەلدەڭشىگەن هالدا كۆ-
زىنى سەل قىسىپ پەردەگە قاراپ تۇ-
رۇپ قالدى. پەردە بولسا، هېچ نەرسە
بولمىغاندەك بىپەرۋا ئولتۇراتتى.

— نېمانچە قىلاتتىڭ،— دېدىم مەن
ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىپ قايتقاندىن كېيىن،
پەردەنى جىملەپ.

— ئۇ مەن ئارقىلىق سىزنى مەسخى-
رە قىلماقچى، بىلەمسىز! ئۇنىڭ بۇنداق
قىلىشىغا يول قويالمايمەن.

پەردە ئەنە شۇنداق كىچىككىنە
ئىشلاردىمۇ ماڭا كۆيۈنگەن، مېنى ئويلى-
غاندى. ئۇ مەن ئۈچۈن هەممىنى قى-
لالايتتى. مىجىتنىڭ ئاتا - ئانىسى يۈزلۈك

باي ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن
ئەلچى ماڭغۇزۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى پەردە-
نىڭ ئاتا - ئانىسىنى ماقۇلغا كەلتۈردى.
نەچچە مىڭ سوملاپ پۇل خەجلەپ چاي
ئىچكۈزۈشمەكچى، پەردەنى تويلۇق ئۈ-
چۈن قات - قات كىيىملەر، جۈپ - جۈپ
ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن بېزىمەك-
چى بولۇشتى. مەن پەردەگە ئۇنداق نەر-
سىلەرنى ئېلىپ بېرەلمەيتتىم. چۈنكى مې-
نىڭ مۇئاشىم قورسىقىم بىلەن كىتابتىن
ئاشمايتتى. پەردە بۇنى بىلەتتى، شۇڭا
مەن ئىختىيارنى ئۆزىگە قويدۇم.

— شۇنداق قىلىپ ئۆزۈم ئەهۋالغا
قاراپ تاللىۋالىدىكەنمەن - دە،— دېدى
پەردە گېپىم تۈگىشىگىلا كۆزۈمگە
تىكىلىپ قاراپ.

— بۇ دېگەن ئۆمۈر سودىسى، قۇرۇق
هېسسىياتقا بېرىلىپ، باشقا تەرەپلەرنى
ئويلاشمىغان بىلەن بولمايدۇ، مېنىڭ قو-
لۇم خېلىلا قىسقا...

پەردە ماڭا بىردەم ئۈندىمەستىن
قاراپ تۇردى - دە، ئاندىن ئۆكسۈپ يىغ-
لاپ كەتتى:

— مېنى ياراتمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟
ئۇنداق دېگۈچە گەپىنى ئوچۇقلا دەڭە،
مەن سىزنى بۇنداق تۇترۇقسىز دەپ ئوي-
لىماپتىكەنمەن...

زۆهرە، مەن ئاشۇ پەردەنىڭ ماڭا
ۋىجدانسىزلىق قىلىشىغا قانداقمۇ ئىشىنەي؟
ئۇنىڭغا كۆز تەگدى، تەقدىرنىڭ كۆزى
تەگدى. تەقدىر ماڭا ئىنسانلار بېغىدىن
بىر چىرايلىق غۇنچىنى سوۋغا قىلغان
ئىدى. مەن ئۇنى چېكەمگە قىساي دېگۈ-
چە، هەسەت ئىلاهى چىدىيالماي قانلىق
قولى بىلەن بۇ غۇنچىنى نابۇت قىلىپ،

ئۆز قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ماڭا ۋىجدانسىزلىق قىلمايدىغانلىقىغا كۆڭلۈم گۇۋاھ بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ جاھاندا كىشىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلار ئاز بولغانمىدى؟ شۇڭا مەن بۇ ئىشنى قانداقمۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى دەپ ئېيتالايمەن. ئاھ، بىچارە پەرىدە! مېنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ!

ئاڭلىسام، مىجىت يەنە «پەرىدەنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋېتىپ ئاندىن نېمە كۆرسەم كۆرىمەن» دەپ يۈرگۈدەك. ماڭا بۇنى مىجىتنىڭ ئەلچىلىككە قويغان ئادىمى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەردى.

مىجىت شۇ ئىپلاس ۋاستە ئارقىلىق، پەرىدەنىڭ بۇرنىدىن تۆگىنى يېتىلىگەندەك يېتىلىيەلەيمەن، ئارقامدىن يۈگۈرۈيدىغان قىلىمەن، دەپ ئويلىسا كېرەك.

پەرىدە پەقەت جىسمانىي ئاجىزلىقى تۈپەيلىلا ئۇنىڭدىن يېڭىلدى. بىراق ھەقىقىي ئاجىز كەلگىنى مىجىت. ئۇ نامەردلىك قىلدى. بۇ بىر يىگىتكە نىسبەتەن نەقەدەر چوڭ ئاجىزلىق-ھە؟! بىراق قاراكۆچ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى، ئىرادىسىنى بويسۇندۇرۇشقا قاچانمۇ قادىر بولغان؟ پەرىدەنىڭ جىسمى بۇلغاندى، ئەمما روھى ئاۋۋالقىدەكلا پاك، جاھاندا پاك روھتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان يەنە نېمە بار؟

مېنىڭ دەيدىغانلىرىم بەلكى مۇشۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي تۈگىگەن بولاتتى. بىراق پېشانەمگە ئۇنداق يېزىلمىغان بولسا كېرەك. تەقدىر خۇددى ئوبدانراق ئويلىشىپ بېقىشىمنى تىلىگەندەك، مېنى تۈنۈگۈن مۇنداق بىر ئىشقا داخىل قىلىپ قويدى. ئاپتوبۇس بېكىتىدە تۇراتتىم، ئۇدۇلدىكى ماگىزىندىن تۇيۇقسىز قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى، يۈگۈرۈپ باردىم. بىر ئايالنىڭ پەريادى ماگىزىننى بىر ئالغانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ تۈشمۇ-تۈشتىن ئەھۋال سوراۋاتاتتى. ئايال شۇ دەرىجىدە جىددىيلەشكەن ئىدىكى، بىردەم ئۆزىنى ھەرتەرەپكە ئېتىپ يۈگۈرەتتى، تۇرۇپ ئىزىدا پىرقىرايتتى، ئۆزىنى كاچاتلاپ چاچلىرىنى يۇلاتتى، مەيدىسىگە مۇشتلايتتى، جان تالىشىۋاتقان جانداردەك تىپىرچىلايتتى. ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. ھەممىلا ئادەم ئۇنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرگۈچىگە لەنەت ئوقۇدى. سورۇنىنىڭ رايىدىن قارىغاندا، ئەگەر بۇ ھالنىڭ سەۋەبكارى قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، چالما كېسەك قىلىۋېتىدىغاندەك ئىدى. سەۋەبىنى بىلگۈچىمىز كېلىۋاتىدىغاندۇ زۆھرە، ھېلىقى ياش ئايال بىر ماگىزىننىڭ كاسسىرى ئىكەن، ئۇ بىر كۈنلۈك سودىدىن چۈشكەن 10 مىڭ يۈەن پۇلنى بانكىغا ئەكىتىۋېتىپ، لازىمەتلىك ئۈچۈن بۇ ماگىزىنغا كىرىپتۇ. غەپلەت باسقاندەك بىر قاپ سەرەڭگە ئالغۇچە بولغان ئارىلىقتا 10 مىڭ يۈەن پۇل سېلىنغان سومكىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۆزىگە تاغدەك ئىشەنچ قىلغان بۇ ئايال بۇنداق چوڭ پېشكەللىككە ئۇچرىشىنى ئويلىمىغان بولغىيدى، بولمىسا شۇنچە پۇل بىلەن ماگىزىنغا كىرەتتىمۇ؟ «تەقدىر دېگەن مانا شۇنداق ئوخشايدۇ»، دەپ ئويلىدىم مەن ئۆز گۆشىنى يېگۈدەك ھالەتكە كېلىپ، نالە قىلىۋاتقان ئايالغا قاراپ ئېچىنغان ھالدا. شۇ تاپتا ھېلىقى ئايال تۇيۇقسىز چاچراپ

ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر دەقىقىچە مەڭدەپ
تۇرۇپ قالـدى ـ دە، ئانـدىن يەنە ئىزىـدا
لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىـنى
ئاستا يۇمـدى، تارام ـ تارام ياش پەسـكە
سىرغىدى. چىرايىدا قان دىدارى قالـماي
ئاقىرىپ كەتتى. مەن ئىچ ئاغرىقىدا چىداپ
تۇرالماي ماگىزىنىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتىم.
يوشۇرمايلا ئېيتاي زۆھـرە، شـۇ مىنۇتتىن
باشلاپ كۆز ئالدىمغا پەردە كېلىۋالـدى.
ئۇنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىغان مىنۇتلىرىـنى
قىياسەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. چۈنكى
پەردەمۇ ئاشۇ ئايالغا ئوخشاشلا يوقىتىشـقا
ئۇچرىغان. يوقىتىشنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش
ئازابلىق بولىدۇغۇ!؟ پەردەنىڭ ئۆزىنى شېغىل
ئۈستىگە تاشلاپ، ياقا يىرتىپ قىلىۋاتقان
پەريادى قۇلاق تۈۋىمدىن، ھەسرەت ئەۋجىدە
ئۆزىنى يوقاتقان سەكپارە ھالىتى كۆز ئالدىمدىن
زادىلا كەتمەيدۇ. ئەنە، يۈرىكىـنى مۇجە ـ
غىنىچە ئىككى پۈكلىنىـپ ئولتۇرۇپ قال ـ
غان كاسـسىر ئايال، ھـوشىـنى يوقىتىـپ
يىقىلىپ قالغان پەردە، كىچىك بالـىدەك

ئۈن سېلىپ ھۆكۈرەپ يىغلاۋاتقان كاسسىر،
قولىنى مەھكەم چىشلىگەن ھالـدا بۇقۇل ـ
داپ ئىسەدەۋاتقان پەردە.
سىز ئېيتىپ بېقىڭا زۆھـرە، ھېلىقـى
ئايال شۇنداق بولۇشىنى خالايتتىمۇ؟ بىراق
ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھالدا ئىش شۇنداق
بولـدى، بۇ ئۇنـى يەتكـۈچە ئازابـلايـدۇ.
ئەگـەر بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىـلا ئۇ ئەيىـب ـ
لەنسە ئۇنىڭغا ئۇۋال بولۇپ كـەتمەسمۇ؟
ئۇ چاغدا ئادىللىق دېگەن نەدە قالـدۇ؟
ئەمدى گەپنى پـەردەگە يـۆتكىسەم، بۇ
ئىككى ئىش ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق يوق ـ
مىدۇ؟ پەردە نېمە ئۈچۈن كېيىنمۇ مـى ـ
جىتىنى رەت قىلدى؟ ئۇنى خۇددى ھېلى ـ
قى ئايالغا ئوخشاش ھايات مۇساپىسىدىكى
بىر پېشكەللىككە ئۇچرىغۇچى دېگىلى بول ـ
ماسمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، مەن ئۇنـى قان ـ
داقمۇ قارىلاي؟
ئاھ، سەۋدا بىـلەن تولـغان بېشىم!
خۇش قېلىڭ زۆھرە.
شىر ئەلى».

4

زۆھـرە!
خېتىڭىزنى ۋە خېتىڭىزگە قـوشـۇپ ئە ـ
ۋەتكەن شىر ئەلىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ نەچ ـ
چە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىـپ كـەتتىم.
يېشىم تېخىچە قۇرۇغىنـى يـوق. بۇ جا ـ
ھاندا مەندەك بولغانغان قىزغا يەنە ھېس ـ
داشلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ چىقىدىغانلىقى ـ
نى ئويلىمىغانـىكـەنمەن. سەن خېتىڭدە:
«سېنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىڭنـى ئەل
بىلىدۇ» دەپ يېزىپسەن. ياق زۆھرە، مېنىڭ
ئۆتمۈشۈمگە، ئاشۇ كرىستالدەك پاك قەلبىمـ ـ
گە مەنسۇپ ئىشلار ئەمدى كېچىدە ناھايـ ـ
تى ئېنىق كۆرگەن، بىراق ئويـغانـغاندىن
كېيىنلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان چۈشكە ئاي ـ
لاندى، ئۇ خىرە ـ شىرە ئەسكە كېلىدۇ.
زۆھرە، شىر ئەلىنىڭ خېتـىنى ئەۋەت ـ
مىسەڭ بوپتىكەن. ۋىژىلداپ ئېچـىشـىپ
كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمگە تۇز سېپىپ نېمىمۇ
قىلاتتىڭ؟ ماڭا ئۇنى ئەسلىتىش يەنە نې ـ
مىگە لازىم ئىدى، زۆھرە؟ مەن ئۇنى ئۇ ـ
قۇمىسام بوپتىكەن، ئۇنىڭ مېنـى كەچۈر ـ
مەسلىكى، مېنى باشتىن ـ ئاخىـر ھاقارەت ـ
لىـشى لازىم ئىـدى، ئۇ بىر پارچـە خەت
بىلەن ئەمەس، ئـۆمـۈر بويى ماڭا لەنەت
ئوقۇش بىلەن ئۆتسـىمۇ مەن رازى، چۈن ـ
كى ئەمدى مەن پەقەت شۇنىڭـغىلا لايىق،
مەن شىر ئەلـىدىن شۇنى كۈتكـەنـىدىم.
ئەمما ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئەلەمـنى

ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، ماڭا يەنە ئالىيجانابلىق كۆرسىتىشىنى پەقەتلا ئويلىماپتىمەن. جاھاندا مۇشۇنداق ئادەمدىن يەنە قانچىسى باردۇر؟

ئاھ زۆھرە، مەن شىرئەلىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىمەن- ھە؟! ئۇ مەن تەسەۋۋۇر قىلغان بەخت، خۇشاللىق ۋە گۈزەللىكنىڭ دەل ئۆزى. زۆھرە، مەن ئۇنى شۇ دەرىجىدە ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالمايمەن، بۇنىڭغا خاھىشىم يول قويمايدۇ، ھەرگىزمۇ! ئەگەر مەن شىرئەلىنىڭ مېنى كەچۈرگىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى تاللىۋالغان بولسام، بۇ تولىمۇ نەپسانىيەتچىلىك بولاتتى. بۇ قوشۇلۇش، شۈبھىسىزكى، مېنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. بىراق شىرئەلىچۇ؟ ئۇ گەرچە بۇنىڭدىن بۇرۇن مېنى ياخشى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ياق زۆھرە، ياق، مۇمكىن ئەمەس! ھازىر شىرئەلىنى مۇھەببەت يەڭدى، بىراق مەن يولۇققان بۇ بەختسىزلىك ئەتە جەزمەن ئۇنىڭ گېلىغا خۇددى بىر پارچە سۆڭەكتەك تۇرۇپ قالىدۇ، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى يۇتۇۋېتەلمەيدۇ، بۇ جەزمەن ئۇنىڭ غۇرۇرىنى ئازابلايدۇ. دېمەك ئەتە يېڭىدىغىنى مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى غۇرۇر. شىرئەلىنىڭ بۇنداق ھېسسىيات ئازابى ئىچىدە ياشىشى بەختسىزلىك ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ بەختكە ئېرىشىشىم ھېسابىغا شىرئەلىگە نېسىپ بولۇدىغىنى ئەنە شۇ.

زۆھرە، خۇشاللىق ۋە دىل ئاراملىقى دېگەن نېمە؟ سەن بۇنى قانداق چۈشىنىسەن؟ مېنىڭچە، بىر-بىرىنىڭ قەلبىنى ئازابتىن خالاس قىلىش، بىر-بىرى ئۈچۈن بەختلىك ياشاش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش، قىسقىسى، بىر-بىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشاش — مانا بۇ ھەقىقىي سۆيگۈ ئىگىلىرىنىڭ خۇشاللىقى ۋە دىل ئاراملىقى. ئەگەر خۇشاللىق ۋە دىل ئاراملىقىغا بىر ئۆيگە جەم بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدۇ دېيىلسە، بۇ تولىمۇ تار ئويلىغانلىق بولىدۇ. بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا بىر ئۆيدە ياشىشى ناتايىن.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئەخلاقىي-پەزىلىتى بىلەنلا قەدىرلىك. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلسىچۇ؟ مەسىلەن، مەجنۇنتەك ئوخشاشلار. قارىماققا مەجنۇن غالىب، ئۇئۆز ئىپلاسلىقى بىلەن يەڭگۈچى، ئەمما ئۇ شۇ ھايۋانىي قىلمىشى بىلەن مەڭگۈ نەپرەت ۋە لەنەت ئوچىقىدا كۆيىدۇ.

زۆھرە، كىشىلەر باشتىن ئۆتكەن ئىشلارنى «ئۆتۈپ كەتتى، تارىخ بولۇپ قالدى» دېيىشىدۇ. لېكىن شىرئەلى بىلەن ئۆتكەن بەختلىك چاغلار مەن ئۈچۈن تارىخ ئەمەس، مەن مەڭگۈ شۇ كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسى بىلەن ياشايمەن! ئۇنىڭ كۈلكىسى مەن ئۈچۈن خۇشاللىق، ئۇنىڭ بەختى مېنىڭ دىل ئارامىم، مەن ئۇنى مەڭگۈ سۆيىمەن، ئەبەدىي سۆيىمەن، شۇ سۆيۈش تۈپەيلى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالمايمەن! ئۇ، مېنىڭ ئارمىنىم، مەۋجۇت ئىلاھىم! ئۇ، مېنىڭ قەلبىمدە، تەسەۋۋۇرۇمدا مەن بىلەن مەڭگۈ بىللە!...

پەردە».

بىلقىز سادىق

# خاسىيەتلىك سەپەر

(ھېكايە)



بىلقىز سادىق 1944-يىلى قەشقەر شەھىرىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1962-يىلى شىنجاڭ كان مېتاللورگىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، دەسلەپ شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدە تەرجىمان، كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپ، تېخنىكوملاردا ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئۇ، 1984-يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇنىڭدىن بۇيان «ئوقۇتقۇچى»، «ئاچچىق ساۋاق» قاتارلىق ئون پارچە ھېكايىسى ۋە 50 پارچىغا يېقىن تەرجىمە ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. يېقىندا ئۇ «مۇھەببەت چاقمىقى» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە بەردى. بىلقىز سادىق ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

— تەھرىردىن

ئېرىم ئىككىمىز پاسازىرلار ئاپتوبۇسغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىققاندۇق. ئانا يۇرتۇمنى كۆرمىگىلى ساق بەش يىل بولغانلىقتىن، سېغىنىش ئازابى يۈرىكىمنى تاتىلاپ، مۇساپە ئاز قالغانسېرى تاقىتىم تاق بولماقتا ئىدى. ئاتا-ئانام بىلەن شادخۇرام ئۇچرىشىش مىنۇتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، قانداقتۇر بىر شېرىن ئارزۇنىڭ ئۇچقۇنى دىلىمدا يېنىپ، يول بويى تارتقان ئازابلىرىم تۈتەكتەك تاراپ

كېتىۋاتاتتى. بىراق ئۇچىنىچى كۈنىگە
كەلگەندە كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەر-
دى: بىر خىل سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلە-
ۋاتقان ئاپتوبۇس بىردىنلا ئاستىلاپ،
«غارت» قىلدى - دە، توختاپ قالدى.
شوپۇر ئۇستام شۇنچە ھەپىلەشسىپ باققان
بولسىمۇ، كار قىلمىدى. چۈنكى ماشىنىنىڭ
زاپچاسلىرىدىن بىرى سۇنغانىكەن. ئۇ ئاخىرى
يولدىن بىر پىكاپ توسۇپ، كەينىمىزدە قال-
غان ناھىيە بازىرىغا سۇنغان زاپچاسىنى
تېپىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىپ
قالدى. بۇ دەل نامازدىگەر بولاي دەپ
قالغان چاغ ئىدى. كۆپ ئۆتمەي كەچ
كىردى. تۈن پەردىسى ئاپئاق قارغا كۆمۈل-
گەن بۇ كەڭ تۈزلەڭلىكنى، يىلاندەك تول-
غىنىپ ياتقان ئاسفالت يوللارنى، بۇ يول-
لاردىن ئۆتۈۋاتقان ئاخىرقى ئاپتوموبىل-
لارنى ۋە بىزنى — ھەممىمىزنى قوشۇپ ئۆز
قوينىغا ئالدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار پارقىراپ
چىقتى. ئارقىدىن ئايمۇ كۆرۈندى، لېكىن
شوپۇر تېخىچە قايتىپ كەلمىدى.

— ئەكبەر، — دېدىم مەن يېنىمدا
جىمجىت ئولتۇرغان ئىنىمغا قاراپ، — پې-
شانىمىز تازىمۇ تەتۈر كەن - دە، بىزنىڭ؟

— قانداقلارچە؟ — ئالدىراپ سورىدى
ئۇ سەل تەئەججۈپلەنگەندەك بىر خىل
ئاۋازدا.

— ئىككىمىز بىللە تۇنجى قېتىم بوسۇغا
ئاتلاپ چىققىنىمىزدا نېمىدېگەن چوڭ
پېشكەللىك بۇ؟

— ھېچقىسى يوق، گۈلشەن. يەنە
ئازراق تەخىر قىلايلى، — دېدى ئۇ
خاتىرجەم ھالدا.

«تەخىر قىلماي نېمە ئىلاج» غۇتۇل-
دىدىم ئىچىمدە. ئارىمىزدىكى يېقىمسىز
جىمجىتلىق يەنە باشلاندى. سىرتتا سوغۇق
شامال كۈچىيىپ بورانغا ئايلاندى.

— ئەگەر شوپۇر يەنە بىر - ئىككى سائەتچە
كەلمىسە ھەممىمىز سوغۇقتىن توڭلاپ ئۆلۈپ
قالىمىز، جۇمۇ! — دېدىم يەنە چىشلىرىمنى
كاسىلدىتىپ تۇرۇپ، — يېقىن ئەتراپتا
بىرەر ئۆتەڭ بولسىچۇ، كاشكى.

— شوپۇرنىڭ كېلەر ۋاقتى بوپ
قالدى، گۈلشەن، نەدىكى گەپلەرنى قىلى-
دىغانسىز - ھە؟ — دېدى ئىنىم يەنىلا
پەرۋاسىزلىق بىلەن.

ئۆزۈمنى قانچە قاتتىق تۇتاي
دېسەممۇ دېرىزە يوچۇقلىرى ۋە چاق ئاس-
تىدىن گۈرۈلدەپ كىرىۋاتقان ئاچچىق
سوغۇقتىن بارغانسېرى لاغىلداپ تىترەپ
كېتىۋاتاتتىم. شۇڭا ئىختىيارسىز ئۈنىڭغا
قىستالدىم. لېكىن ئۇ يەنىلا بىپەرۋا ئول-
تۇراتتى. «قارا، بۇ مۇز تەلەتنى، — دېدىم
ئىچىمدە، — شۇ تاپتا جۇۋىسىنى ‹ غاچ › چىدە
يېشىپ، مېنى قوينىغا ئېلىۋالسىمۇ
ھېچكىم كۆرمەيتتىغۇ؟ ھېچ بولمىغاندا،
‹ توڭلىدىڭىزمۇ؟ › دەپ سوراپ قويسىمىغۇ
كاشكى، بۇ ئازابلىق سائەتلەر سەل قىس-
قىرار ئىدى...» بىراق مېنىڭ ئىنىم ئۈن-
داق قىلمىدى. شۇڭا مەنمۇ دەرھال ئۆزۈمە-
نى تارتتىم ۋە ئايالLار قەلبىنىڭ تەرسالىقى
بىلەن ئۆزۈمچە بۇتناپ بويىنۇمنى تولغى-
غىنىمچە دالىغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدىم. كىمە-
دۇر بىرى تاماكا تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن
بولسا كېرەك، چاقماقىنى چاقتى. شۇئان
كۆزۈم قوشنا ئورۇندۇقتىكى بىر جۈپ
سەپەرداشىمغا چۈشتى: خوتۇنى بېشىنى
ئېرىنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالغان بولۇپ،
ئېرىنىڭ بىر قولى خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدا
تۇراتتى. «قانداق ئامراق ئەر - خوتۇنلار

هە؟ ئۇلار بىر-بىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشسە كېرەك. بىزچۇ؟ مېنىڭ ئېرىمچۇ؟ ئۇمۇ مېنى كۆيۈپ ـ پىشىپ ئالغان ئىدىغۇ؟ بىراق، ئۇنىڭ مەندەك بىر ياش خوتۇنىنىڭ يېنىدا خۇددى لاي هەيكەلدەك قىمىر قىلماي ئولتۇرۇشىنى كۆرمەمدىغان؟... ئەگەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئورنىدا دولقۇن بولسا ئىدى!...»

مەن هەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ ئىختىيارسىز دولقۇننى ئېسىمگە ئالدىم. دولقۇن تولىمۇ خۇش چاقچاق، شوخ ۋە هەييار يىگىت ئىدى. قەددى ـ قامىتى ۋە چىراي شەكلىمۇ نى ـ نى يىگىتلەردىن قېلىشمايتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن گۈلگىنەلەرنىڭ توي ۋېچىركىسىدا تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ تانسىنى بەكمۇ ياخشى ئوينايتتى، بىر پەردىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل چاققانلىقى، چىقىشقاقلىقى، مونچاق ـ مونچاق تەر قونغان قىپقىزىل يۈزى، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى مېنى شۇ كۈنىلا ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى... مەن شۇ قەدەر بەختلىك هېسسىياتقا تولغان هېلىقى كۈننى هەرگىزمۇ ئۇنتالمايدىغان ئوخشايمەن:

دولقۇن ئىككىمىز ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشتا كىنودىن چىقىپ تىنچلىق ئۆستىڭىنى بويلاپ قايتتۇق. ئىللىق ياز ئاخشىمى، نۇرلۇق ئاسماندا يۇلتۇزلار بىر-بىرىگە كۆز قىسىشقاندەك جىمىرلىشىپ تۇراتتى. يىراقتا قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان دەرەخلەرنىڭ كەينىدىن دۈگىلەك ئاي ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، كىملەرنىدۇر ماراۋاتقاندەك قارايتتى. ئۆستەڭدە پاتماي ئېقىۋاتقان شوخ سۇ قىرغاقتىن ـ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇنلۇق ئاۋاز چىقىراتتى. سالقىن شامال هاياجاندىن يېنىپ كېتىۋاتقان يۈزلىرىمىنى ئاستا سىيپاپ ـ سەگىتىپ ئۆتەتتى. نېمىدېگەن گۈزەل كېچە، نېمىدېگەن يېقىملىق مەنزىرە ـ هە؟! ئەگەر مېنىڭ شۇ تاپتا ئۇچارغا قانىتىم بولسا ئىدى، ئاسمانغا چىقىپ ئاي ـ يۇلتۇزلارنى، يەردىكى داۋۇدەرەخلەرنى... تاغ ـ تۇپراقلارنى... ئەيتاۋۇر هەممە نەرسىنى باغرىمغا تېڭىپ، كۆزۈمگە سۈرتۈپ بار ئىشتىياقىم بىلەن سۆيگەن بولاتتىم... شۇ هېسسىياتلىرىمنىڭ كەيپىدە مەسخۇش بولۇپ ئۈن ـ تىنسىز كېتىۋاتقىنىمدا دولقۇن تۇساتتىن توختاپ مېنى ئۆزىگە تارتتى ۋە مېهرى ـ مۇهەببەت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا باقتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا كىرپىك قاقماي قارىغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. شۇ تاپتا يۈرىكىم ئۆمرۈمدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ناتونۇش، سىرلىق هېسسىيات بىلەن چۇلغانماقتا ئىدى. ۋۇجۇدۇمدا قانداقتۇر بىر خىل هارارەت بىلەن تىترەشمۇ بار ئىدى. ئاخىر ئۇ مېنى باغرىغا تاڭدى... ئاھ، مۇهەببەتلىك بىرىنچى سۆيۈشۈش! ئۇ قانداق شېرىن ئىدى ـ هە؟ «دولقۇن ئاخىر مېنىڭ بولدى. ئۇ مېنى سۆيدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن جەزمەن توي قىلىمەن. بىز ئۆمۈرلۈك هەمراھ بولىمىز، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە مانا مۇشۇنداق شېرىن ئۆتىمىز. مەن راستىنلا بەختلىك ئىكەنمەن!...» شۇ كۈنى ياتاققا قايتىپ گۈزەل خىيالىي مەنزىرە ۋە ئاجايىپ تاتلىق ئويلارغا چۆمۈلگەن هالدا دولقۇننىڭ هەربىر ئېغىز سۆزىنى ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەكرارلاپ، مەسخۇش بولغان هالدا ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتىم.

مەن دولقۇننى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئويۇن-تاماشىغا ئامراق ئىدىم. ئەگەر ئىككىمىز

بىر ئۈيگە كىرگەن بولساق، كۆڭلىرىمىز شادخوراملىق ئىچىدە ·ۋددى باھاردەك ئۆتكەن بولاتتى. ئەپسۇسكى...

ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچرىشىشىمىز بەكمۇ كۆڭۈلسىز ئۆتتى. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇنىڭ تېلېفونىدا دېگىنى بويىچە 1 - يول ئاپتوبۇسىنىڭ ئاخىرقى بېكىتىگە باردىم. تۇساتتىن چاقماق چېقىلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى. شۇئان ئۆزۈمنى بىر دالدىغا ئالدىم ۋە ئۇتتەك قىزغىن كەيپىمنى بۇزۇپ، ۋاقىتسىز ياغقان بۇ يامغۇرغا ئەلەم بىلەن قاراپ تۇردۇم. شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاۋازى خۇددى يوغان چوتكىنى سېمونت يەرگە كۆچەپ سۈركىگەندە چىقىدىغان بىر خىل ئاۋازغا ئوخشاپ كېتەتتى... كۆپ ئۆتمەي، دولقۇنمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىمۇ نە كۆڭلۈك، نە پىلاش كۆرۈنمەيتتى.

— چايخانىغا كىرەيلىچۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ، ئۇمۇ دەرھال ماقۇل بولدى.

دولقۇن شۇ تاپتا ئادەتتىكى شوخ مىجەزىگە قىلچە ماس بولمىغان بىر خىل ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇپ، ئىسسىق سامسىنىڭ ماي ۋە پىيازلىرىنى ئىلغاش بىلەن ھەلەك ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ ئىچ - ئىچىمدىن كۈلكە چىقىپ كەتتى.

— تولا ھەييارلىق قىلماڭا دولقۇن، سىزگە كەم سۆزلۈك پەقەت ياراشمايدىكەن، — دېدىم - دە، قولىدىن چوكىنى تارتىۋالدىم.

— راست دەيسىز گۈلشەن. بىردەم سۆزلىمىسەم ئۆزۈمنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ، گاللىرىم قىمىلداپ كېتىدۇ. لېكىن... — ئۇ ئېغىر بىر تىنىپ كۆزۈمگە تىكىلدى.

— ئەمىسە؟ — سوئال نەزىرىم بىلەن ئۇنىڭغا ئەركىلەپ تىكىلدىم.

— نېمە دېسەم بولار؟... — ئۇ يەۋاتقان سامسىسىنى تەخسىگە سېلىپ قويۇپ، قولىنى سۈرتتى ۋە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تېز - تېز شوراشقا باشلىدى.

— يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس، دولقۇن، تېزرەك قايتايلى، — دېدىم قەستەنگە ئۇنى ئالدىراتقان بولۇپ، ئۆزۈممۇ تەخسىنى نېرى سۈرۈپ قويۇپ يالغانىدىن كېتىشكە تەمشەلدىم.

— گۈلشەن، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ كۈتمىگەندە كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ، — سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. لېكىن ئامالىم يوق.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ ھېچنەرسىنى چۈشەنمىدىمغۇ؟ — ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم.

— سىزنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ قىيناماي ئۇدۇللا سۆزلەۋېرەي، مەن ئۆيلىنىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ يېپىق دېرىزىدىن نەلەرگىدۇر مۇجمەل قاراپ. «كىم بىلەن؟ قاچان؟» دېگەن سوئالنى سوراش بۇ مىنۇتتا مەن ئۈچۈن بەكمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. شۇڭا ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، «قېنى داۋاملاشتۇرۇڭ» دېگەن مەنىنى ئەلەملىك قاراشلىرىم بىلەن بىشارەت قىلدىم.

— مۇندىن ئىككى يىل ئاۋۋال ھامامنىڭ ئىچكىرىدىكى بىر داشۆدە ئوقۇۋاتقان ئۆگەي قىزىغا چاي ئىچۈرۈپ قويۇشقانىدى. ئۇ قىز شۇندىن بېرى يا قىشلىق، يا يازلىق كانىكۇللاردا بىرقېتىممۇ

كەلمىگەن بولغاچقا، مەن بۇ ئىشنى ئېسىمدىن چىقىرىپمۇ قويغانىدىم، بەلكى ئۇمۇ ئاللىقاچان ئۆزى خالىغاننى بىرسىنى تېپىۋالغاندۇ، دەپتىكەنمەن. نەدىكىنى، ئۇ بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن...

— بولدى، سۆزلىمەك، ھەممىنى چۈشەندىم، — دېدىم مەن ھەسرەت-نادامەتتىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىمنى سول قولۇم بىلەن قاتتىق بېسىپ تۇرۇپ، — ئۇناشتۇرۇپ قويغان قىزدىكىمىز بار تۇرۇقلۇق ... — ئاۋازىم تىترەپ، نەپسىم بوغۇلۇپ، گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدىم. ئۇنىڭسىزمۇ نېمە دېيەلەيتتىم. شۇ تاپتا دولقۇننى ماڭا ناتونۇش، لېكىن ئاجايىپ بەختلىك ئۇ قىزدىن شۇ دەرىجىدە قاتتىق قىزغىنىپ كەتتىمكى، ھەتتا رەسمىيەت ئۈچۈن بولسىمۇ «سىزگە بەخت تىلەيمەن» دېگۈمۇ كەلمىدى...

شۇنداق قىلىپ دولقۇن «مېنىڭ» بولالمىدى. «ماڭا ئەمدى يەڭگەت تاللاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى دولقۇندىن باشقا ھەرقانداق ئەر ماڭا بەرىبىر، ھېچكىممۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئاھ، دولقۇن!... دولقۇن!... مېنى قەلب دېڭىزىڭدا مۇھەببەت كېمىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، تولىمۇ قىسقا، لېكىن بەكمۇ كۆڭۈللۈك سەيلە قىلدۇرۇپ، مانا ئاخىر نادامەت دولقۇنىغا غەرق قىلىۋەتتىڭ. سەن نېمىشقا شۇنچە رەھىمسىز ۋە نېمانچە سۆيۈملۈكسەن؟!» دەيتتىم دائىم ئۆز-ئۆزۈمگە. شۇڭا كۆپ ئۆتمەيلا ئەكبەرنىڭ «مەن سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن» دەپ يازغان تالاي خەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىغا «سىزنىڭ مېنى شۇنچىۋالا ياخشى كۆرگىنىڭىز ئۈچۈنلا مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرۈشكە مەجبۇرمەن» دېگەن جاۋابىمنى يېزىۋېتىپلا، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلگەنىدىم. راستىمنى ئېيتقاندا، توي قىلسام، بىر ئۆينىڭ غېمى، يېڭى تۇرمۇش ۋە بالىلار تەربىيىسى بىلەن بولۇپ كېتىپ، دولقۇننى ئۇنتۇپ كېتەرمەن دەپمۇ ئويلىغانىدىم. لېكىن تۇنجى قېتىم چىن يۈرەكتىن سۆيگەن كىشىنى ئۇنتۇش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەسكەن. بولۇپمۇ توي ھارپىسىدىكى ئىش ئېسىمگە كەلسىلا بۇ ئەرگە بولغان ئاچچىقىمنى ھېچقانداق قىلىپمۇ باسالماي كېتىمەن:

توي كۈنىمىز يېقىنلىغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانامغا تېلېگرامما ئەۋەتكەنىدىم. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە ئۆيلەر جابدۇلۇپ، پېچىنە-پىرەنىكلەرمۇ پىشۇرۇلۇپ بولۇنغانىدى. باغاقلار تارقىتىلىپ، قازان ئېسىلسىلا ئىشلار پۈتەتتى. ئەنە شۇ جىددىيچىلىك ئىچىدە تىپىرلىشىپ تۇرغانىمنىڭ ئۈستىگە ئەكبەر چېپىپ كەلدى:

— بەكمۇ زۆرۈر بىر خىزمەت بىلەن ئىچكىرىگە بارىدىغان بولۇپ قالدىم، گۈلشەن. توينى بىر ئاي كەينىگە سۈرسەكمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ گۇناھكارلارچە كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ. دېگەندەك ئۇ، دەل توي بولماقچى بولغان كۈنىسى پويىزغا ئولتۇرۇپ ئىچكىرىگە كەتتى. ئالاھىدە چاقىرتىپ كەلگەن ئاتا-ئانام، خىزمەتداشلىرىم ۋە يېقىن دوست-تەڭتۇشلىرىم ئارىسىدا شۇ قەدەر خىجىل بولدۇمكى، جېمىكى تەسەللىي، چۈشەندۈرۈش-يالۋۇرۇشلار مېنىڭ بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان ئەسەبىيلىرىمنى قىلچىمۇ پە-

سەيتەلمىدى.

— مۇنداق تەرسالىق قىلما، قىزىم. كادىر خەق دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى تۇرسا، ھۆكۈمەت بۇيرۇغان ئىشتىن باش تارتسا بولامدۇ؟ توي دېگەننى بىرەر ئاي كېچىكتۈرگەنگە قېرىپ كېتەتتىڭمۇ؟ ھەر ئىشنىڭ خۇدا ئۆزى بۇيرۇغان ۋاقتى-سائىتى بار. نىكاھ قەغىزىنى قايتۇرۇۋېتەمەن، دېگەن پەيلىڭدىن يان! — دېدى ئاپام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. داداممۇ ئاپامنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، بىر سۇنچە تەسەللى بەردى. ئامالسىز غەزىپىمدىن ياندىم.

تويمۇ ئاخىر بولدى. لېكىن شۇ ئىش تۈپەيلى قەلب كۆلچىكىمدە توڭلىغان بىر پارچە كۆك مۇز نېمىشقىدۇر ھېچ ئېرىمەي كەلدى. لېكىن ۋاقىت بولسا شەپىسىز ئۆتتۈۋەردى.

— گۈلشەن، — دېدى ئۇ توي قىلىپ يېرىم يىل ئۆتكەن، ماڭا نىسبەتەن توختام سۇدەك تىنچ ئۆتۈۋاتقان مەنىسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە توساتتىنلا، — ھاۋانى سوغۇق دېمىسىڭىز يۇرتىڭىزغا بېرىپ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزنى ئوبدانراق بىر يوقلاپ كېلەيلىمىكىن دەيمەن. توي قىلغاندىن بېرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىپ، ھېلىقى چاغدىكى ئىلاجسىز سادىر قىلغان بىھۆرمەتلىكىم ئۈچۈن ئوبدانراق كەچۈرۈم سوراش ئويۇم بار ئىدى. بىراق يازىچە پۇرسەت بولمىدى. ھازىر زاۋۇتتا بەك ئالدىراشمۇ ئەمەسمەن، بىر ئايلىق رۇخسەت ئالاي، بولامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ مۇنداق غەيرەتكە كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. شۇڭا ئۆزۈمنى سەل ئوڭشۇۋېلىپ:

— گۇناھىڭىزنى بىراقلا يۇماقچى بوپسىز-دە؟ — دېدىم.

شۇنداق قىلىپ بىز سەپەرگە چىققاندۇق. بىراق «ئالدىرىغان يولدا قاپتۇ» دېگەندەك، بۇ نەسچىلىكنى قارىمامدىغان... ئەگەر ئۆيدىكىلەر تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، يولغا چىققان كۈندىن باشلاپ ھېسابلاپ...

— دۇ، دۇ، دۇ، تۈيۈقسىز سىگنال بېرىۋاتقان كىچىك ماشىنىنىڭ زىل ئاۋازى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. باشقا يولۇچىلارمۇ بىردىنلا جانلىنىپ تېپىرلىشىپ كەتتى.

— شوپۇر كەلدى، شوپۇر قايتىپ كەلدى! — خۇشال ۋارقىراشتى كىشىلەر.

— ھەتتىگىنەي، بۈگۈن بۇ چۆلگە قوناق بولالمايدىغان بولدۇق-ھە، ئايپاشا؟ — دېدى ھېلىقى يىگىت ئايالىغا چاقچاق قىلىپ.

— ئو... ئۇش، ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەڭا تولا، — دېدى ئايالىمۇ نازكەرەشمە بىلەن ئەركىلەپ تۇرۇپ.

«تۇۋا، نېمە دېگەن ئىناق ئەر-خوتۇنلار بۇ؟» دەپ زوقلىنىپ قاراپ قالدىم ئۇلارغا. بىراق مېنىڭ مۆرسىمەس ئېرىم بولسا ماڭا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلىپ قويماستىن نېمىگىدۇر ئالدىراپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتى ۋە يەنە شۇنداق ئالدىراپ قايتىپ كەلدى-دە، ئىشىكتىنلا ھەممىمىزگە قاراپ دېدى:

— سەپەرداشلار، خۇش خەۋەر، شوپۇر سۇنغان زاپچاسنى تېپىپ كەپتۇ، ياشانغانلار ۋە ئۇششاق باللاردىن باشقا ھەممىڭلار بىر پەس يەرگە چۈشۈپ تۇرساڭلار ئىسكەن، بىز ئۇنى ئورنىغا سېلىۋالايلى.

ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا ئاپتو-
بۇستىكى ئۈچ-تۆت ياش يولۇچىنى چاقىرىۋې-
لىپ، ئەتراپتىن بىردەمدىلا نەچچە قۇچاق
ھۆل يۇلغۇننى ئۈشتۈپ كېلىشتى ۋە ئۇنى
ئاپتوبۇسنىڭ دالدىسىدىكى بىر ئازگالغا
باستى، ئاندىن ئۈستىگە ئازراق بېنزىن
چېچىۋېتىپ سەرەڭگىنى چاقتى...

— قېنى يولداشلار، ئوت دېگەننى
كۆز كۆرۈپ تۇرسىمۇ تەنگە ئىسسىقلىق
ئۆتكەندەك بولىدۇ، جاپا تارتساڭلارمۇ
سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ
ۋە جۇۋىسىنى ماڭا يېپىنچاقلىتىپ قويۇپ
شوپۇرنىڭ قولىدىن دامكىراتنى ئالدى. بىر
كۆزۈم بېنزىننىڭ كۈچى بىلەن «گۈپ»
قىلىپ يېنىپ كەتكەن ئوتتۇننىڭ ۋاشىلـ-
داپ كۆيۈشىدە بولسا، بىر كۆزۈم ئىرىمـ-
نىڭ شوپۇر بىلەن تەڭ ھەپىلىشىپ ماشى-
نا ئاستىدا ئۆمىلەپ يۈرگەن قىياپىتىدە
ئىدى. شۇئان ئۇنى بىر ۋارقىراپلا چاقىرىـ-
ۋالغۇم كەلدى. «مۇشۇ چۆللۈك، مۇشۇ
سوغۇق، مۇشۇ قاراڭغۇدىمۇ مېنى يالغۇز
تاشلاپ قويۇپ...» دەپ، بىردىنلا جۇدۇ-
نۇم تۇتتى. ئاندىن ئۇنىڭ بىز تـ-وي
قىلغاندىن بېرى دائىم دېگۈدەك «ئۇ چا-
تاقنى ھەل قىلىپ، بۇ مەسىلىگە ياردەملە-
شىپ...» دەپ كۆپ چاغلاردا ئۆيگە كەچ
قايتىدىغانلىقى، ھەتتا بەزى يەكشەنبىلىرـ-
نىمۇ زاۋۇتتا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلىقى...
بىر - بىرلەپ ئېسىمگە چۈشۈشكە باشلىدى.
بىر كۈنى شۇ ئىش تۈپەيلى كۆڭلۈم
تېخىمۇ سوۋۇپ، پۈتۈن بىر كېچىنى كىر-
پىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزغانىدىم. «يېگـ-ى
ياچـ-ە خوتۇنۇڭنىڭ ئازغىنە بوش ۋاقتىغا
كۆڭۈللۈككىنە ھەمراھ بولۇشنى خالىمساڭ،
بۇنىڭدىن كېيىن تەنھا ئۆتۈپ ئەل ئۇچۇن

ياشىۋال! ھۇ، ئۇشۇقچە ئىشلارغا ئارىلىشى-
ۋالىدىغان ئەقىلسىز، ھاماقەت!» دەپ
ئۆيدىن بىراقلا چىقىپ كەتكۈمىمۇ كەلگە-
نىدى. راستىمنى ئېيتسام، ئۇنىڭ تـ-وي
ھارپىسىدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە ماڭا
زادىلا ياقماي كەلگەن بىرلا ئەيىبى ئاشۇ
«ھاماقەت» لىكىلا ئىدى.

— شوپۇرغا ياردەملىشىۋاتقان ئاۋۇ
يىگىت ئەجەبمۇ بەلەن بالىكەن، — دېدى
ياشانغان بىر كىشى ئېرىمنى ئىما قىلىپ،
ئارقىدىنلا خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ
تۇرغاندەك باشقىلارمۇ ئۇنى ماختاشقا كى-
رىشتى. ھەتتا بەزىلىرى ماڭىمۇ ئالاھىدە
ھۆرمەت بىلەن قاراشتى. ئۆزىنىڭ يېقىن
كىشىسىنى ماختىسا خۇشال بولمايدىغان
كىم بار؟! ئېرىمگە بولغان باياتىنقى
ئاچچىقلىنىشلىرىم ئۆزۈمىمۇ سەزمىگەن
ھالدا ئاستا-ئاستا خىجىل بولۇشقا، پە-
خىرلىنىشكە، ھەتتا خۇشال بولۇشقا ئالماش-
تى. «بەلكى بۇرۇنمۇ مانا مۇشۇنداق كۆپ-
نىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك پەيتلەردە
ياكى خىزمەت زۆرۈرىيىتى بىلەن ئۆزى-
نى ۋە مېنى ئۇنتۇغان بولغىيدى، ئۇنى
قەدىرلەشنىڭ ئورنىغا ئەجەبمۇ قىپتىكەن-
مەن - ھە؟...» ئىككى كۈندىن بېرى ھې-
لىقى يىگىتنىڭ تەقى-تۇرقى ۋە مىجەز-
خۇلقىنى دولقۇنغا ئوخشىتىپ تولىمۇ
زوقلانغانىدىم. شۇ تاپتا ئۇ ئۇخلاپ قالغان
خوتۇنىنى ماشىنا ئورۇندۇقىغا چۈمكەپ
قويۇپ، گۈلخان ئەتراپىدا ھېلى ئادنوش-
كىغا دەسسىسە، ھېلى جىرلاپ-ئىسقىرى-
تاتتى، ھېلى ئۇ ئايالنىڭ بېلىدىن ئېلىپ
ۋالسقا پىرقىرىسا، ھېلى بۇ قىزنىڭ قولى-
دىن سۆرەپ «ئۇسسۇلغا تارتىپ» خاپا
قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ شوخلۇقلىرى ھازىر

نېمىشقىدۇر مېنى ئۆزىگە قاپچە جەلپ
قىلالمىدى، ھەتتا غىدىقىمىنى كەلتۈردى.
ئاندىن گۈلشان يېنىدىن ئايرىلىپ، بىر
بىسىپ، ئىككى بىسىپ ئىبرىم قېشىغا بار-
دىم. بۇ چاغدا ئۇ، داق يەردە ئۆگىدىسىغا
يېتىۋېلىپ، قول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا دى-
دىل ئىشلەۋاتاتتى. جىددىيلەشكەن ۋە كۆ-
چۈنگىنىدىن بولسا كېرەك، ئىككى مەڭزى
چوغدەك قىزارغان، پېشانىسىدە مونچاق-
مونچاق تەر تامچىلىرى پارقىرايتتى.
— يەر تازىمۇ سوغۇقتۇ؟ ئاستىڭىز-
غا مۇنۇ جۇۋىنى سېلىپ بەرسەم بوپتى-
كەن، — دېدىم ئۇنىڭغا ئېگىشىپ تۇرۇپ.
ئۇ ماڭا قاراپ سەدەپتەك چىشلىرىنى
كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىدى-دە:
— ياق، مانا ھازىرلا تۈگەيدۇ، —
دېدى ۋە يەنە قوشۇپ قويدى، — ياغلى-
قىڭىزنى پېشانىڭىزگىرەك چىگىۋېلىڭ، سو-
غۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن، «ئاھ، مەن ئۇنى
‹باغىرى قاتتىق!› دەپ تىللىماپىمەن.
ئۆزى مۇشۇنچىلا قار-شىۋىرغان ئىچىدە
مۇزدەك يەردە يېتىپ تۇرۇپمۇ، يەنە ماڭا
سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتىدۇ-
ھە ...»
— بولدى، سەن تۇرۇپ كەتكىن،
سايمانلارنى مەن يىغىشتۇرۇۋېتەي، — دې-
دى شىۋپۇر ئۇنىڭغا، ئاندىن ماڭا قاراپ
قوشۇپ قويدى، — ئەگەر بۈگۈن يېنىمدا
بۇ يىگىت بولمىغان بولسا، بۇ چۆللۈكتە
سىلەرنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ توڭلىتىپ قويغان
بولاتتىم، قاراڭ، بۇ چوڭ چاتاق مانا شۇن-
چە تېز ئۈگىلاندى. ئىبرىم ئاپتوبۇس تېگ-
دىن ئۆمىلەپ چىقتى.
— قانچە ھۆرمەتلىسىڭىزمۇ ئەرزى-
گۈدەك يىگىت ئىكەن بۇ، — دېدى شىۋپۇر

يەنە مەن ئىبرىمنىڭ ئۈستىبېشىدىكى قار-
توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ، جۇۋىسىنى سۇنۇپ
بېرىۋاتقىنىمدا.
شىۋپۇرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
نېمىشقىدۇر سەل مەڭدەپ قالدىم. چۈنكى
ئۇ شۇ تاپتا گويا مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇ-
تۇپ كۆرۈپ، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشلىرىدىن
ھېلىراقتا ئەسلەپ ئۆتكەن نازۇك سىرلى-
رىمنى بىلىۋالغاندەك ۋە شۇ سىرلار ئىچى-
دىن ئىبرىمگە بولغان قاراشلىرىمغا دىئاگ-
نوز قويۇپ، مۇناسىپ رېتسىپ يېزىپ بې-
رىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇڭا ئۆزۈمـ-
چە قانداقتۇر بىر خىل خىجىللىق ئىلكىدە
ئاپتوبۇسقا چىقىپ، ئورنۇمغا چۆكتۈم.
سوغۇقتىنمۇ، خىيالدىنمۇ، ئەيتاۋۇر شۈمـ-
شەرەپ ئولتۇراتتىم.
— گۈلشەن، تازا توڭلىدىڭىز-ھە؟ —
دېدى ئىبرىم ماڭا سەل-پەل قىستىلىپ.
ماشىنا ئاخىر قوزغالدى.
— گۈلشەن، ئىشىنەمسىز؟ — دېدى
ئۇ يەنە ئاستا پىچىرلاپ تۇرۇپ، — مەن
بۈگۈن سىز ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەنسىرى-
دىم، كۆرۈنۈشتە سىزگە تەسەللىي بېرىپ،
ئۆزۈمنى بېپەرۋا تۇتۇپ ئولتۇرغىنىم بى-
لەن، كۆڭلۈمدە تازا ئەنسىزچىلىك يۈز
بەردى.
— نېمىشقا؟
— نېمىشقا دەمسىز؟ سۇنۇپ كەتكەن
ھېلىقى زاپچاسنى ئادەتتە كىچىك رېمونت-
خانىلاردىن ئۇچاي تاپقىلى بولمايتتى.
ئەگەر شىۋپۇر ئۇنى تېپىپ كېلەلمىگەن
بولسا، پۈتۈن بىر كېچىنى مۇشۇ چۆلدە،
مۇشۇ ئاپتوبۇس ئىچىدە تۈنەپ ئۆتكۈز-
مەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ئۇ چاغدا
سىزمۇ ... — ئۇ گويا ئاخىرىنى ئېيتىش

تىن قورقـقاندەك سـۆزدىن تـوختىۋالدى.

— سىزمۇ - زە، نـەدىكى گەپلەرنـى قىلىپ يـۈرۈدىـكەنسىز، — دېدىـم ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئەمدى ئېرەڭشىمىگەندەك قىلىپ.

— گـۈلشەن، تېخىچە ئىشەنمەيسىز. مەن سىزنى پـۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن، پۈ-تۈن يـۈرىـكىم بىلەن ياخشى كـۆرىمەن. سىزنى ئۆزۈمدىنمۇ ئەزىز كۆرىمەن. بىراق بۇ قەلبىمنى سىزگە قانداق ئىپادىلەشنـى بىلەلمەيمەن.

ئەكبـەرنىڭ بۇ گـەپلىرىنـى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان مەلۇم نـەرسىنـى تۇنجـى قېتىم كۆرگەندەك بولدۇم. ئەكبەر، ئاھ، ئەكبەر! جېمكى يۈرەك سۆزۈڭنى مۇشـۇ سەپەرگە ساقلاپ قـويغانمىدىڭ؟ ياكـى بۇرۇن مەن سېنى خاتا كـۆردۈممۇ؟ ... مەن سەندىن يەنە نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغاندىمەن؟... ئىككىمىز ئارىسىدا پـەيدا بولغان يـوچۇق زادى قايسى تەرەپنىڭ سەۋەنلىكىدىندۇر؟... يۈرىكىمگە قولۇمنى سىلىپ تۇرۇپ، قەلب خاتىرەمدىن بۇ سوئاللىرىمغا جاۋاب ئاخ-تۇرۇۋاتـقىنىمدا، قۇلىقىم تـۈۋىـدە گـويا: «گۈلشەن، ھەي، گۈلشەن! شـەرتىمىز تەن بېرىشىڭ كېرەككى، سەن ئۇنى چـۈشەنمە-دىڭ، چۈشىنىشنىمۇ خالىمىدىڭ. ھەدېسىلا ھايات مۇساپەڭدىكى چاقماق چاقىنىچىلىك قىسقىغىنە ئۆتمۈشۈڭنىڭ ھېسسىيات دولقۇن-لىرىغا چـۆكۈپ، بىھـوش بولۇپ يـۈردۈڭ، بىلەمسەن، ئەكبەر گەرچە دولقۇندەك شوخ، جۇشقۇن بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قەلبـى سۈتتەك ئاق، يـول بويـى مـۇشۇ ۋاپادار ئېرىڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سېنى ئاللى-قاچان ئۇنتۇپ كـەتكـەن ۋاپاسىز ئەرنـى ئەسلەپ كېتىشىڭنى قـارا. ئۇيات! ئۇيات! ئۇيات!» دېگەن سادالار ياڭرىغاندەك بولدى. شۇھامان بۇ سادالارنى خۇددى ئەكبەرمۇ ئاڭلاپ قالىدىغاندەك ئۆزۈمچە دىلىڭ چۆچۈپ كەتتىم.

— مۈزلاۋاتىمىز - ھە؟— سـورىدى ئۇ يەنە، — خـوتىنى ئەڭ تېز سـۈرئەتكە يۆتكىدى ئەمەسمۇ؟ شۇڭـا سـوغۇق ئاس-تىمىزدىن ئۇرۇلۇۋاتىدۇ. تىزىڭىز تەرەپنى ياخـشىراق ئوراپ قوياي - ھە؟— ئاندىن ئۇ جۇۋىسىنىڭ تۈگمىسىنى يەشتى.

— ياق، مەن تـوڭمىدىم، — دېدىم ئۇنىڭ قولىغا ئىختىيارسىز ئېسىلىپ تۇرۇپ.

— يالغانچى، تازا مۈزلاپسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ ئۇزاتقان قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋې-لىپ تېز - تېز سىلاپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە، قولۇمنى ئىسسىتىپ قو-يۇڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا ھېچ نازسىزلا. ئاندىن ئوڭ قولۇمنى سول يېڭىگە، سول قولۇمنـى ئـوڭ يېڭىگە تىقتىم. مـۈزدەك قوللىرىمىز بىلەكلىرىمىزگـە تېگىـپ ئاستا-ئاستا ئىسسىشقا باشلىـدى. مەن ئۇنىـڭغا تېخىمـۇ يېقىـن قىستالدىم. پۈتۈن بەدىنىم بىر شېرىن ھارارەت ئىلكىگە ئۆتتى.

بېلقىز سۇلايمان

## مەن يېزامنى قىلدىم زىيارەت

مەن بۇ يازدا باردىم گۈزەل يېزامغا،
ياشناۋاتقان چەكسىز يېشىل بوستانغا.
سەيلە قىلدىم قۇچىقىدا قانماستىن،
چۆمدۈم قايناق ھاياجانغا، ئىلھامغا.

چىقتى كۈلۈپ تەڭتۇشلىرىم ھال سوراپ:
«بەلكى ھاردۇق يەتكەندۇ؟ — دەپ، — سە -
پەردە.
ئۇنۇتمىدۇق سېنى دائىم ياد ئېتىپ،
سەنمۇ بىزنى ئەسلىگەنسەن شەھەردە؟»

بىز كۆرۈشۈپ قۇچاقلاشتۇق قانماستىن،
دىلدا شادلىق ئۇقچۇپ چىقتى فونتاندەك.
ھاياجاندا كۈۋەجەدى ئىسسىق قان،
بىر تومۇردا دولقۇنلىنىپ ئاققاندەك.

باشلاپ كىردى ئۇلار مېنى چىرايلىق،
كەڭرى، پاكىز، تال باراڭلىق ھويلىغا.
سەزدىم شۇدەم مەن ئۆزۈمنى بەھۇزۇر —
كىرگەندەكلا بەلكى جەننەت قوينىغا.

بولدۇم يۇرتنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى،
قىزىپ كەتتى ئۆي - ئۆيلەردە بەزمىمىز؛
ياد ئېتىشتۇق باللىقنى سېغىنىپ،
خۇشال - خورام جەم بولۇشۇپ ھەممىمىز.

دېدى دوستۇم: «يادىڭدىمۇ، بىر چاغلار
تال - نوتىدىن چاچ تەڭگىلەر ئۆرەتتۇق.
لەپىلدىتىپ ئېسىپ سۇمبۇل ‹چاچ› لارنى،
ئۆزىمىزچە ‹چوكان› بولۇپ يۈرەتتۇق.



شائىرە بېلقىز سۇلايمان 1959 - يىلى چىرىيە ناھىيىسىنىڭ دامىكۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1983 - يىلى شىنجاڭ داشۆسىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىرە 1980 - يىلى ئۆكتەبىردە «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلغان «تاپتىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. بىر تۈركۈم شېئىرلىرى «ئانىلار قەلبى»، «بۇلبۇللار نەزمىسى» ناملىق كوللېكتىپ توپلامدىن ئورۇن ئالدى.

— تەھرىردىن

ياساپ لايدىن كىچىككىنە ئۆيلەرنى،
يوپۇرماقنى «سەي» قىپ «تاماق» ئېتەتتۇق.
پۇرۇچلاردىن تىكىپ تېخى قورچاقلار،
«بالام» دەيتتۇق، ئەركىلىتىپ سۆيەتتۇق.»

ئەجەب چاغلار ئىدى ئۇ چاغ چۈش كەبىي،
بىزدىن شۇنچە چاپسان يىراق كېتىپتۇ.
بالىلىقتا كۈتكەن ئاشۇ ئارزۇلار
قىزىلگۈلدەك ئەمدى پورەك ئېچىپتۇ.

ئاتا بولدۇق مانا بۈگۈن چوڭ بولۇپ،
باغرىمىزدا ئەركىلەيدۇ بوۋاقلار.
ئۆمرىمىزگە قوشۇپ زىننەت، خۇشاللىق،
يايرىتىدۇ جېنىمىزنى ئوماقلار.

سەيلە قىلدۇق يەنە ئېتىز ـ قىرلارنى،
باغ بولۇپتۇ قانچە چۆللۈك ـ دۆڭلۈكلەر.
ياڭراپ بۇندا كاككۇك، بۇلبۇل ناۋاسى،
بوپتۇ بەرپا كۆركەم گۈزەل گۈللۈكلەر.

ئىزناسى يوق بىر چاغدىكى قىيسايغان
بەك كۆرۈمسىز، ئەسكى كەپە ئۆيلەرنىڭ.
قەلبىم مېنىڭ تولدى شادلىق جامىغا،
ياڭراۋاتقان ناخشا، قوشاق، كۈيلەردىن.

رەت ـ رەت كەتكەن ئىسىل يوللار كېسىشكەن
ئۈستى رەسسام تۈز سىزىقلار تارتقاندەك.
تاش ئۈستەڭگە ئاقار تولۇپ كۈمۈش سۇ،
ئەل كۈيىگە تەڭكەش شوخ ساز قاتقاندەك.

كۆرۈنمەيدۇ بىپايان كەڭ ئېتىزدا
بىر چاغدىكى چولاق كەتمەن، تاق ساپان.
گۈركىرەيدۇ يەرنى تىلغاپ ھەيۋەتلىك
يېڭى چىققان زەنجىر تاپان، يەل تاپان...

دولقۇنلىدى قەلبىمدە كۈي، ھاياجان،
گويا بېشىم يەتكەندەكلا ئاسمانغا.
ئانا يېزام، ياشناپ كەتكىن تېخىمۇ،
قاتسۇن سېنى شائىر قىزىڭ داستانغا.

قانمىدىم ھېچ سېنىڭ گۈزەل قوينۇڭغا،
تۇپرىقىڭنى تۈگۈچ قىلىپ ئالساممۇ.
قالدى كۆڭلۈم، ئۆمىدلىرىم سېنىڭدە،
قۇچىقىڭنى سەيلە قىلىپ يانساممۇ.

## غەزەللەر

1

ئاتار تاڭ كىرپىكىم قاقماي بۆشۈك يېنىدا ھازماستىن،
قاراپ ھۆسنۈڭگە، جان ئوغلۇم، كۆزۈم قارىچۇقى تالماستىن.
كۈلۈپ باقساڭ ئوماق چېھرىڭ قىلار مەپتۇن مېنى ھەرچاغ،
ئۆتەر كۈنلەرمۇ ئۇچقاندەك سېنىڭ مېھرىڭگە قانماستىن.
يېنىپ ئۆچمەس چىراغىمسەن ۋە بەلكى كۆز قاراقىمسەن،
يېگەن ئىشىمدا لەززەت يوق سېنى باغرىمغا ئالماستىن.
گويا بايرام ئۆيۈم ھەرچاغ چۈچۈك، تاتلىق قىلىقلاردىن،
يېنىڭدىنمۇ كېتەلمەيمەن ساڭا ھەردەم قىيالماستىن.

بولار باغرىم ساڭا بۆشۈك خۇمارلاشسا كۆزۈك، ئوغلۇم،
كۆزۈممۇ ئۈيقۇدىن بىدار سېنى قوينۇمغا سالماستىن.
ئانا بولماق شەرەپ، لېكىن ئۇنىڭ بۇرچى بۈيۈك ئاندىن،
قىلارمەن ئۇشبۇ بۇرچۇمنى ئادا كەينىمگە يانماستىن.
مېنىڭ ئارزۇ - مۇرادىم شۇ: ئۈسۈپ ساغلام قوشۇل سەپكە،
شۇچاغ ياشنار مېنىڭ ئۆمرۈم سېنىڭ ئەجرىڭدە سولماستىن.

2

ئۇزۇن بولدى ساڭا ئاشىق بولۇپ ۋەسلىڭدە يۈرگەنگە،
نېمە بولغاي قىيا باقساڭ سېنى چىن دىلدىن سۆيگەنگە.
ئۆزۈڭ سالدىڭ بۇ كويلارغا ئوتۇڭ بىرلە قىلىپ بىھوش،
جازا لايىقمىدى مەپتۇن بولۇپ ئىشقىڭدا كۆيگەنگە؟
يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تالدى كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، ئەي يار،
كېيىن قالماس ئىدىڭ بەلكى بۇ يولدىن بىرلا ئۆتكەنگە.
مېنىڭ نازۇك شۇبۇ كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ ساڭا، ئەي جانان،
بېرەرسەن بەلكى ئادىلراق جاۋابنى سەنمۇ كۈتكەنگە.

3

سېلىپ ئىشقى پىراق دىلغا يۈرەمسەن شۇنچە پەرۋاسىز؟
ئازاب چەكسەم يۇتۇپ قانلار، كۈلەمسەن شۇنچە پەرۋاسىز؟
كەسىپ قىلغانمىدىڭ شۇنداق ۋاپاغا بىۋاپالىقنى،
ئەقىدەمگە جاۋاب جازا بېرەمسەن شۇنچە پەرۋاسىز؟
ئۆزۈڭ سالغان ئىدىڭ باشتا مېنى بۇ دەردى - كويلارغا،
ساداقەت ئەھدىنى خەستەك بىلەمسەن شۇنچە پەرۋاسىز؟
بولۇپ بۇلبۇل بېغىڭدا بىر ئۆمۈر سايراپ ئۆتەرمەن دەپ،
قىزىلگۈلنى قويۇپ داغدا كېتەمسەن شۇنچە پەرۋاسىز؟
تومۇزدا سۇ بېرەرمەن دەپ قۇرۇتتۇڭ بەلكى بوستاننى،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ گويا بىر چۆل، ئىكەنسەن شۇنچە پەرۋاسىز.
ئەزەلدىن ئوت بىلەن سۇدەك ھەۋەس بىرلە گويا سۆيگۈ،
مۇھەببەت ئەھلىگە قاپقان قۇرامسەن شۇنچە پەرۋاسىز؟

قۇندۇز مۇھەممەت

# شېئىرلار



1980-يىلىدىن باشلاپ شېئىرىيەت سېپىمىزگە كىرىپ كەلگەن ياش شائىرە قۇندۇز مۇھەممەت 1953-يىلى خوتەندە تۇغۇلۇپ، قاغىلىق ناھىيىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان. شۇ يەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ ھازىر «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

قۇندۇز مەرھۇم ئاتىسى، پېشقەدەم شائىر مۇھەممەت سىيىت (زوھۇرى) نىڭ تەربىيىسى ئاستىدا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا قىزغىن ھەۋەس باغلىغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ 80 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۇيغۇر شائىرەلىرىنىڭ كوللېكتىپ توپلىمى «ئانا قەلبى» ۋە «بۇلبۇللار نەزمىسى» گە كىرگۈزۈلدى.

—تەھرىردىن

## ئۆي

ھەيرانمەن، بەزىلەر ئۆيىدىن بىزار،
بەزىلەر، ئۆي تۇتماق ئۈچۈن چېپىشار.
بەزىلەر، ئۆيىنى دوزاق دەيدىكەن،
بەزىلەر، ئۆيىدىن ھۇزۇر ئېلىشار.

بەزى ئۆي گوياكى بايرام شادلىقى،
ھەر دائىم ئازادە، شۇنچىلىك قىزغىن.
ئاتىدۇر كۆيۈمچان، ئانا مېھرىبان،
باللار ئەدەبلىك، سۆزلىرى شېرىن.

جاپا ۋە راھەتكە ئورتاقلىشىدۇ،
يوقتىمۇ باردەكلا خۇشال ئۆتىدۇ.
ھەر دائىم چىرايى ئاپتاپتەك ئوچۇق،
ھۆرمەتلەپ ئۆزئارا قىزغىن كۈتىدۇ.

بەزى ئۆي جېدەلنىڭ-ماجىرانىڭ كانى،
تاپا ھەم تەنىنىڭ تۈگىمەس سانى.
بولمىغاچ ئۆزئارا ئىناقلىق، تەڭلىك،
شاد-خورام ياشاشنىڭ يوقتۇر ئىمكانى.

ئەپتىدىن مۇز ياغار بىر-بىرى ئۈچۈن،
كەچۈرمەس قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتسە.
بۇرۇختۇم، ئازابتا ئۆتەر كۈنلىرى،
دېيىشەر بىر-بىرىن «كۆزۈمدىن يوقسە!»

بىل، ئىنسان موھتاجدۇر مېھرى- شەپقەتكە،
شادلىنار ئېرىشسە چىن مۇھەببەتكە.
ۋاپا ۋە ئىناقلىق كانى بولسا ئۇيى،
چۆمۈلەر ھەر كۆڭۈل چەكسىز لەززەتكە.

## شائىر قەلبى

تۇرۇلۇپ، دولقۇن ئېتىپ، شاۋقۇن سېلىپ،
ئۇرۇلۇپ قىرغاقلارغا، ئالغا چېپىپ،
ئاقىدۇ قىيان ياساپ ئەزىم دەريا،
بىپايان قۇملۇقتىنمۇ يوللار ئېچىپ.
زىمىستان قىش پەسلىمۇ قاتماس ھەرگىز،
ئاقار ئۇ مۇز ئاستىدا چۇقان سېلىپ.
پارچىلاپ ئېرىتىدۇ قات ـ قات مۇزنى،
ئارقىدىن گۈل باھارنى باشلاپ كېلىپ.
شۇ دەريا شائىر قەلبى ئويغاق ھامان،
تىنجىماس تا مەڭگۈگە بۇژغۇن چېچىپ.
قويۇلار تەشنا دىلغا شەربەت بولۇپ،
ياشارتار ئەل كۆڭلىنى گۈللەر ئېچىپ.

## ئۈچىنچى شەخسكە

يۈزلىرىڭدىن ئاينى كۆردۈم،
كۆزلىرىڭدە قۇياشنى.
لەۋلىرىڭدە غۇنچە كۆردۈم،
يۈزلىرىڭدە ئوتقاشنى.

غۇنچە بويۇڭ بەك كېلىشكەن،
بولسىمۇ گۈل سىياقىڭ،
لېكىن ئاشۇ چىرايىڭغا
ماس كەلمەپتۇ ئەخلاقىڭ.

ئەپسۇس، بۇگۈن باشقىلارنىڭ
بەختىگە چاڭ سېلىپسەن.
شۇ بىگۇناھ مەسۇملەرنىڭ
ئۇۋالىغا قېلىپسەن.

ئويلىماپسەن گۆدەكلەرنىڭ
ئاھى مېنى تۇتار، دەپ.
بەختلىك بىر ئۆينى بۇزۇپ،
ئالدىڭ قېنى، قانداق نەپ؟

## ئەل نەزەرى

ئەل نەزەرى ئېگىز تاغ،
كۆتۈرىدۇ ئۇ سېنى
يۈكسەكلىككە.
ئەل نەزەرى چىمەن باغ،
باشلاپ كىرەر ئۇ سېنى
گۈزەللىككە.

## زورلىما

زورلىما، جېنىم،
تاشلا ئەمدى قەلەمنى دەپ.
قانچە قىلساڭ تاشلىيالمايمەن،
چۈنكى مەن ئاڭا بولدۇم نەزەربەنت.
خۇشاللىقىم، بەختىم، ئارزۇ ـ ئۈمىدىم
شۇ قەلەم بىلەن تۇرىدۇ كۆكلەپ.
قەلىمىم كۈلەر مەنمۇ كۈلەرمەن،
قەلىمىم تۆكەر مەنمۇ تۆكەرمەن.

## ئىككى پەسىل

توۋا،
باشلىقتا تومۇزدەك قىزغىن،
ئوخشاش ۋاقىت،
دېدىلىك: خوش - خوش.
ئوخشاش ئادەمگە
ئاممىغا زېمىستاندەك سوغۇق،
ئەكس ئەتتى چىرايىمدا ئىككى پەسىل.
دېدىلىك: پوش - پوش.

## قىزغانما

قىزغانما مېنى، قىزغانما،
مەن ئەمەس ئالما،
كىم خالىسا ئۈزۈپ يەيدىغان.
ئەمەسمەن پۇل ۋە ياكى تىللا
خالىغانچە يانچۇققا سالسام دەيدىغان.
مەن ئادەممەن، ئاقكۆڭۈل ۋە پاك،

مەندە بار بىر يۈرەك، مەندە بار ۋىجدان.
ئاشۇ يۈرەك
بىر ساڭىلا خاس.
سىلىق، قوپال ھىيلە - مىكىرلەر
مېنى يولدىن ھېچ ئازدۇرالماس،
چۈنكى قەلبىمدە سەنلا ھۆكۈمران!

## چۈش

ياتاتتىم،
بىردىنلا ئۆرلەپ ئۇچتۇم ھاۋاغا،
ھەممىدىن ئېگىز تۇرغىنىمغا
بولۇپ كەتتىم خوش.
چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچسام،

كۆرۈپتىمەن چۈش.
ئۆزۈم كارىۋاتتا،
قوللىرىم ھاۋادا
لەيلەپ تۇرار بوش...

## ئىنتىزارلىق

يىراقتىن ياڭرىدى،
يېقىملىق ناخشا،
يۈرىكىم كەتتى ئۇنى ئىزدەپ.
تۇرىمەن قىرغاقتا كۈتۈپ تەنھا،
كۈتۈپ ئۇنى ئۆزۈمنى بەزلەپ.

كېلۇر پەقەت
ئۇچقۇر شامallar،
ئۇچۇرۇپ چاچلىرىمنى،
سۆيۈپ مەڭزىمگە، ئەركىلەپ.

## باھار

نەھىكمەت، باھار كەلسە كۆڭۈل يايراپ،
ئەڭ گۈزەل ھېس - تۇيغۇغا چۆمۈلىدۇ.
تەبىئەت تويى بولغان كېلىنچەكتەك،
رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەككە كۆمۈلىدۇ.

چوڭ - كىچىك ئۇچار قۇشلار قانات كېرىپ،
شوخ، مۇڭلۇق، لىرىكىلىق كۈيلەر قاتار.
ئېتىزلار سەھنىسىدىن ياڭراپ ناخشا،
ئوغرىلاپ ھېسلىرىڭنى مەيلىڭ ئۇتار.

بارچە جان مىدىرلايدۇ ھايات ئۇچۇن،
ئۇرۇقمۇ باش كۆتۈرەر بىخلار يېرىپ.

لىگەنگە تىزىلىدۇ كۆك چۆچۈرە،
قوشنىلار يىغىلىپ يەر مەززە قىلىپ.

گۈزەللىك سۆيەر شۇنچە ئۇيغۇر قىزى،
چاچلىرىدىن ئۇششاق ئۆرۈپ، گۈللەر قىسار.
چېچەكلەر دۇنياسى بوپ كۆللەر ئەتراپ،
باغلاردىن تارىلىدۇ خۇش بۇي ئىپار.

باھارغا جان بېغىشلار ئانا زېمىن،
شۇڭلاشقا ئۇ گۈزەلدۇر ھەم مەڭگۈ ياش.
باھارنىڭ پەيزىدىن سۈرەر بارچە جانلىق،
نۇرىنى ئايىماستىن تۆكەر قۇياش.

رىسالەت شېرىپ

## شېئىرلار

### ئانىلىق تەسىراتىمدىن ئۈنچىلەر

بالا ئىدىم تېخى تۈنۈگۈن،
پۈرۈچتىن قورچاق ياساپ ئوينايدىغان،
باغرىمغا بېسىپ ئەللەي دەيدىغان،
سەبىيلىكىمدىن.
بۈگۈن مەن ھەقىقىي بىر ئانا،
كۆردۈم بوۋاقلىقىمنى بالامدىن.

ئانا بولدۇم،
«بالام!» دېسەم،
خۇشاللىقىمدا تار كەلدى دۇنيا.
ئانىلىق مېھرىم بىلەن تۇغسام دەيمەن،
بارچە شادلىقىم سىققۇدەك
شۇنداق دۇنيادىن بىرىنى يانا.

### ئەجەب...

تۇغۇلسا ئوغۇل ئەگەر
خۇشاللىقىدىن نەرە تارتىپ زېمىن،
تىترەر ئىمىش يەتتە قات ئاسمان!
تۇغۇلسا قىز
پەقەت
پەقەتلا خۇشاللىنار ئىمىش
ئوچاق بېشى،
قاچا- قۇمۇچ،

شىرە ئۈستىدىكى داستىخان.
بۇغۇ بىر رىۋايەت،
لېكىن بىلمىدىم،
بەزىبىر ئاتىلار ھەمىشە شۇنداق:
قىزغا ئۆچ، ئوغۇلغا بولىدۇ ئامراق.
بۇ قانداق لوگىكا؟
بۇ قانداق ئاتىلىق ۋىجدان؟
ئويلاپ باق!

### چاقچاق

گاھى ئاچچىقلاپ، گاھى تېرىكتىڭ، مەيلى ئاچچىقلان ياكى ھەيران قال،
ئامراقلىقىمدىن قىلغانىدا چاقچاق. مەندىن يۈز ئۆرۈپ ياكى پەشتى قاق،
كەچۈرەمسەن، دەپ سورىسام ئەپۇ، بۈگۈن، ئەتە ۋە كەلگۈسىدىمۇ
قوپاللىق بىلەن بەردىڭ جاۋاب: «ياق!» ئامراقلىقىمدىن قىلىمەن چاقچاق.

رەشىدە سېيىت

# ئانا ھەققىدە ناخشا

## ئىزدىمە، ئانا

كېسەل يېتىپ كارىۋاتتا، ئانا،
«ئېلىپ كەلگىن ئەينەكنى» دېدىڭ.
ئوڭ قولۇڭدا قايرىپ چېكەڭنى،
مۇڭلۇقىنا باشمۇ چايقىدىڭ.

يۈزلىرىڭگە باقتىڭ ئەينەكتە،
سىلاپ كۆردۈڭ سۇس داغلارنى ھەم.
قورۇقلارغا ئورۇندى قولۇڭ،
باش چايقىدىڭ شۇ چاغ دەممۇ دەم.

چېكەڭدىكى ھەر بىر تال ئاق چاچ
قانچا بولۇپ تەگدىمۇ ساڭا؟
كۆزلىرىڭدە ئەگكەن ياشتىن
شۇنداق ھالەت تۇيۇلدى ماڭا.

ھەرىكىتىڭگە زەڭ سېلىپ قاراپ،
مەن چۈشەندىم كۆڭلۈڭنى، ئانا.
سەن ئەينەكتىن ئىزدىمە، ئەسلىڭ
تۇرار پارلاپ ھۆسنۈمدە مانا.

## ئىزباسارلىرىڭ

ئانا بۈگۈن يېڭى يىلنىڭ ھارپىسى،
يۈرىكىممۇ تىترەپ ئازدى رىتىمدىن.
چىن دىلىمدىن ئۇرغۇپ چىققان تەسەللى
مەلۇم بولار ساڭا يازغان خېتىمدىن.

ئانا، ساڭا چىدام بەردى، كۈچ بەردى
ئۆز كەسپىڭگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت.
ئىستىكىڭ شۇ: ئايرىلمىساڭ مۇنبەرىدىن،
مەسۇملەرگە ئىلىم بەرسەڭ تائەبەت!

كۆز ئالدىمدا سېنىڭ كېسەل ھالىتىڭ،
چىرايىڭدا كۆردۈم سامان رەڭگىنى.
سەن ئېلىشتىڭ كېسەل بىلەن نەچچە يىل،
(بولامدىكىن ئۇنى ئاخىر يەڭگىلى؟)

شۇ ئۈممىدتە ئىشلىدىڭ سەن نەچچە يىل،
ئوماق تىل، گال قولنى خەتكە كۆندۈرۈپ.
مانا بۈگۈن ئىشلىمەكتە ئاشۇلار
ئەل-ۋەتەننىڭ يولىدا جان كۆيدۈرۈپ.

سەن تىرىلدىڭ، قايتا ئوماق كۆزلەردە،
سەن تىرىلدىڭ، چۈچۈك تىلدا، سۆزلەردە.
ساڭا ئاق يول بولدى ئاشۇ ئاق بورلار،
سەن تىرىلدىڭ، پەخرىڭ كۆلگەن يۈزلەردە.

قالدى سېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىڭ، رۇخسارىڭ
ئاشۇ سائەت، ئاشۇ كۈنلەر قوينىدا.
قەرز ئەمەس، بەلكى تۆھپە ئەجرىڭ بار
ھاياتىڭغا شاھىد يىللار بوينىدا.

تۇرنىسا مەمتىمىن

## بۇرغىچىغا ئاپىرىن

بۈگۈن كىچە بۇرغىچى يىگىت
تۈننى تاڭغا ئۇلىدى بىدار.
كىلەمدۇ يا كۆتىسە ئۇ شۇنداق،
نېفىتچى قىز بوپ ئاڭا دىلدار؟

ئەسلىدە ئۇ يىگىت ئاشىقى
«نېفىت» ئاتلىق ساھىبجامالكەن.
ئاڭلانسا گەر ئۇنىڭ شاۋقۇنى،
يىگىت قەلبى چوغ بوپ ياناركەن.

بولدۇم ئاڭا دىلدىن مەھلىيا،
دېدىم «يىگىت ساڭا ئاپىرىن».
ۋولقان كەبي سۆيگۈم يالقۇنى
تاشتى ئۇرغۇپ قەلبىم تەكتىدىن.

## چۈشەنسەڭ يار قەلبىنى

قولۇڭدا بىر دەستە قىزىلگۈل،
ئۈزۈپسەن يارىڭغا تۇتقىلى.
بولۇپسەن يولىغا ئىنتىزار،
كۆڭلىنى گۈل بىلەن ئۇتقىلى.

بېقىشىڭ يىراققا تەلمۈرۈپ،
يارىڭنى سېغىنىش ئەمەسمۇ؟
كۆرسە ئۇ ئۈزۈلگەن گۈللەرنى،
«يۈرىكى تاش ئىكەن» دېمەسمۇ؟

چۈشەنسەڭ نىگارىڭ قەلبىنى،
ئۈزمىگىن گۈللەرنى شېخىدىن.
ئەجىر قىل، ياسىغىن گۈلزارلىق،
ئورۇن ئال باغۋەنلەر سېپىدىن.

ئايگۈل ھەمدۇللا

## ئادەم

ئويناپ، كۈلۈپ يۈرگەنمۇ ئادەم،
دەرد-ھەسرەتلەر چەككەنمۇ ئادەم.
بوزەك بولۇپ تۇرغانمۇ ئادەم،
بوزەكنى بوزەك ئەتكەنمۇ ئادەم.

ھالال تەرىن تۆككەنمۇ ئادەم،
ئار-نومۇسىن ساتقانمۇ ئادەم.
جاھان سوراپ ئۆتكەنمۇ ئادەم،
ئادەمگە قۇل بولغانمۇ ئادەم.

ھەيرانمەنكى، ھەممىسى ئادەم،
نېچۈن بىرى ئېگىز، بىرى پەس؟
نېچۈن ھەممە ئوخشاش تۇغۇلۇپ،
چوڭ بولغاندا پەرقى تۈگىمەس؟!

## سوۋغا

تۇراتتىم چۈشۈمدە بىر گۈزەل باغدا،
كىملەردۇر بېرىشتى ماڭا كۆپ سوۋغا.
قوبۇل قىلىپ ئۇنى، ئېيتتىم ئاققا رەھمەت
تەمشەلسەم، قەبرىلەر تۇرار ئالدىمدا.

تۇراتتىم بۇ ھالىمنىڭ سىررىنى بىلەلمەي،
كىملەردۇر ۋارقىراپ سالدى چۇقانلار.
غايىۋى ئاۋازدىن كەينىمگە باقسام،
سۇنۇلدى سوۋغا دەپ مىڭلىغان قوللار.

تەڭلىكتە قىينالدىم، تەمتىرەپ شۇئان،
ئېسىمگە كەلدى ھەم بايىقى سوۋغا.
ئۇزاتتىم ئۇلارغا مانا سوۋغا دەپ،
بىراق رەد قىلىشتى كۆتۈرۈپ غەۋغا.

چۈشەندىم ۋە لېكىن مەندە نە ئامال؟
قولۇمدا بار پەقەت ئەجداد سوۋغىسى.
بولمىغاچ سوۋغىلىق ئۆز بىساتىمدا،
تىلغىدى قەلبىمنى ئەۋلاد قامچىسى...

* *

ئازابلىق تولغىنىپ ئاچسام كۆزۈمنى،
غەپلەتلىك تۈنگە تاڭ ئاتقان ئىكەن ئۇق.
چۈمۈلۈپ بەدىنىم قارا تەرلەرگە،
ياتىمەن قولۇمدا ھېچبىر سوۋغا يوق.

**ھەجەرگۈل قاسىم**

## ئايدىڭ كېچە

بىر مەنزىلنى كۆزلەپ بارىمەن،
خۇشاللىقىم جۇش ئۇرۇپ تېشىپ.
خۇددى يولىمىز بىردەك،
مەن قايان ماڭسام
ئايمۇ ئۇزەر ماڭا ئەگىشىپ...
ئاي دالدىغا ئالار ئۆزىنى
سىرداشقاندا مەن
يارىم بىلەن گىرە سېلىشىپ.



ئايگۈل مۆيدۇن

# «قىيامەتلىك» ئاغىنىلەر

(ھېكايە)

يولدىشىمنىڭ ئاغىنىلىرى مەيلى قانداق ۋاقىتتا كەلمىسۇن مەن قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئىشىمنى تاشلاپ، ھېرىپ-چارچىغىنىمغا قارىماي ئۇلارنى كۆڭۈلدىكىدەك كۈتۈشكە تىرىشىمەن. ئاۋۋال مېھماننىڭ ئالدىغا تاتلىق-تۈرۈملەر بىلەن چاي تارتىمەن. ئارقىدىن زاكوسكىغا بىر-ئىككى تەخسە سەي قورۇپ بېرىپ ئاندىن تاماققا تۇتۇنىمەن.

بىراق، راستىمنى ئېيتقاندا، بۇنى ئۆز رايىم بويىچە قىلىنغان ئىش دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى يولدىشىمنىڭ ئاغىنىلىرى ھەر قېتىم بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىنىدە نېمە ئۈچۈندۇر ئۆز ئاياللىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن سىرت، يەنە ئۆزلىرى بىلىدىغان بەزى خوتۇنلارنىڭ بولۇمسىزلىقى، ھورۇنلۇقى، قىزغانچۇقلۇقى، كۆڭلەمچىلىكى، مېھمان كەلسە چىراي ئاچمىغانلىقى، تۈزۈكرەك داستىخان سالمايدىغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى ئالا قويماي، ئەسكى چاپاننى سۆككەندەك سۆكۈشەتتى.

دەرۋەقە، بۇ سۆزلەر «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك ماڭا بىشارەت ئىدى. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىكى سەلبىي پېرسوناژغا ئايلىنىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە پات-پات كېلىپ تۇرۇشاتتى.

ئېرىم ئادىلمۇ قولى ئوچۇق، مېھماندوست بولغاچقا، مەرد يىگىت، دەپ دۈلىسىغا ئۇرۇپ، كەينىدىن سايىدەك ئەگىشىپ ماڭىدىغان «قىيامەتلىك» ئاغىنىلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ ئاغىنىلەر ئادىلنىڭ مائاش ئالىدىغان كۈنىدىن تارتىپ ھەتتا ئانچە-مۇنچە كېلىپ تۇرىدىغان قەلەم ھەققىلىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇ يەردىكى، ئادىلنىڭ جاپا چېكىپ ئەجىر قىلغان

ئەمگىكىدە خۇددى ئۇلارنىڭكىمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىسى باردەك، تەڭ بەھرىمەن بولمىسا بولمايدىغاندەك ئۆيگە كېلىپ مېھمان بولۇشقانلىقىنى ئۈستىگە، تولا چاغلاردا تېخى ئادىلىدىن پۇل ئۆتنە ئېلىشاتتى-يۇ، قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېسىگىمۇ ئېلىپ قويۇشمايتتى.

بىر قېتىم ئادىلىنىڭ يازغان بىر ئىلمىي ماقالىسى ئۈچۈن بېرىلگەن يۈز ئەللىك سوم قەلەم ھەققىنى شۇ ئاغىنىلىرى ئاشپۇزۇلدا بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتىلا يەپ-ئىچىپ تۈگەتكەنلىكى توۋەيلىدىن، ئەر-خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئۇرۇشۇپ قالغىنىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە.

— ئادىل، سىزگە ئائىلە، بالا-چاقا كېرەكمۇ-يوق؟ ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، دەپ ئۇلار سىزگە ئەمەس، پۇلىڭىزغا دوست. ئەگەر سىزنىڭ چۆنتىكىڭىزدە تۆت تەڭگە بولمىسۇنچۇ قېنى، سىزنى كىم ئىزدەپ كېلەركىن! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا كايىپ.

— نېمە، مېنى ئەخمەق دەۋاتامسەن تېخى؟ — ئادىل ماڭا ئاچچىقى بىلەن ھۆرپەيدى، — «پۇل تاپقۇچە، يۈز تاپ» دېگەن گەپ بار، ئاغىنىسى يوق ئادەم — ئادەم بولامدۇ، يەنە كېلىپ مېھمان قىلسام ئۆزۈمنىڭ پۇلىدا قىلدىم، سېنى ئىقتىسادتا قىيناپ قويدۇممۇ-يا؟ خوتۇن خەقنىڭ كۆزى كىچىك، ئىچى تار، دەپ راست ئېيتقان ئىكەن-دە...

— ئادىل، ئويلاپراق گەپ قىلسىڭىز بولارمىكىن! بىر ئۆيدە ھايات كەچۈرىۋاتقان ئەر-خوتۇنلار تۇرۇپ مېنىڭ پۇلۇم، سېنىڭ پۇلۇڭ دېسەك توغرا بولارمۇ؟

سۆزدە كەتكۈزۈپ قويغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ چىرايىدىن خىجالەتچىلىك چىقىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ:

— پۇلنىڭ كۆزىگە قارىغان ئادەم ئاغىنە تۇتماسلىق كېرەك، تۇتقان، ئىكەن، ۋاي دېمەسلىك كېرەك، — دېدى يەنىلا تەن بەرمەي.

— ئاشۇ ئاغىنىلىرىڭىزنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىما؟ ئويلاپ بېقىڭا، بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە ئۇلاردىن قانچىلىك ياخشىلىق كەلگەنتى؟

بىز توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئادىلنىڭ دادىسى قاتتىق ئاغرىپ، داۋالاش كار قىلماي تۈگەپ كەتتى. شۇ چاغدا دوختۇرخانىغا تاپشۇرۇدىغان مىڭ سوم پۇلنى راسلىيالماي بېشىمىز تازا قاتقانىدى. ئادىلنىڭ ھېلىقى «قىيامەتلىك» ئاغىنىلىرىدىن قەرز سوراپ كۆرۈۋىدۇق، «ئايلىقچى ئادەمدە زاپاس پۇل نېمىش قىلسۇن؟» دەپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇۋېلىشتى. ئاخىرى تويغا ئالغان گىلەم، ئۈنئالغۇنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. مەن شۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالدىم.

— ۋاي-ۋۇي، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى تەكەۋۇرمىگىنە، ئۇ چاغدا ئاغىنىلەرنىڭ يېنىدىمۇ راستىن پۇل يوق بولغىيتتى؟ — دېدى ئادىل رەنجىگەندەك بولۇپ.

مەن ئىچىمدە: «قېنى، شۇ ئاغىنىلىرىڭنى يەنە كۆرەرمەن!» دېدىم-دە، جىم بولدۇم.

ئادىلنىڭ ئاغىنىلىرى كۈندە دېگۈدەكلا كېلەتتى، كەلسىمۇ ئۇلار ئۈچۈن

دۇنيادا پەقەت يەپ-ئىچىش، ئويۇن-تا-
ماشا، قۇرۇق گەپ سېتىشتىن باشقا ئىش
يوقتەك، ئەدىكى يوقىلاڭ گەپلەرنى
تاللىشىپ، تا تۈن نىسپىغىچە ئولتۇرۇشاتتى.
ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ئادىلمۇ قىلىۋات-
قان ئىشىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشقا مەج-
بۇر بولاتتى. مەن ھەر ئىككىلىمىزنىڭ
ۋاقتى ئەنە شۇ قۇرۇق پاراڭچىلارنى
كۈتۈش بىلەن بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋات-
قانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاشۇ تۈگىمەس
غەيۋەت-شىكايەتلىرىدىن بارغانسېرى بىزار
بولۇشقا باشلىدىم. ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىم-
نىڭ ئورنىنى غەزەپ-نەپرەت ئىگىلىدى،
بىراق يولدىشىمنىڭ يۈزىنى دەپ يەنىلا
چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتىم.

بىر كۈنى كەچتە تاماقنى يەپ، قازان-قومۇچلارنى ئەمدىگىنە بېسىقتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك چېكىلدى. ئارقىدىنلا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگىنىچە ئادىلنىڭ خېلىل، نەمەت ئىسىملىك ئىككى ئاغىنىسى كىرىپ كەلدى. قىبرىشقاندەك نانمۇ تۈگەپ قالغانىكەن. يەنە كېلىپ بۈگۈن يامغۇر ياغقاچقا، سەيگىمۇ چىقالماي ئۆيدە بار سەينى ھېلىلا تاماققا ئىشلىتىپ بولغانىدىم. ئەمدى بۇ مېھمانلارنى نېمە بىلەن كۈتەرمەن؟ دېگەن ئەندىشە بېشىمنى قاتۇردى. بۇلارنىڭ بىمەھەل چاغدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاچچىقىم كېلىپ جىددىيلەشكىلى تۇردۇم، ئاخىر ئالمان-تالمان خېمىر يۇغۇرۇپ قازانغا قاتلىما سالدىم، ئۇدۇل قوشنامنىڭ ئۆيىدىن قەرزگە تۆت تۇخۇم ئېلىپ چىقىپ بىر تەخسە سەي قورۇدۇم.

تۆردىن ئورۇن ئالغان مېھمانلار قاتلىما بىلەن سەينى كۆرۈپلا مېيى ماختاش سۆزلىرىگە كۆمۈۋەتتى.

— دىلەيسەم، قولىڭىز گۈل جۇمۇ سىزنىڭ، ھەش-پەش دېگۈچە تاماق تەييارلاپسىز ... — دېدى كىرىپلا ئۇنىڭ بىر چېتىدە يېيىلىپ ئولتۇرغان يوغان قورساق، بۇغداي ئۆڭ، كۆز جىيەكلىرى قىزارغان نەمەت سۆز باشلاپ.

— شۇنى دېگىنە ئاداش، خوتۇن بولسا، دىلەيسەمدەك چەبدەس، خۇش خۇي بولسا. ئادىل راستىن بەختلىك بار جۇمۇ سېنىڭ، سەن چوقۇم يۈز ياشقا كىرىسەن... — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئۇدۇلدا ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق، قوشۇق يۈز خېلىل شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، — گەپ بىلەن بولۇپ بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ھېلىقى × × × ئوبلاستتىكى ئاغىنىمىز ياقۇپ يىغىنغا كەلگىلى بىرنەچچە كۈن بوپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بايىلا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ ئادىل بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولدى، ئەگەر مۇھىم ئىش چىقىپ قالمىسىلا كەينىڭلاردىن بارىمەن، دېگەنىتى.

قوللىرىم بىردىن تىترەپ، چاي چىنىنىڭ سىرتىغا قۇيۇلۇپ كەتتى.

«ئىم، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇ خەۋەرنى سەل بۇرۇن ئاڭلىغان بولسام، بىر ئاز توختاپ تۇرارىكەنمەن، ۋاي ئىسىت، ئەمدى ئۇ مېھمانغا نېمە ئېتەرمەن؟» دېگەن ئەندىشە مېنى بىئارام قىلىۋەتتى.

مەن ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋېلىپ، بۈگۈن مېھمان كېلىشتىن بىخەۋەرلا ئولتۇرۇپتىمىز، دەپ ئۆيدە تاماق قىلغۇدەك گۆش-پۇش، سەي-پەينىڭ يوقلۇقىدىن بىشارەت بېرىپ قويدۇم.

ــ غەم قىلماڭ دىلەيسەم، پۇل بولـ
سا جاڭگالدا شورپا، ــ دەپتىكەن كونىلار،
ھازىر بازارلار ئاۋات، يېرىم كېچىدە
چىقسىڭىزمۇ توخۇ سۈتىدىن باشقىسى
تېپىلىدۇ، ئادىلدەك ئېرىڭىز تۇرغان يەردە
نېمىدىن غەم قىلىسىز؟... ئىشىنىڭ كارى
ئۆتكەنكىدەك شورپىسى شۇررىدە ئېقىپ
تۇرۇدىغان پېتىر مانتا يەيمىز، پېتىرمانـ
تا... ــ دېدى نەمەت ماڭا قاراپ ھىجايـ
غان پېتى.

ــ ياقۇپ كەلگەندە بىر گەپ بولار،
قېنى، سەي مۇزلاپ قالمىسۇن، ــ دېدى
ئادىل ئۇلارنى تاماققا زورلاپ.

مەن ئۇلارنىڭ چىنىلىرىگە چاي لىقـ
لاپ قويۇپ، مېھمانخانا ئۆيدىن ئەمدى
كىنە چىقىشىمغا خېلىلنىڭ: «ئادىل، سەن
بىلەن بىر قىيامەتلىك ئاغىنە، بۇنىڭغا
قىل سىغمايدۇ ھەم بىرنىڭ ئوتتۇرىمىزدا
سېنىڭ ـ مېنىڭ دېگەن گەپمۇ يوق ...»
دېگەن گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.
كۆڭلۈمگە قانداقتۇ بىر گۇمان چۈشتى ـ دە،
ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى
ئۇقۇپ باققۇم كېلىپ، ئىشىك تۈۋىدە
تۇرۇپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدىم.

ــ خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكـ
مىز ئۈچۈن سۆيۈنچە بېرەرسەن؟ ھېلىقى
تەرجىمە قىلغان كىتابىڭ ئۈچۈن بىر
مىڭ ئىككى يۈز سوم پۇل كەلگۈدەك...

ــ ئوبدان گەپقۇ، سىلەر بۇ خەۋەرنى
نەدىن ئاڭلىدىڭلار، مېنىڭ تېخى خەۋىرىم
يوق، ــ دېدى ئادىل تەمكىن ھالدا.

ــ سېنىڭ راستىن خەۋىرىڭ
يوقما؟

ــ خۇدا ھەققى، مەن ئەمدى ئاڭلاـ
ۋاتىمەن...

ــ بولدى، خۇپسەنلىك قىلما، پۇل
سورامدىكىن دەپ قورقۇۋاتامسەن؟ دۇنيادا
ھازىر بىكارغا ئىش نەدە، قەرز ئالساق
قايتۇرۇپ بېرىمىز!... ــ دېدى خېلىل ئاچچىق
ئارىلاش تەنە قىلىپ، ئاندىن يەنە قوشۇپ
قويدى، ــ بۆگۈن نەشرىياتتىكى ھېزىمنى
ئۇچراتقانىدۇق، بۇ خەۋەرنى شۇنىڭـ
دىن ئاڭلىدۇق، ئەمدىچۇ ئىشەنگەنسەن؟

ــ ئاغىنىلەر، مەن قاچان سىلەرـ
دىن پۇل ئايىغان، قېنى شۇ پۇل، ئاۋۋال
قولغا تېگىپ باقسۇن، ــ دېدى ئادىل
كۈلۈپ تۇرۇپ.

خېلىل ئىشىك تەرەپكە ئېھتىيات
بىلەن قاراپ قويۇپ دېدى:

ــ ئادىل، بىرنىڭ ئوغۇلنىڭ توي
ئىشى مېنى ئالدىرىتىپ قويدى، بولسا
ماڭا مىڭ سوم...

ــ نېمە؟ ئىنساپ بارمۇ سەندە؟ ــ
دېدى نەمەت ئىچىۋاتقان چېيىنى دەرھال
جوزىغا تاققىدە قويۇپ، ــ ھەممىنى سەن
ئالساڭ ماڭا نېمىسى قالىدۇ، ئوغلۇمنىڭ
خەتمىسىنى قىلىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ
قالدىڭما؟ سەن يېرىمىنى ئال، مەن يېرىـ
مىنى ئالاي.

بۇ ئىككىيلەننىڭ قولغا كەلمىگەن
پۇل ئۈستىدە دەتالاش قىلىپ كېتىۋاتقانـ
لىقىنى كۆرگەن ئادىل ماقۇللۇق بىلدۈـ
رۈپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى.

«توۋا، ماۋۇ قىزىلكۆزلەرنى قاراڭلار،
ئادەمنى بۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ،
مۇشۇ چاقچىقە بولارنىڭ ئىشىكى شىمالغا
قارامدۇ ياكى جەنۇبقىمۇ كىم كۆرۈپتۇ؟
تېخى ئۆتكۈزۈپ قويغان ئېلىشى باردىكـ
دەك يوق پۇلنى تالىشىپ دولىېشىنى
چىقىرىشىنى كۆرمەمدىغان!... ھەي ئادىل...!

ھەممە گۇناھ سېنىڭ يۇۋاش-يۇمشاقلىقىڭدا، سەن ئۇچۇشنىلا بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەيۋاتىسەن. يەپ قاچا، قورساق باقتى ئاغىنىلىرىڭ ئاخىر بىر كۈنى داغدا قويۇدىغۇ سېنى» دېگىنىمچە ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم.

تەلىيىمگە ياقۇپمۇ كەلمىدى، ھېلىقى ئىككىيلەنمۇ قايتىشتى.

مەن بۈگۈن ئادىلغا پۇل ھەققىدە سۆز ئاچمىدىم ھەمدە بايىقى ئاڭلىغان گەپلەرنى يۈزىگىمۇ سالمىدىم.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ئاستا سورىدىم:

— ھە، راست، ئادىل، ھېلىقى بىرمىڭ نەچچە يۈز سوم قەلەم ھەققىنى ئالدىڭىزمۇ؟

— نېمە؟ سەن ئۇنى قاچان ئۇقتۇڭ؟ — دېدى ئادىل دۇدۇقلىغان ھالدا ۋە كۆزلىرىنى مەندىن ئەپقاچتى.

— ئاغىنىلىرىڭىزنىڭ ھېلىقى كۈنى بىزنىڭ ئۆيدە قىلىشقان گەپلىرىدىن ئاڭلىدىم... قانداق؟

ئادىل گەپ-سۆز قىلالماي تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئالاقزادىلىكتىن بۇ پۇلنىڭ ئاللىقاچان قارار جايىنى تاپقانلىقىنى بىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ يەنە كوچىلاپ سورىدىم:

— ئۇ پۇلنى ئالدىڭىزمۇ-يوق؟

— ئېلىشنى ئالدىم. 1000 سومنى نەمەت بىلەن خېلىل ئۆتنە ئالدى، — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن ئاستا.

— نېمە دەۋاتىسىز ئادىل، مۇشۇنچىۋالا پۇلنى ئۇلارغا نېمىشقا بېرىسىز؟ — دېدىم مەن ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، — سىزگە پەقەت ئاشۇ قىيامەتلىك ئاغىنىلىرىڭىزلا ئەسقاتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇلار بۇرۇن ئالغان قەرزلەرنى تېخىچە قايتۇرماي يۈرگەن يەردە بۇنچىۋالا پۇلنى ئۆلگەندە قايتۇرامدۇ؟ سىز ئۇلارنىڭ بانكىسىمۇ...؟ — مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي يىغلىۋەتتىم.

— قىزىل يۈزلۈك ئادەم زارلىنىپ تۇرسا، پۇل تۇرۇپ بەرمىسە قانداق بولىدۇ؟ «سورىغان باتۇرمۇ، بەرگەن» دەپ باشقا كۈن چۈشمىسە پۇل سورامدۇ؟! خاپا بولما، مېنىڭ جېنىم ئامان بولۇپ، ئايىغىمدىن شامال ئۆتۈپ تۇرسىلا پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، مە، ماۋۇ ئىككى يۈز سومنى سەن ئېپىقوي، — دېدى ئۇ ۋە قويۇن يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدى.


مەن پۇلغا قاراپمۇ قويماستىن كەينىمنى قىلىپ تۇرۇۋالدىم.

شۇ كۈنى ئادىل بىلەن ئىككىمىز خېلىلا تەگەشتۇق، ئادىل يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاغىنىلىرىنى ياقلاپ، ماڭا بىر مۇنچە چىرايلىق گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلدى. ئاخىرى قولىدىكى پۇلنى جوزا ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

مانا، خېلىل بىلەن نەمەتنىڭ پۇل ئۆتنە ئالغىنىغا ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى، ئەمما قايتۇرۇپ بېرىش ئۇلارنىڭ ئېسىگىمۇ كەلمىگەندەك بىخىرامان، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ جىم يۈرۈشەتتى. ئادىل بۇ ھەقتە ئۆزى تۇرماق مېنىمۇ ئېغىز ئاچۇرمىدى.

تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئادىلنى ماشىنا سوقۇۋېتىپ بىر پۇتى زەخمىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى.

بۇ چاغدا مەن خۇددى ھاس...



ياسىنجان ئۆمەر

# ❀ مۇئەللىمە ❀

(پوۋېست)

## مۇقەددىمە

قەدىرلىكىم، بۇ — مېنىڭ ھايات قىسسەم.

بۇ — مېنىڭ بەكلا قىسقا ھاياتىمنىڭ يۈرەك قېنىمدا يېزىلغان قىسسىسى. ساناقلىق بىرنەچچە كۈنۈملا قالدى. ئەزرائىل ئالدىمغا دەممۇ-دەم كېلىپ دېۋەيلەپ، تەھدىت سېلىۋاتسىمۇ، بۇ خاتىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا بەل باغلىدىم. بۇنى سىزگە يادىكار سۈپىتىدە ھەدىيە قىلغۇم بار... شۇڭا بۇنى يازاي، تا، قەلىمىم توختىغانغا قەدەر يازاي! قىسقىسى، بۇنى سىزگە قالدۇرماي كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ قىسسىنى ئوقۇپ تۇرۇشىڭىزغا، قەدىرلەپ ساقلىشىڭىزغا ئىشىنىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقىلارمۇ ئەمدى بۇنى — پەقەت بىر ئۆلگەن ئايالنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئەسلىمىسى ئىكەن، دەپ ئېتىبارسىز قالدۇرماس؛ خىلۋەت ماكاندا ئۆتكەن ئاددىي ئوقۇتقۇچىنىڭ قەدىرسىز ھايات كارتىنىسى ئىكەن، دەپ يۈرمەس. بولمىسا، خەسىس تەقدىر ماڭا ئۆلچەپ بەرگەن بۇ بىبەرىكەت ھاياتىمنىڭ يارقىن لېنتىسى جانسىز تىدىن ئايرىلغان ئەمادەك غەم-قايغۇ، تېگىرقاش ئىچىدە بىر كۆزۈم ياش، بىر كۆزۈم قان يۈرمەكتە ئىدىم.

ئادىل دوختۇرخانىدا توپتوغرا يېرىم يىل ياتتى، پۇتى ساقىيىپ ئۆيگە ياندۇرۇپ چىققانىغىمۇ سەككىز ئاي بولاي دېدى. بىراق ئادىلنىڭ ھېلىقى «قىيامەتلىك» ئاغىنىلىرى ئۇنى دوختۇرخانىغا تۇرماق، ئۆيگىمۇ يوقلاپ كېلىپ قويمىدى. مەن ئادىلنىڭ جاراھىتىگە تۇز سەپمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چىقىرىشنى خالىمىدىم.

تۇۋا دېگۈم كېلىدۇ، ھېلىقى «قىيامەتلىك» ئاغىنىلەر ئەمدى نېمىشقا كەلمەيدىكىن؟

نىم بىلەن سوغۇق تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتسە، ماڭا تېخىمۇ ئەلەم بولىدۇ...

تۈنۈگۈن يېزىغا قېلىن قار ياغدى. دېكابىرنىڭ مۇزدەك ھاۋاسى ئادەمنى نەشتەردەك سانجىپ تۇرىدۇ. سىنىپىمىزنىڭ ئوتتەك ئىسسىق بولۇشىغا ۋە شۇنچە قېلىن كىيىنگىنىمگە قارىماي، جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدىم. دوسكىنىڭ ئالدىدا چىشلىرىمنى مەھكەم چىشلەپ، خېلى ئۇزاق ئولتۇردۇم. چىرايىم تاتىرىپ كەتسە كېرەك، باللار مونچاقتەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا قاراشماقتا. مەن جەينەكلىرىمنى شىرەگە تىرەپ، ئىككى چېكەمنى ئالقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ، كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم...

ئارىدىن قانچە ئۇزاق ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. كۆزۈمنى ئاچسام ئۆيىمىزدە يېتىپتىمەن. بېشىمدا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سەپدىشىم خۇماگۈل ۋە يەنە بىر قانچەيلەن قاراپ تۇرۇشۇپتۇ.

— سىز ياخشىراق داۋالانسىڭىز بولاتتى، — دېدى كۆزلىرىمنى ئاچقىنىمنى كۆرۈپ ياش مۇدىر قۇربانجان. ئۇنىڭ چىرايىدىن ماڭا ئېچىنغانلىقى ۋە كۆيۈنۈۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مەن ئۈنچىقمىدىم، مۇدىرنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت. لېكىن ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتىپ بېرەلەمتىم؟ چۈنكى مەن كىچىككەن تۇرسام... سىزنىڭغۇ «داۋالانغىن؛ داۋالانساڭ بولاتتى» دېگەنلىرىڭىزگە جاۋابەن، كۆڭلۈمدىكىنى دېيەلەيدىكەنمەن، لېكىن ھەر قانچە بولغاندىمۇ قۇربانجان يات بىر كىشى - دە! ... سەپداشلىرىم مەسلىھەتلىشىپ سىز ناھىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا مېنى چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالاتماقچى بولۇشتى. مەن بېشىمنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدۇم. مەن كېسىلىمنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنى بىلىمەن، ئەمدى ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئامال قىلالمايدۇ. كېسىلىمگە دىئاگنوز قويۇشتا، مېنىڭدەكمۇ ئۇستا دوختۇر بولماس. دىئاگنوزۇمنىڭ توغرىلىقىنى بۇلتۇر ئۈرۈمچىدە داۋالىغان دوختۇرلار ئىسپاتلىغان. لېكىن ئۇلار مېنى كۆڭۈل ئۈچۈنلا بىر مەزگىل «داۋالىدى»، سىز بولسىڭىز مەن «ساقىيىپ» چىققاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي ئۈمىدۋارلىققا تولۇپ كەتتىڭىز. چۈنكى سىز مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمىسىڭىز كېرەك — بۇ ھاياتنى بىللە ياشاپ ئۆتكۈزىمىز، دەپلا بىلىسىڭىز كېرەك. ئاھ... مەن ئاخىرقى كۈنلىرىمنى ياشاۋاتقانلىقىمنى سىزگە ئالدىنئالا بىلدۈرۈپ قويۇشنى قانچە خىيال قىلساممۇ، ئاغزىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتىم، چۈنكى سىزنىڭ پاك قەلبىڭىزگە جۇدالىق ھەسرىتىنى سېلىشقا، قامىتىڭىزنىڭ ۋاقىتسىز پۈكۈلۈپ، بويۇنىڭىزنىڭ قىسىلىپ قېلىشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ مەن سىزنى ھالىمدىن خەۋەردار قىلىشىم، ھېچ بولمىغاندا، ماڭا سىڭدۈرگەن ئەقىدىلىرىڭىز ئۈچۈن رازىلىق ئېلىشىم كېرەكقۇ، توۋا، سىز ئادەتتە شۇنچە ھوشيار ئىدىڭىز، لېكىن مۇشۇ كۈنلەردە ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك كۆرۈنىسىز. مەن تىت - تىت بولاتتىم. بىر كۈنى سەھەردە ئۇيقۇم قاچقانلىقىنى باھانە قىلىپ سىزنى ئويغاتتىم - دە، يوغان بىلەكلىرىڭىزنى ئورۇق ئالقانلىرىم بىلەن سىلاپ ئولتۇرۇپ، «تېخى ھېلىراقتا، بىر ماشىنىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى چۈشۈمدە كۆرۈپتىمەن...» دېگەنلەرنى ئېيتىپ بەردىم. سىز چۈشكە ئىشەنمەيت-

تىڭىز. شۇڭا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىڭىزنى ئېرەڭسىزلىك بىلەن ئېچىپ:
— نادىرە، چۈشىدە ماشىنىغا چۈشسە، شۇكىشىنىڭ خىزمەتكە چىقىشى، دېيىشىدۇ-
كەنغۇ، سېنىڭغۇ بىر ئوبدانلا خىزمىتىڭ بار، دېدىڭىز. مەن ئۆزۈمنى بېسىپ تۇرۇپ:
— سىز تېخى ياش ... — دېدىم.
— نېمە؟ ... سەنمۇ ئەمدىلا 38 گە كىردىڭغۇ؟
مەن ئۈنچىقمىدىم ۋە بىرپەستىن كېيىن:
— ماڭا بولغان كۆيۈمچانلىقىڭىزغا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيۋاتى-
مەن، — دېدىم.
سىز ئورنىڭىزدىن قوزغىلىپ، ياستۇققا يۆلەندىڭىز ۋە يوتقانىنى يۇقىرىراق تارتىپ
قويۇپ، مېنىڭ مۇڭ باسقان كۆزلىرىمگە قارىدىڭىز:
— نادىرە، يېقىن ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا بىر بىرىگە رەھمەت ئېيتىپ يۈرۈش-
نىڭ نېمە ھاجىتى؟ ...
— ياق، ئەمدى ... ئۆزۈمچىلا ... — مەن تەتۈر قارىۋالدىم. كۆزۈمنىڭ نەملەشكەن-
لىكىنى سىز .كۆرمىدىڭىز ... مەن ھەلقۇمىمدىكى ئاچچىق بىر نەرسىنى تەسلىك بىلەن
ئىچىمگە يۇتتۇم ۋە سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئاستا سىلىدىم:
— باللاردىن سوراپ يۈرىمەن. پەقەت مەختۇرەدىن باشقىلىرى «دادامنى ياخشى
كۆرىمەن» دېيىشىدۇ. ئۇلار سېنى ياخشى كۆرمەمدىكەن؟ رەنجىدىڭمۇ...مەن ئىشەنمەيمەن! ...
— ياقەي، ئۇلار كىچىك-تە، ئەركىلەپ شۇنداق دېيىشىدىغاندۇ؟ مەنغۇ، ئۇنداق دېسە،
خۇش بولۇپ كېتىدىكەنمەن.
— نېمىشقا؟
— باللارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە يېقىن قىلىپ تەربىيىلىگۈم بار. ھەممىسى سىزنى
چۆرىدەپ يۈرسە، كېلەچەكتە ...
— كېلەچەكتە باللارنى چوڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى ماڭىلا تاپشۇرۇۋېتىدىكەنسەن-دە،
شۇنداقمۇ؟ ئۇ چاغدا ساڭا كۆپرەك دەم ئېلىش پۇرسىتى بولىدۇ-ھە؟
مەن ئۈنچۇقمىدىم، ئىچ-ئىچىمدىن بۇلدۇقلاپ كېلىۋاتقان كۆز يېشىمنى ئارانلا
بېسىپ ئولتۇراتتىم.
— قىزىتمىڭ ئۆرلەپ قاپتۇ، نادىرە. — دېدىڭىز سىز جانسىز چاچلىرىم ئارىسىدىن
پېشانەمنى تۇتۇپ بېقىپ، — ھەر ھالدا قېلىنراق كىيىنىۋالساڭ بوپتىكەن. سوغۇق ئۆتكۈ-
زۈۋالدىڭمىكىن دەيمەن-ھەي ...
سىز خىزمەتكە كەتتىڭىز، مەن سىزنىڭ گېپىڭىز بىلەن شۇ كۈنى مەكتەپكە بار-
مىدىم، ئۆزۈم كۆكۈش يالقۇن چىقىرىپ ئوت كۆيۈۋاتقان چويۈن مەشىنىڭ يېنىدىكى
تۆشەك ئۈستىدە تېپتىنچ ياتقىنىم بىلەن خىيالىم دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزەتتى. گاھ
سىنىپتىكى ئوتتۇز نەچچە جۈپ ئوماق كۆزلەر ئىچىدىن ئۆزۈمنىڭ سۈرىتىنى كۆرەتتىم،
ئۇلار بىلەن بىر-بىردىن سۆزلىشىپ چىقاتتىم. گاھ، گەپلىرى چۈچۈك كىچىك ئوغلۇم
قەيسەر بىلەن ئەمەكلىشەتتىم. گاھ، ئۆتكەن كۈنلىرىم — شۇنچە قىسقا ھايات يولۇم يادىم-

غا چۈشەتتى ... قىسقىسى، ئۆزۈم تىنچسىز ئىدىم. تىنچسىزلانغانسېرى زەئىپ يۈرىكىم ئا-غاتتى، ئۆپكەم قىسلاتتى.

ئاخىرى مەن مۇشۇ قارارغا كەلدىم. ئۆزۈمنى تىنچلاندۇرۇش ۋە سىزگە قالدۇرۇپ كېتىش مەقسىتىدە هايات قىسسەمنى يېزىشقا بەل باغلىدىم.

1

مەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەشق زالىدا چىرايلىق قىز ھەلىمە بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ سەنئەت مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ بۇ يەرگە مېنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرىلا تەقسىم بولۇپ كەپتىكەن.

— سىزمۇ ئۆمەككە تەقسىم بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭ ئالدىمې، ئەمما تامامەن شىمال قىزلىرىدەك پۈزۈر ياسانغان تۇرقۇمغا زوق بىلەن قاراپ. مەن بىشمىنى لىكشىتتىم. ھەلىمەنىڭ دېڭىزدەك ئاق يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى. بىر جۈپ بوتىلاق كۆزلىرى خۇشلۇقتىن ئوينىاپ كەتتى.

— بەكمۇ ئوبدان بولدى. ئەمدى بۇ يەردە سىزمۇ، مەنمۇ زېرىكمەيمىز، — دېدى ئۇ قوللىرىمنى بوغۇرساقتەك يۇمشاق ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ.

ھەلىمەنىڭ ئېيتىشىچە، يېڭى قۇرۇلغان بۇ ئۆمەكتە ئون نەچچە ئادەم بار ئىكەن. ئىككىمىزدىن باشقىلىرى مەخسۇس سەنئەت مەكتىپىنى كۆرمىگەن، دېھقانلار ئارىسىدىن كەلگەن ھەۋەسكار قىز - يىگىتلەر ئىكەن.

— ئەمدى بۇ ئۆمەكتە ئەڭ ياش ئارتىستىكا ئىككىمىز بولىمىز، — دېدى ئۇ مېنى ياتىقىغا باشلاپ، — بۇ يەردە ھەممىيلەن ئۆزۈڭدىن چوڭ، يەنە تېخى ناتونۇش ئادەملەر، تارتىنماي - قورۇنماي يۈرەلمەيدىكەنسەن. بۇنداق چاغدا بىر تەڭتۇش دوستۇڭنىڭ بول-ماسلىقى ... ھەي، مەنچۇ، راستىنى ئېيتسام، زېرىكىپ ئۆلەيلا دېۋىدىم.

مەن يۈك - تاقلىرىمنى ھەلىمە بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ياتىقىغا ئېلىپ كىر-دىم. كەڭ كارىدورنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئىككى ياغاچ كارىۋات قويۇلغان ئۆيدە ئۇ يالغۇز ئى-كەن. كارىۋاتلارنىڭ بىرسىگە مەن جايلاشتىم.

— يۈز - كۆزۈڭنى يۇغىن! — دەپ بۇيرۇدى گۈللۈك داسقا سۇ قۇيۇپ كېلىپ ھەلىمە. ئۇ ئەمدى مېنى تامامەن سەنلەپ سۆزلەشكە كۆچتى، — قالغانلار تېخى ئۆلۈش-كۈنلا ئويۇن قويغىلى كۈڭشىلارغا كېتىشتى. ئۈچ ھەپتىدە كېلەرمىش.

ھەلىمە ئىككىمىز قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە قەدىناس دوستلاردەك ئىجىللىشىپ كەت-تۇق. ھەلىمە 13 يېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت مەكتىپىگە بېرىپ، ئۇسسۇل سى-نىپىدا ئوقۇپتۇ. بەش يىل ئۇسسۇل ئۆگەنگەن بۇ قىزنىڭ ماھارىتىگە گەپ كەتمەيتتى. ئىككىمىز ئەتىدىن - كەچكىچە مەشق زالىدا بولاتتۇق. تۈرلۈك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى مەشق قىلاتتۇق. راستىنى ئېيتسام، بۇ مەشقلەرگە مېنىڭ خۇشتۇم يوق ئىدى. مەن ئۇس-سۇلغا كىچىكىمدە ھەۋەس قىلاتتىم. شۇڭلاشقا ئانچە - مۇنچە پۇت - قولۇم كېلەتتى. لې-كىن ھەلىمەنىڭ كۆڭلىنى دېمىسەم، قولۇمنىمۇ كۆتۈرۈپ قويغۇم كەلمەيتتى.

— زېرىكتىڭمۇ، كوچا ئايلىنىپ كېلەيلىمۇ؟ — دەيتتى ھەلىمە مېنىڭ مەشق قىلىشقا كۆڭۈلسىز تۇرۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ. مەن بېشىمنى چايقايتتىم. بازار ئايلىنىشتىن تېخىمۇ بىزار ئىدىم. چۈنكى، بۇ كىچىككىنە بازاردا بىرەر يوچۇن ئادەم خۇددى بوز يەردە ئۆسكەن يالغۇز گىياھدەك لوڭگىدا كۆرۈنۈپ قالىدىكەن. مېنىڭ بىرەر ناتونۇش ئادەم كۆز توختىتىپ قارىسىلا يۈز-كۆزلىرىم شەلپەردەك قىزىرىپ، پۇتلىرىم كالۋالىشىپ كېتىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. «تۇۋا، نېمانچىمۇ ئۇياتچانسەن نادىرە؟ — دەيتتى ئۆيىمىزدە ئاپام مېنىڭ تارتىنچاقلىقىمغا ھەيران قېلىپ، — مۇشۇ ھالىڭدا قانداقمۇ ئوقۇتقۇچى بولىمەن دەپ يۈرىدىغانسەن قىزىم؟ — ئاپامنىڭ سۆزى راستە، ئەمدى سەھنىدە شۇنچە كۆپ خەققە قانداقمۇ ئويۇن كۆرسىتەرمەن؟ ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئەندىشە قىلىپمۇ قالاتتىم.

ھەلىمە ئىككىمىز ئۆمەك قورۇسىنىڭ ئىچىدە بىر پەس ئايلىناتتۇق، ياتاققا كىرەتتۇق، چىقاتتۇق ۋە يەنە زالغا قايتىپ كىرىپ، يۇمشاق مەشق پالىزىنىڭ ئۈستىدە ئېغىناپ يېتىشاتتۇق. ئاپئاق پاقالچەكلىرىمىزنى، تولۇپ كېلىۋاتقان چىرايلىق كۆكسىمىزنى تاماشا قىلاتتۇق. مۇڭدىشاتتۇق، كۈلۈشەتتۇق. ئۇنىڭ شوخ، ئاق كۆڭۈل ۋە ئوماقلىقى مەندە ياخشى تەسىر قالدۇرغان بولسا، مېنىڭ تارتىنچاقلىقىم شۇنداقلا ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «تەبىئىي گۈزەللىكىم» ئۇنىڭغا ياققانىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغا يېرىم سائەتچە قالغانىدى. ئىگىلىش ھەرىكىتىنى ھارغىچە مەشق قىلغان ھەلىمە يۈز-كۆزىدىكى تەرلىرىنى لۆڭگە بىلەن ئېرتقىنىچە، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مېنىڭ بىر قىسما ھالىتىمگە دىققەت قىلىپ سورىدى:

— بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ، نادىرە؟

— ياقەي، — دېدىم، مەن ئۇنىڭغا قاراپ، — ھەلىمە، مەن ئارتىست بولمايمەن!

مېنىڭ بۇنداق چورت كەپ قىلغانلىقىمنى ئۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاچقىمۇ تەئەججۇپ ئىچىدە چۆچۈپ قارىدى:

— ھە، نېمىشقا؟ ... بۇ ....

مەن ھاياجىنىمنى بېسىپ تۇرۇپ ھەلىمەنىڭ ئوماق بوتا كۆزلىرىگە قارىدىم ۋە سۆزۈمنى تەكرارلىدىم:

— ئارتىست بولمايمەن ھەلىمە، بۇنداق دېسەم، سېنىڭ كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن دوستۇم، توغرا چۈشەنگىن.

— ھەركىمنىڭ سۆيگەن كەسپى بولىدۇ، دېمەكچىمۇسەن؟

— شۇنداق. مەن ئوقۇتقۇچى بولۇشنىلا خالايتتىم.

— ئەمسە، ئۇلار سېنى قانداقچە بۇ يەرگە ...؟

مەن ھەلىمەگە، تەشكىلنىڭ بىرەر مەكتەپتىن ئورۇن تاپقۇچە، سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ تۇرۇشۇمنى ئېيتقانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بەردىم.

— ئۇھ خۇدا! ...مۇنداق دېگىن، دېمەك ئاخىرى كېتىدىكەنسەن-دە!

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. ھەلىمەنىڭ بوتا كۆزلىرىنى مۆڭ باستى. ئۇ ماڭا قەۋەتلا ئېچىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن مېنىڭمۇ ئايرىلغۇم كەلمەيتتى، لېكىن ئامال يوق. ئۇ مېنىڭ بىلەن كېتەلمەيدۇ. بىزنىڭ كەسپىمىز باشقا-باشقا. ئۇ سەنئەتكار، مەن ئوقۇتقۇچى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەدەنىي-مائارىپ ئىدارىسىغا باردىم. ئىدارە ئىشخانىسىدا يەنە شۇ ھېلىقى بورۇت قويۇۋالغان قېرى كاتىپ مۈگدەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىمگىلا، ئۇ قىزغۇچ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئولتۇرۇشۇمغا جاي كۆرسەتتى. ئۆتكەندە مېنى ئۆمەككە تەقسىم قىلغان ئادەم شۇ ئىدى:

— خوش، ئوماق قىز، ئۆمەككە كۆنۈپ قالغانسىز؟ ماڭا رەھمەت ئېيتقىلى كەلدىڭىزغۇ تايىنلىق، شۇنداقمۇ؟ كۆنۈپ قالىسەن دېسەم ئۇنىمايسىز، مانا چاي ئىچىڭ!...

— كۆنەلمىگۈدەكمەن، — دېدىم بېشىمنى چايقاپ، — يەنىلا ئوقۇتقۇچىلىقىمنى قىلاي.

— شۇنداقمۇ؟ ... ئەپسۇس قىزىم. سىزگە بۇ يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپلەردىن ئورۇن چىقمايدۇ دېۋىدىمغۇ، راستىنلا ئىشلىمەمسىز؟

— ھەئە، راستىنلا ئۆمەكتە ئىشلىگۈم يوق. ئاجىز بىر قىز ئىكەنلىكىمنى ئېتىبارغا ئالسىڭىز، يېقىنراق بىر مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭ، پەقەتلا ئامال يوق دېسىڭىز ... — مەن ئۇنىڭ ئۈمىدسىز كۆزلىرىگە قارىدىم.

كاتىپ ماڭا ئېچىنغان ھالدا قارىدى ۋە بويىنىنى قىستى:

— يېقىن ئۆپچۆرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار قىسقارتىلىپ، يىراق يېزا مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىلىۋاتىدۇ. يېڭى كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن پەقەت قۇمباش يېزىسىدىلا ئورۇن بار. مەيلىمۇ؟

قۇمباش يېزىسىنىڭ ناھىيە بازىرىدىن ئىككى يۈز چاقىرىم يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى، ئىسمىدىنلا بىلىنىپ تۇرغىنىدەك قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر شورتاڭ سەھرا ئىكەنلىكىنى كاتىپنىڭ ئاغزىدىن ئېنىق ئۇقتۇم. گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا:

— مەيلى يېزىڭ، قۇمباش يېزىسىغا يۆتكەپ بېرىڭ! — دېدىم.

— تۇۋا، بىغەرەزلىك قىلماڭ، قىزىم! سىز ئەمەس، ئوغۇللارمۇ بېرىشتىن باش تارتىدۇ ئۇ يەرگە، — دېدى كاتىپ ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى ھىمىرىپ تۇرۇپ، — بۈگۈن ماقۇل دەپ، ئەتە يىغلاپ كەلسىڭىز بولمايدۇ، تەقسىمات دېگەن كىچىك بالىنىڭ ئويۇنى ئەمەس-تە، بېرىڭ، يېنىكلىك قىلماي، ئوبدان ئويلىنىپ كېلىڭ قىزىم!...

مەن نائىلاج ياتاققا قايتتىم.

كەچقۇرۇن ياتاقتا يالغۇز قالدىم. ھەلىمە قايسىبىر يۇرتداشىنىڭكىگە كەتكەنىدى. ئېلېكتىر لامپوچكىسىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ماكارېنكونىڭ «پېداگوگىك پوئېما» سىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز ئىشىكنى بىرسى چەكتى. بۇ تېخى ھەلىمەنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدى. بۇنداق كېچىدە ئىشىكنى قاققان كىمكىنە؟ ...

مەن تەئەججۇپ ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئىشىكنى ئاچتىم. ئالدىمدا خېلى رەتلىك كىيىنگەن بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى:

— كىمنى ئىزدەيتتىڭىز؟

— شىماللىق نادىرە ئىسىملىك قىز مۇشۇ ياتاقتا تۇرامدۇ؟

— شۇ — مەن!

بۇ ناتونۇش يىگىت مېنىڭ ئىسمىمنى نەدىن بىلىدىغاندۇ - ھە؟ مېنى سۇر باستى. ھېلىقى يىگىت:

— قېنى، كۆرۈشۈپ قويايلى، — دېدى - دە، تارتىنىپ تۇرمايلا قوللىرىمنى ئالقىنىغا ئالدى. مېنى خۇددى توك تېپىۋەتكەندەك غەيرىي بىر سېزىم چاڭگىلىغا ئالغانىدى. قولۇمنى دەرھال تارتىۋالدىم - دە، ئۇنىڭ چىرايىغا چۆچۈپ قارىدىم. ئۇ خاتىرجەم ۋە كۈلۈپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇ مېنىڭ پۇتلىرىمنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، ھېچ تۈزۈتىسىزلا ياتاققا ئۇسۇپ كىردى.

«تازىمۇ يۈزى قېلىن بىر نەرسىكەنغۇ بۇ!» مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى.

— بۇ ياققا بىر سىڭىلىمىزنىڭ يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا چاپتىم، — دېدى ئۇ ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — ئولتۇرۇڭمۇ دېمەيسىزغۇ، ھە مەيلى بولمىسا ... — ئۇ ئۆزى كېلىپلا ئورۇندۇققا چاپلاشتى، — مەنمۇ شىماللىقمەن. تەقدىرنىڭ شامىلى جەنۇبتىكى بۇ زېمىنغا ئۇچۇرۇپ كېلىپ تاشلىغىلى ئۈچ يىل بوپتۇ. ئۈچ يىل خۇددى ئوتتۇز يىلدەك تۇيۇلدى. رۇدا قېزىش دەمدۇ، پولات تاۋلاش دەمدۇ، ئەيتاۋۇر چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشلەرنىڭ ھەممىسىدە بولدۇق. ئۆزۈمنىڭ ماشىنىسازلىق كەسپىدە ئوقۇپ قالغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلىمەن، تېخى ... — بۇ جاۋىلداق يىگىت ئۆزىنىڭ ھازىر ناھىيىدىكى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتىدا مېخانىك بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

«شىماللىق بولساڭ قانداق قىلاي! سېنىڭدەكلەر شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە بار!» دەيتتىم مەن ئىچىمدە، ئۇ ئەزمىسىنى ئېزىپ بىرمۇنچە كەچمىشلىرىدىن مېنى خەۋەردار قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ھېچ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى.

— تونۇشقىنىمىزغا ئىنتايىن خۇشالمەن نادىرە، خوش. قانداقلارچە كېلىپ قالدىڭىزكىن بۇ ياققا؟

— مېنىمۇ تەقدىرنىڭ شامىلى ئۇچۇرۇپ كەلسە كېرەك، — دېدىم - دە، بېشىمنى كۆتۈرمەي قولۇمدىكى كىتابنى ۋاراقلىغىنىمچە ئولتۇرۇۋەردىم.

— ھە، كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىدىكەنسىز - دە، سەنئەتچىلەر كىتاب ئوقۇشى كېرەك. سەنئەت مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنمىدىڭىز؟

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىمايتتىم.

— ياق! ...

— ئەمىسە، سەنئەت كەسپىنى سۆيىسىڭىز كېرەك؟

— بەلكىم.

ئىچىمدە ئۇنىڭ ياتاقتىن پاتراق يوقىلىشىنىلا تىلەيتتىم. مېنىڭ سوغۇق مۇئامىلەم تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپ ئولتۇرغان ئۇ يىگىتكە قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن،

ئش قىلىپ، ۋاقىت ناھايىتى ئېغىر سىلجىپ ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ئاخىر كـ
تابنى «پاق!» قىلىپ كارىۋاتقا تاشلىدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە كۆزلىرىمنى يوغان
ئېچىپ، ئۇنىڭغا ھېسسىياتسىزلا قارىدىم. ئۇ ماڭا تۆشۈكتەك تىكىلگىنىچە ھىجىيىپ ئول-
تۇراتتى. ئۇ ئەمدى مېنىڭ «چىقىپ كېتىڭ!» دېيىشكە تەييار ئىكەنلىكىمنى سەزسە
كېرەك، تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى:

— ئىسمى ـ فامىلەمنىمۇ سوراپ قويمىدىڭىز، كامالنۇر، ئادەتتە كامال دېيىشىدۇ.
خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، تارتىنچاق قىز. يەنە يوقلاپ كېلەرمەن سىزنى...

«ياق، كەلمەيلا قويۇڭ!» دېيىشكە تاسلا قالدىم.

— زېرىكسىڭىز بىر تەرەپلەرگىمۇ ئۆتۈڭ! خەير ـ خوش! — ئۇ گەۋدىسىنى تۈز تۇ-
تۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۈستۈمدىن بىر ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك
«ئۇھ!» دېدىم ـ دە، ئىشىكنى چىڭ تاقاپ كارىۋىتىمغا كەلدىم.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ھەلىمە قايتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىمنى
كۆرۈپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا سورىدى:

— نادىرە، يالغۇز قويۇپ كەتتى، دەپ مېنىڭدىن رەنجىپ قالدىڭمۇ؟

— ياقەي، نېمىشقا ئەمدى؟! ... — مەن كىتابىنى يېپىپ قويۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم.
مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىشىنى ئۆزۈم خالىغان تۇرسام، ئۇنىڭغا رەنجىشىم ئورۇنسىز
ئىدى.

— نېمە بولدۇڭ ئەمىسە، ئېيتقىنا ئالتۇنۇم! ...

ئۇ چاقماق گۈللۈك نېپىز پەلاتىسىنى يېشىپ، كىيىم ئاسقۇغا ئىلدى ۋە كارىۋىتىم-
غا ئولتۇرۇپ، بوينۇمغا گىرە سالدى:

— زادى نېمە بولدى ساڭا، نادىرە؟

مەن ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرغان بوتىلاق كۆزلىرىگە قارىدىم ۋە ھېلى بولغان ئىشنى
ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ھەلىمەنىڭ ئاق پوسمىلاق يۈزلىرىگە كۈلكە يامرىدى. ئۇ ياقى-
سىغا رەشلىيە ئىشلەنگەن ئاق چۈچۈنكە كوپتىسىنىڭ ئۈستىدىن قوساقلىرىنى باسقىنىچە
قاتتىق كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ھەيران
بولۇپ قارىدىم.

— تۇۋا، شۇ ئىشمىدى نادىرە، قارا سېنى، ياۋا توشقاندەك ... — ئۇ يەنە ئۇزاققىچە
كۈلدى، — ئالما پىشقاندا كىمنىڭمۇ يېگۈسى كەلمىسۇن ئاپپىقىم ... — ئۇ قاتتىق كۈلكى-
دىن ياش لىغىرلاپ قالغان دۈگىلەك كۆزلىرىنى ئۇۋىنىتىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن
ئۆزىنىڭ ۋە مېنىڭ بۇرنۇمنى كۆرسەتتى، — مەنمۇ، سەنمۇ شۇنداق پىشقان ئالمىلارمىز.
بىزگە ھەممە يىگىتلەر قول ئۇزارتىپ باقىدۇ. ھى ... ھى! ... — گەپ ئۇنى كىمنىڭ ئۇ-
زەلىشىدە. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ...

— مەن بېشىمنى تۆۋەن سالدىم.

— ئۇھ، ياشلىق! ... — دېدى ئۇ كارىۋاتتىن سوزۇلۇپ قوپۇپ ۋە بىر قەدەم مې-
ڭىپ كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، ماڭا قارىدى، — ياۋا توشقاننى قوغلاپلا تۇتالايمەن دېسە

كېرەك ئۇ بايقۇش، ھەدېگەندىلا بۇرنىغا تەپتىڭمۇ؟ ھا ... ھا ... ھا ...! بىچارە يىگىت شۈمشىيىپ كېتىپ قالدىمۇ - ھە؟ ... تۇتالىغان بولسىغۇ، مەنمۇ خۇش بولاتتىم ... ھەي، ئىسىت!

ھەلىمەنىڭ چاقچاقلىرىدىن بىزار بولدۇم:

— ئوھۇش ... تولا چىشىمغا تەگمىسەڭچۇ، ھەلىمە!

ئۇ كۈلكىدىن توختاپ، يەنە يېنىمغا قايتىپ كەلدى:

— ماڭا قارا دوستۇم، ئادەم ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغىنىدا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىر سىرلىق دۇنيانىڭ ئىچىگە كىرىشكە باشلايدىكەن. ئاشۇ دۇنيا كىشىنى خالىسا، لەززەتلەر ئىچىدە ئەركىلىتىدىكەن، خالىسا، ئازابلار ئىچىدە قىينايدىكەن. ئۇ چاغدا سەن بارلىق خاھىشىڭنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇۋەتكەن بولىدىكەنسەن. پۈتۈن ئەركىنلىكىڭ، ھوقۇقىڭ جىمجىتلا، بىراۋنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندەكلا، ئۆزۈڭدە بىر خىل ۋەسۋەسىدىن باشقا ھېچنەرسە قالمايدىكەن ... مانا مەن ئۆزۈمنى ئالسام، ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىردىم. لېكىن ... — ئۇنىڭ چىرايىدا بىردىنلا ئازابلىق ھالەت شەكىللەندى، — بىز ئىككى ئاي ئىلگىرى، غۇلجىدىكى بىر ئۆمەككە پراكتىكىغا بارغانىدۇق. شۇ چاغدا، مەن ئاشۇنداق بىر ۋەسۋەسىگە گىرىپتار بولدۇم. ئۇ يەردە زەينۇل ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ، ئۇسسۇلنى ۋە مۇزىكىلارنى ياخشى بىلگەنلىكى سىرتىدا، ناخشىنىمۇ كامالەتكە يەتكەن ناخشىچىلاردەك شۇنداق تەسىرلىك ياخشى ئېيتاتتى. مەن ئۇنى ئۆزۈمچىلا ياخشى كۆرۈپ قېلىشقا باشلىدىم. بەختىمگە، مېنى رەھبەرلىك ئۇنىڭ بىلەن «نەشپۈتلۈكتە» دەيدىغان بىر يېڭى ئۇسسۇلنى بىللە رېپىتىس قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئۇسسۇلنى شۇنچە نەپىس ۋە سىلىق ئوينايتتى. ئۇنىڭ مۇلايىم قاراشلىرى، كېلىشكەن قامىتى ۋە قىزغىن سۆھبەتلىرى ئۇزاق ئۆتمەي، مېنى ئەسىر قىلىپلا ئالدى. توۋا، ئۇنى بىردەم كۆرمىسەم تۇرالمايدىغان ھالغا كەلدىم. خۇددى بىرسى مېنى ئۇنىڭغا يىپسىز باغلاپ قويغاندەكلا ... بىر ئاي ئۆتتى. بىز پراكتىكىنى تاماملاپ، مەكتەپكە قايتىپ كەلمەكچى بولدۇق. قايتىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمىدا مەن ئۇنى ياتىقىغا ئىزدەپ باردىم، لېكىن ئۇ يوق ئىدى. تونۇشقىنىمىنىڭ يادىمىسى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا چوڭايتىلغان بىر پارچە رەڭلىك سۈرىتىمنى ھەدىيە قىلماقچى ئىدىم. ئەپسۇس، خېلى ئۇزاق ساقلىدىم، ئۇ كەلمىدى، قاراڭغۇمۇ چۈشتى. بىز ئەتىسى سەھەردىلا يولغا چىقماقچى ئىدۇق. مەن ئۇنى ساقلاپ يېرىم تۈنگىچە ئولتۇرۇشقىمۇ رازى ئىدىم. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئويلىنىپ، خىجىل بولۇشقا باشلىدىم. چۈنكى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەسىپداشلارچە مۇناسىۋەتتىن ھالقىغان كىچىككىنىمۇ ئىش بولۇپ ئۆتمىگەن ... ئەگەر ئۇ شۇ تاپتا كېلىپ قالسا، نېمە دېيىشىم مۇمكىن؟ مەن سەگەكلەشتىمدە، ئىتتىك ئورنىمدىن تۇرۇپ، ئىشىك تۈۋىگە كەلدىم. لېكىن نېمىنىدۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئىختىيارسىز كەينىمگە قارىدىم. بۇ يالغۇز ياتاقتا مەن تارتىشقۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى. يانچۇقىمدىن ھېلىقى سۈرەتنى ئېلىپ، كەينىگە «مېنى ئەسلەڭ!» دېگەن

خەتنى يازدىم-دە، ئۇنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقتىم...

ھەلىمەنىڭ گۈزەل چىرايىدا بايىقى شوخلۇقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ئويچان كۆزلىرىنى يەردىن ئېلىپ ماڭا قارىدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىڭمۇ؟

— ياق، مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە رەسىمىمنى ئوبدان ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەگەر ۋاقىت يار بەرسە، ئۆكتەبىردە بولىدىغان تويغا قاتنىشىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپتۇ... — ھەلىمە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى.

— شۇنچە يىراقتىكى بىرسىنىڭ تويىغا باراتتىڭمۇ-ھە؟

ھەلىمە ماڭا ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئۇنىڭ تويى مەشەدە بولسىمۇ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن، چۈنكى بۇ مېنىڭ نەزەرىمدە، ئۆزۈمنى-ئۆزۈم كاچاتلىغانغا ئوخشاش ئىش...

مەن ئۈنچىقمىدىم.

— ھەر ھالدا زەينۇل بەختلىك بولىدۇ، — دېدى ھەلىمە خورسىنىپ ئاخىرىدا.

— دېمەك، كىشىلەر مۇھەببەت دەپ ئاتايدىغان نەرسە شۇنداق بولامدىغاندۇ، ھەلىمە؟

ھەلىمە ئىتتىك بېشىنى چايقىدى:

— مەنمۇ بىلمەيمەن، لېكىن ياشلىقنىڭ بەخت ۋە قايغۇسى چىرمىشىپ كەتكەن بۇ ۋەقە مېنىڭ ساددا قىزلىق تۇيغۇلىرىمنى چۆچۈتۈپ ئويغاتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، — دېدى ئۇ بېشىنىڭ كەينىگە گىرەلەشتۈرۈۋالغان قوللىرىنى مۈرەمگە ئېلىپ، — سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاڭلىشى بىلەنلا، ھېلىقى يىگىتتىمۇ بىرخىل زوقلىنىش تۇيغۇسى ئويغانغان، سېنى كۆرۈشى بىلەنلا ئىچىگە بىر ئوت تۇتاشقان چېغى... ئۇنى ئەيىبلەشكە بولاتتىمۇ، نادىرە؟

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم:

— قويغىنا، تېتىقسىز گېپىڭنى، بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟...

— ئىشەنمەمسەن؟... — ھەلىمە كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، — لېكىن مەن ئىشىنىمەن. سەن پسىخولوگىيە ئوقۇغانمۇ؟ بىز سەنئەتچىلەر ئۇنى ئاز-تولا بىلىمىز. قارا، سېنىڭ جىسمىڭدىنچۇ، يىگىتلەرنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ بار، نادىرە! مەن بۇنى سېنى دەسلەپ كۆرگەنىدىلا سەزگەنتىم... شۇڭلاشقا ئۇنى ساڭا ئاشىق بولۇپ قالدى دېمىگەندىمۇ، ئۇنىڭدا بىر خىل ھەۋەس-ھېرىسمەنلىكنى ئويغىتىپ ئۈلگۈرگەنسەن-دە، ياۋا توشقىنىم، راستىمۇ؟ ھى... ھى...!

ھەلىمە قوللىرىمدىن تۇتۇپ، مېنى ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چۆگىلەتتى-دە، كارىۋىتىمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا بېرىپ ئاستا غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى:

ۋاقتى يوقمۇ، ئالدىراش يارىنىڭ،
مېنىڭ بىلەن ئەمەكلىشىشكە؟
سىڭايان بولۇپ قاراپ قويمايدۇ،
ئۇنى سۆيەي دېسەم نېمىشكە؟ ...

ھەلىمەنىڭ سۈزۈك ۋە يېقىملىق ئاۋازى مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان تۈگۈنسىز يىپەكتەك لەرزان دولقۇنلاپ، بۇ تەنها ياتاقتىن ھەمدە تىنچ ئۇخلاپ ياتقان يۈرەكنىڭ قات - قاتلىرىدىن نېمىلەرنىدۇ ئىزدەيتتى ...


بىز ئۇخلاشقا ياتتۇق. ھەلىمە بۇلاقتەك كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ بىر ھازا تىنچ ياتتى ۋە يېنىك «ئۇھ» تارتقىنىچە يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلاپ قالدى. مېنىڭ ئۇيقۇم قاچقانىدى. ئاللىقانداق چىگىش خىياللار تىنچلىقىمنى بۇزۇپ، خىياللىرىمنى بىئاراملىقنىڭ چەكسىز دەشتلىرىگە سۆرەيتتى.

قەدىرلىكىم، ھەلىمە تۇرمۇش مەسىلىلىرى جەھەتتە مېنىڭدىن بىلىملىك ئىدى. تۇرمۇش، كىشىلىك قاراش، ھېسسىيات، مۇھەببەت ... ۋەھاكازالارنى چۈشىنىشتە ۋە ئۇ نەرسىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئۇنىڭ بىر يۈرۈش كۆز قارىشى بار ئىكەن. شۇڭلاشقا مەن تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا قايىل. خۇددى كىشىنىڭ خاتىرىسىدە ئەڭ دەسلەپ ئېلىپبەنى ئۆگەتكەن ئوقۇتقۇچىسى ئۇنتۇلماي ساقلىنىپ قالغىنىغا ئوخشاش، مېنىڭ تۇنجى تۇيغۇلىرىمنى ئۆز چۇقانى بىلەن ئويغاتقان شۇ ھەلىمە تا ھازىرغا قەدەر كۆز ئالدىمدىلا.

2

كەچكۈز، دەل - دەرەخلەر يالىڭاچلانغان. غازاڭلارنى شىرىقلىتىپ دەريا تەرەپتىن مۇزدەك شامال ئۇچۇپ كېلىدۇ. كۈن نۇرىدا دەريا يۈزى يالتىرايدۇ. ئاق باش قورايلار قاپلىغان دالىدا پادىلار ئوتلاپ يۈرۈشىدۇ ... بىز تاشقىن دەرياسىنى بويلاپ، توپىلىق يولدا كېلىۋاتىمىز. دەريا سۈيى بىر خىل يېقىملىق شاۋقۇنلىرى بىلەن گۈرۈلدەيدۇ. ئاق، يېشىل، قىزغۇچ ۋە ھاۋارەڭ تاشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان سۈزۈك ئېقىنىدا قىرغاقتىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يالغۇز ئاتلىق كۆتەك ھارۋىمىزنىڭ خۇددى ئاغرىقچان ئانا غازدەك «غات ...غات ...» ئاۋاز چىقىرىپ مېڭىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۈگۈنكى سەپىرىم تولىمۇ تىنچ، مېنىڭ خىياللىرىمنى ھېچنېمە بۇزمايدۇ. يۈز - كۆزلىرىنى چاڭگىدەك ساقال باسقان ئاتىخان بوۋا تولىمۇ كەمسۆز ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۇچى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئۇزۇن ساپلىق قامچىسىدىن پات - پات «قارس» چىقىرىپ، يوغان تۇياقلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يۆتكەپ كېلىۋاتقان بوز ئېتىنى ھۆركۈتۈپ كېلىدۇ. ھارۋىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئىككى قاتلاپ سېلىنغان كونا تۆشەكتە ئۇنىڭ كېسەلمەن مومىيى جىيەكلىرىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك چوڭقۇر سىزىقچىلار قاپلىغان نۇرسىز كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ خامۇش ياتىدۇ. مەن پۇتلىرىمنى كونا پەلتۇيۇمغا ئوراپ ھارۋىنىڭ

يان ياغىچىغا يۆلەنگىنىمچە، دەرياغا قاراپ كېلىۋاتىمەن. بوۋاينىڭ پات - پات بۇرۇلۇپ
خوتۇنىغا تىكىلىشلىرى ۋە نېمىنىدۇ ئېيىشقا ئالغاندەك چوچۇپ ماڭا
قاراشلىرىنى سېزىپ تۇرۇمەن. بوۋاي مېنىڭدىن ئارتۇقچە گەپمۇ سورد-
مايدۇ، ئاق روملى ئاستىدىكى كۆمۈشتەك چاچلىرى چىگىشلىشىپ كەتكەن ياداڭغۇ موما-
مۇ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يۆتىلىپ كەتكەنىدىن باشقا ھېچ زوۋان سۇرمەيدۇ.
بۈگۈن قۇمباش سەپىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنى، تۈنۈگۈن ناھىيە بازىرىدىن يولۇچى-
لارنى توشۇيدىغان قارا ماشىنىدا قۇدۇق ئۆتەڭگىچە كەلدىم. ئۈستى بىرىزېنت بىلەن
يېپىلغان بۇ ماشىنا قۇلاقنى پاك قىلغۇدەك ئاۋازى بىلەن شورتاڭلىق يولدا ئاسمانپە-
لەك توپا توزۇتۇپ، مەنزىلگە يېتىپ كەلدى - دە، يولۇچىلارنى تۆكۈۋېتىپ قايتىپ كەتتى.
دىماقلىرىمغا مايىنىڭ سېسىق پۇرىقى بىلەن شورلۇق توزاڭلار تىقىلغان، ئۈستىبېشى بوز
توپىلارغا كۆمۈلۈپ قالغان يولۇچىلار تەكلىماكان چېتىدىكى بۇ كۆرۈمسىز يېزىنىڭ
قوينىغا كىرىپ غايىب بولۇشتى، خۇدايا شۈكرى! ئەركىنلىككە ئۇلاشتىم. پۇت - قولىنى
ئەركىن سوزۇپ ئولتۇرىدىغانمۇ كۈن بولىدىكەن. دۇنيادا، قىستىلىپ، مىدىر قىلماي بىر-
نەچچە كۈن ئولتۇرغاندىنمۇ ئېغىر هاردۇق بولماس. ھەرھالدا ئۇزاق يولنىڭ ۋە روھىي
بىئاراملىقنىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلدۇم دەپ ئويلايمەن. قارا ماشىنىدا زىختەك سانجىلىپ
ئولتۇرغان سالقىن تەلەتلىك ئادەملەرنى ئەمدى كۆرمەسمەن. كۆزلىرى چانىقىغا چۆك-
كەن، يۈزلىرىدە قانسىز بىر قەۋەت تاقىر تېرىلا قېتىپ قالغان، گۆرەن تومۇرلىرى كۆك
تاياقتەك، گەدەن پاتاڭلىرى بىلەي تاشتەك بىلىنىپ قالغان غەمكىن ئادەملەر كىشىنىڭ
كۆڭلىنى بۇزىدۇ. ئاغزىنى ئاچسىلا، ئاشلىق ۋە ئاچلىقنىڭ گېپىنى قىلىدىغان، تويمىغۇر-
لارنى قاغايدىغان جاۋىلداق، ئۇرۇشقاق خوتۇنلاردىن يەتتىكچە بىزار بولغانىدىم.
قۇتۇلدۇم، ھەممىسىدىن بىر پەستىلا قۇتۇلدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر ئەركىن دۇنياغا
چىقىپ قالغاندەك يېنىك نەپەس ئېلىشقا باشلىدىم ...
بوز ئات قىرغاقنى يونۇپ ياسالغان تارچۇق يول بىلەن كۆتەك هارۋىنى سۆرەپ
ئېقىنغا چۈشتى. سۇ يالاپ كەتكەن شېغىللىق ئارالاردا ئالىقاچان ياپراقلىرى تۆكۈل-
گەن قىزغۇچ يۇلغۇنلار، ئاندا - ساندا ئۇچرايدىغان قويۇق تىكەنلىك ئاق چىرغانلار، قۇ-
رۇغان ئوت - چۆپلەر دەريا تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان شامالدا ساغۇچ غازاڭلىرىنى ئېغاڭلىتىپ
دىرىلدەيدۇ ... دەريانىڭ تېگى خېمىردەك يۇمشاق بولسا كېرەك. ئات يوغان تۇياقلىرىنى
تەسلىكتە يۆتكەيتتى. هارۋا چاقى ئاران ئايلىناتتى. بىردىنلا ھارۋا توختاپ قالدى.
ئات قورساقلىرىنى ئېچىگە تارتىپ قانچە يۇلقۇنسىمۇ، نەتىجە چىقمىدى. ھەتتا بوۋاينىڭ
قامچىسىمۇ كارغا كەلمىدى. ھارۋا پاتقاققا پاتقانىدى. ئاتىخان بوۋاي، كېپىشىنى سېلىپ،
ھارۋىغا تاشلىدى-دە، ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرىنى ئېگىز تۈرۈپ سۇغا سەكرەپ چۈشتى. ئەم-
دى ئاتنىڭ بوجىسىنى باشقۇرۇش ماڭا قالغانىدى. مەن بوۋاينىڭ ئورنىغا كېلىپ، تىز-
لىنىپ ئولتۇردۇم - دە، ئىككى قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇزۇن بوجىنى چىڭ
تۇتۇپ تۇردۇم.
— «مەنچۇ !» دېگەندە چۇلۇۋۇرنى قاتتىق سىلكىگەن قىزىم، — دەپ ئۆگەتتى



ئاتىخان بوۋاي. مەن بىشەمنى لىڭشىتتىم. خۇددى جىددىي بىر سىناققا دۇچ كەلگەند-
دەك، پۈتۈن دىققىتىمنى قولۇمدىكى ئۇزۇن ئارغامچىغا يىغىپ بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرات-
تىم. بوۋاي پۇتلىرىنى ھارۋا چاقىنىڭ بالداقلىرىغا ئالدى-دە، پۈتۈن كۈچى
بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ: ئاتنى «چۇ!» دېدى. مەن شۇئان قولۇمدىكى ئارغامچىنى كەينى-
كەينىدىن پۇلاڭلىتىپ، بوۋاي بىلەن بىللە «چۇ!» دېيىشكە باشلىدىم. لېكىن ھارۋا قى-
مىرمۇ قىلمىدى.
— بالام، بۇ سېنىڭ سەكرەپ ئوينايدىغان تاناڭ ئەمەس. چۇلۋۇرنى ئاتنىڭ قۇ-
لىقىدىن ئارتىلدۇرۇپ، قاتتىقراق سىلكىشلىگىن، ئۇقتۇڭمۇ؟ — بوۋاي پۇتى بىلەن قول-
لىرىنى ماسلاشتۇرۇپ چاقنى ئالدىغا تېخىمۇ قاتتىقراق باسقانىدى، بىردىنلا چاق سىل-
جىپ كەتتى. مەن خۇشلۇقىمدىن ۋارقىرىۋەتتىم.
— چۇ! چۇ! ... ھاياجانلانغىنىمدىن، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تازىمۇ قاتتىق تارتىۋەتكەن
ئوخشايمەن، بىر پەستە بىچارە ئات ئاغزىنىڭ ئاغرىقىغا چىدالماي، خارتىلدىغىنىچە ئال-
دىنقى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈردى. شوتا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ يەنە پەسكە چۈشتى. قورق-
قىنىمدىن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلدى. بوۋاي چىرايىمنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ
كۈلۈپ كەتتى:
— ۋاي ئەخمەق قىز، تارت دېسە شۇنچىمۇ تارتقان بارمۇ؟ ئاغزىنى يىرتىۋەت-
تىڭغۇ جانىۋارنىڭ، ئەپكەل ماڭا بەر!
بىر ئېقىننى كېچىپ قۇملاق جايغا چىقتۇق. بوۋاينىڭ پاچاقلىرى قىزىرىپ كەت-
كەنىدى. ئۇ ھۆل بولغان پۇچقاقلىرىنى سىقىۋېتىپ، كېپىشىنى پۇتىغا كىيىۋالدى. دەريا
ئېقىنى قاشتىن خېلىلا پەستە ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەريا سۈيى ئېقىندىكى
شېغىل، قۇملارنى ئېقىتىپ كېتىپ، چوڭقۇر ياردائىلىقنى ھاسىل قىلغان ئوخشايدۇ. يەنە

ئېگىز قاشقا چىقىشقا توغرا كېلەتتى. بوۋاي ئىككىمىز ھارۋىدىن چۈشۈۋالدۇق. بىچارە ئات، كېلەڭسىز ھارۋىنى كۈچەپ تارتماقتا.

بىر قۇملۇق قىرغاقنى بويلاپ ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا، قويۇق چاتقاللىققا كىردۇق. قۇرۇغان غازاڭلار يېپىشىپ قالغان سازلىقتا مۇزدەك سۇ يېيىلىپ ئاقاتتى. كۆتەك ھارۋا چاقى ئېغىر دۈگىلەپ، پاتقاقلارنى چاچراتقىنىچە سازلىققا چوڭقۇر ئىز سىلىپ كېلەتتى، بۇ ئەگرى بۈگرى. بىر جۈپ سىزىققا بىر پەستىلا لاتقىلىق مەينەت سۇلار تولۇپ قالاتتى.

سازلىقنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دوقمۇشتا چالمىلار بىلەن قوپۇرۇلغان يالغۇز تۈگمەن چوقچىيىپ تۇراتتى. مانا بۇ، تارىختىن بۇيان يارغۇنچاق تارتىپ جان باقىدىغان قۇمباشلىقلارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئېرىشكەن بىردىنبىر ئارزۇلۇق تۈگمىنى — ھازىرقى ئۈچ تاشلىق ساز تۈگمەندى. سازلىقنىڭ تۆۋەن تەرىپى كۆز يەتكۈسىز زەي، قۇملۇق بولغاچقا قۇمباشلىقلار يېزىدىن ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى بۇ يالغۇز تۈگمەنگە ئانچە كۆپ كەلمەيدىكەن.

ئاتىخان بوۋاي تۈگمەننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ھارۋىنى توختىتىپ قويۇپ، تۈگمەنگە كىرىپ كەتتى. تۈگمەننىڭ كەينىدە قۇيرۇقى سولتۇيۇپ قالغان بىر قارا مىكيان بىر توپ چۈجىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ دانلاپ يۈرەتتى. مىكيان دوكۇلداپ يۈرۈپ نونىڭ بېشىغا چىقتى، ئۇ ئۇ قاتقا ئۆتمەكچى ئوخشايدۇ. ئانىسىغا ئەگىشىپ چۈجىلەرنىڭ بىر قانچىسى ئۇچۇپ ئۆتتى. ئۆتەلمىگەنلەر يۇمشاق سېرىق تۇمشۇقلىرىنى يوغان ئېچىشىپ چىكىلدىشاتتى. ئانا مىكيان ئۇلارنى ھەدەپ چىللايتتى، ھەتتا قانچە قېتىم ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۆتۇپ بىللە ئەگەشتۇرۇپ ئۆتمەكچى بولدى. دەرۋەقە، چۈجىلەرنىڭ بىر مۇنچىسى تېخى بۇ تارچۇق نونىڭ ئۇستىدىن ئۆتكۈدەك قانات چىقارماپتۇ. تەخىرسىز قارا مىكيان ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشماي بالىلىرىنى شىددەت بىلەن پەسكە ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئۇستىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى ... ئاھ! ... شۇ ئەسنادا ئەڭ كەينىدە قالغان بىر سېرىق چۈجە، پىرىلداپ ئۇچقىنىچە نونىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. دەھشەتلىك ئېقىن كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۇنى يالماپ ئۇچقاندەك ئايلىنىۋاتقان چاقپەلەككە ئۇردى. ئۇنىڭ نالە بىلەن چىكىلداشلىرى قۇلاقنى پاك قىلغۇدەك شاۋقۇنلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ماۋۇتەك يۇمشاق تۈكلۈك تەنلىرى ئاپئاق بۇژغۇنلۇق كولا ئاستىدا غايىب بولدى. ئاھ، ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئېچىپ، بىر پەستىلا پاجىئە بىلەن ھالاك بولغان جان! ... بۇنى كۆرۈپ مېنىڭ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. خۇددى ئاشۇ شاۋقۇنلار بۆسۈپ كىرىپ، يۈرەك-باغرىمنى مۇجۇۋاتقاندەك ئىدى.

ئاتىخان بوۋاي ھېسىپتەك بىر ئۇزۇنچاق خالتىنى تۇتقىنىچە تۈگمەندىن چېچىلىپ چىقتى:

— توۋا، ئىنساپ دېگەن يوقكەن-دە، سىلىدە. بار-يوقى توققۇز جىڭ بۇغداي تۇرسا، ئۇنىڭ يېرىمى پاقىلىقتىن ئېقىپ كەتتى دەيلا ... خۇداغا قويدۇم مەن ...

يۈز-كۆزلىرىگە ئۇن يۇقۇندىلىرى قونغان سېرىق ساقاللىق تۈگمەنچى تاقىر جۇۋۇد-

سىنىڭ ياقىسىدىن تۇتقۇزۇپ مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ بوۋايغا قاراپ ۋار - ۋار ۋارقىرايتتى:
— نېمە، مەن سېنى چىللاپ كەلدىممۇ بۇرادەر؟ ماڭا ئىشەنمەيدىغان كىشى بۇ تۆتتال نېمەڭنى يارغۇنچىقىڭدا تارتىپ يېسەڭ بولمامتى؟ تازا بىر كۆككەمە نېمە ئوخشايسەن سەن! ...
بوۋاي ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولمىدى. ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپمۇ پايدا ئالالمايدىغانلىقىنى بىلسە كېرەك، لېكىن ئەلەم بىلەن بوغۇلۇپ دېدى:
— ئاشۇ كېسەلچان بەندىنى دېمىسەم، ساڭا ئەكېلىپ سارالڭ ئەمەستىم، بىلەمسەن، توققۇز جىنىڭ بۇغداي دېگەن ئىككى جاننىڭ بىر ئايلىق ئاق ئاش نورمىسى ئەمەسمۇ-ھەي!...
بوۋاي ھارۋىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە مومىينىڭ نۇرسىز كۆزلىرىگە قاراپ بېشىنى ئېغاتتى:
— خۇدا ئىنساپ بەرسۇن ئۇنىڭغا. كۆردۈڭمۇ، تارازىغا سالسام توپتوغرا تۆت جىڭنى ئېلىۋاپتۇ. قېنى دېسەم، پاقىلىقى بوشاپ كېتىپ سۇدا ئېقىپ كېتىپتۇ، دەيدا تېخى. قولۇڭ ئېقىپ كەتسۇن، ئىلاھىم! ...
مومايغا باشقىدىن ئاغرىق كىرگەندەك بولۇپ تولغاندى ۋە بوۋاينىڭ قولىدىكى خالتىنى سىقىمداپ كۆردى.
— تۆت قېتىملا سۈيۈقئاش بولىدۇ، — دېدى ئۇ ھەسرەپ تۇرۇپ.
— راستىلا ئىنساپسىز ئادەم ئىكەنغۇ! ... — دېدىم مەن ئاتىخان بوۋاينىڭ بىچارە چىرايىغا ئېچىنىپ قاراپ. مېنىڭ بۇ گېپىم ئۇنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپسە كېرەك، ئۈنچىقمىدى - يۇ، لېكىن ئېتىغا كەينى - كەينىدىن ئاچچىق قامچا سالدى.
— غەلەتىلا ئادەم - دە، سىلە، — دېدى موماي بوغۇق ئاۋازى بىلەن، — ماۋۇ قىزىمىز گەپ سورىسا، بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قىلمايلىمىيا؟ ...
موماي بېشىنى كۆتۈرگەنىدى، لېكىن قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. مەن دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىۋالدىم.
موماي ماڭا قومباشلىقلاردا ھېچكىمنىڭ خالتا تۇشقۇدەك ئاشلىقى يوق ئىكەنلىكىنى، ئانچە - مۇنچە ئاشلىق تېپىپ «قوشۇمچە» قىلىدىغانلارنىڭمۇ يارغۇنچاقتا يارما تارتىپ يەيدىغانلىقىنى، ئەترەت زاپخوزلىرى ئېغىر كېسەللەرگە 10 - 15 كۈنلۈك نورمىسىنى ئالدىنئالا بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلار ئۇنى يىراق بولسىمۇ مۇشۇ تۈگمەنىگە ئەپكېلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.
— موما، بۇ بەش جىڭ بۇغداي ئۇنى بىلەن قانداقمۇ ئايغا ئۇلىشارسىلەر - ھە؟
— شۇنى دېسىلە، خان بالام ... ئۆلمىسەك بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر ...
مەن مومىينىڭ تارشىدەك قاتتىق ئورۇق قوللىرىغا، قوتۇرماچتەك قارامتۇل يۈزلىرىگە قاراپ، ئىچىم سىېرىلدى. كېيىن بىلدىمكى، قومباشلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ھال كۈنى شۇلاردەك ئىكەن. ئۇلار ئاچلىق ۋە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتە ياغاچتەك ئورۇقلاپ كەتسىمۇ يەنىلا شۇ كۈنگە شۈكرى قىلاتتى، كەلگۈسىگە ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلار شۇنداق چىداملىق ئادەملەر ئىدى. ھەممىگە بەرداشلىق بېرەتتى، ئاچلىقىمۇ، قايغۇغىمۇ

ھەتتا تەلۋە ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ زەھەردەك تىل - ئاھانەتلىرىگىمۇ چىدايتتى. ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

موماي قالغان يولنى مېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۈگەتتى. ئۇ ئۆمرىدە بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغقان بولۇپ، بويىغا يەتكەن قىزى بۇلتۇر ئۆلۈپ كېتىپتۇ، مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى كوچىلاپ سوراشقا باشلىۋىدىم، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئاتىخان بوۋاي كەينىگە قايرىلىپ، ماڭا ئالىيىپ قاراپ قويدى. خىجىللىقىمدىن بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم - دە، جىم بولدۇم.

— باشقا گېپىڭ يوقمۇ؟ ئاران تۇرغاندا مىشىلداۋېرىدىكەنسەن! ...— موماي بىر پەس جىم بولۇپ قالدى ۋە كۆز ياشلىرىنى ئاق روملىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى.

— ئوغلۇم ئەسكەرلىكتە، — موماي بۇ گېپىنى ئىپتىخارلىق بىلەن ئېيتقاندەك قىلدى. ئۇنىڭ چانقىغا چۆككەن كۆزلىرىدە بىر خىل نۇر ياندى. چىرايى شاد تۇيغۇ بىلەن يورۇشۇپ كەتتى. مومايىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ ئوغلى قىسمىدا ياخشى ئىشلەيدىكەن. ئۈچ يىل بوپتۇ، ھەربىي مەجبۇرىيەتنى ئۆتەپ بولغان بولسىمۇ قىسمىدا ئەپقاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خېتىدە بەش يىلدىن كېيىن قايتىپ بارىمەن دېگۈدەك ...

مەن روزىخان موماي بىلەن چىقىشىپ قالدىم. كېسەلچان مومىيىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، مېنىڭ بىلەن بىر ئوبدان پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاتىخان بوۋايمۇ پارىڭىمىزغا قېتىلدى. بارا - بارا يولنىڭ ئۇزاقلىقىمۇ، كۆتەك ھارۋىنىڭ شورتاڭ كاتاڭلارغا سوقۇلۇپ، قوپال چايقىلىشلىرىمۇ بىلىنمەي قالدى ...

— بوۋا، ئاشلىق بېلىتىگە ئۇن سېتىپ بېرەمدۇ؟ — سورىدىم مەن.

بوۋاي ئىتتىك كەينىگە قارىدى:

— ھىم، ئاشلىق بېلىتى سېتىۋال دېمەكچىمۇ، قىزىم؟ بىر جىڭ ئاشلىق بېلىتى ئۈچ كوي بىلەمسەن. ئۇن جىڭ بېلەت ئوتتۇز كوي دېگەن گەپ. غولاساندەك بىر يىگىت كومۇنادا بىر يىل ئىشەكتەك ئىشلىسىمۇ ئوتتۇز كوي دارامەت ئالالمايدۇ ... خوش، ئۇنداق زەھەردىن قىممەت ئاشلىق بېلىتىنى كىم سېتىۋالالايدۇ دەيسەن، خانىم؟

— بوۋا، مەن ئاشلىق بېلىتى ئېلىڭ دېمىدىم، ئاشلىق بېلىتىگە ئۇن سېتىۋالغىلى بولامدۇ؟ — دەۋاتىمەن.

— ئاشلىق بېلىتى بولسىغۇ يېرىم جىڭ يېغى بىلەن ئىككى جىڭ گۈرۈچىنىمۇ قوشۇپ سېتىۋالغىلى بولىدۇ. قېنى، ئەمدى شۇ قۇرغۇر ئاشلىق بېلىتى؟

— مەڭ، مۇنۇنى! ... — مەن يېنىمدىن بەش جىڭلىق بېلەتتىن تۆت دانىنى چىقىرىپ بوۋايغا تەڭلىدىم، — مومام ئىككىڭلار قوشۇمچە قىلىڭلار بوۋا ...

بوۋاي بىردىنلا قا - قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھەي قىز ... ھەي قىز ... بالىلىقىڭ مۇشۇدە، بالام. سەنزە بىر ئايلىق نورمائىنى بىزگە بېرىپ قويۇپ قۇمباشتا ھاۋا تۇتۇپ يەيمەن دەمسەن؟

— ياق. مېنىڭدە ئاشلىق بېلىتىدىن خېلى بار بوۋا ...— بوۋاي مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە پىسەنت قىلمىدى:

— ئالە، بۇ نېمەگەنى!... خۇدا ساقلىسۇن. ئاچلىقتىن ئۆلسەكمۇ، تىلەمچىلىك قىلماي جاھاندىن ئۆتەرمىز. راستمۇ ئانىسى؟...

شۇ چاغدا بۇ بىغەرەز بوۋايدىن دىلىم قاتتىق رەنجىدى. بۇنىڭ ھالىنى كۆرۈڭ تېخى. ھېچبولمىسا ئادەمنىڭ كۆڭلىگە يارىشا ياخشى گەپ قىلىپ رەت قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ. تۇۋا!... قۇمباشتا بۇنىڭغا ئوخشاش تەرسا ئادەملەر بىلەن قانداقمۇ قىلىشارمەن؟... مەن ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، قوللىرىمنى پەلتۇيۇمنىڭ يېڭىگە تىققىنىمچە تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدىم. موماي ئاغرىقچان بولغىنى بىلەن خېلى سەزگۈر ئايال ئىدى. ئۇ مېنىڭ رەنجىپ قالغانلىقىمنى پەملەپ، كەيپىياتىمنى يۇمشاتماقچى بولدى. قوۋزاقتەك قوللىرىنى ئۇزارتىپ ھېلىقى بېلەتنى مېنىڭدىن ئالدى ۋە ئالقانلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— رەھمەت، خانىم قىزىم. خوپمۇ ئوبدان بالا ئىكەنلا، ئىلايا، پەرۋەردىگارا بەختلىرىنى زىيادە قىلغاي!...

قاش قارايدى. بىز دەريادىن ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەندۇق. ئالدىمىزدا يالىڭاچلانغان توغراقلىق پەيدا بولدى. بۇ قۇمباش يېزىسى ئىكەن. ئاندا - ساندىكى پەنجىرىلەردىن پىلىلداپ چىراغ يورۇقى كېلىدۇ. قەيەردىندۇ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ھاۋشىغان ئىتنىڭ ھالسىز ئۈنى ئاڭلىنىدۇ...

ئاتىخان بوۋاي ئەگىن ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ھارۋىسىنى توختاتتى. ئۇ مېنىڭ «مەكتەپكە يەتكۈزۈپ قويۇڭ!» دېگەنلىرىمگە پىسەنت قىلمىدى. قۇمباشنىڭ تۈنجى كېچىسىنى بۇلارنىڭكىدە ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم.

3

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئاتىخان بوۋاي مېنى مەكتەپكە باشلاپ كەلدى. ھويلىدىن ئايپاق شور ۋە زەي ئۆرلەپ تۇرغان، بىر قانچە يەرلىرى گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن سوقما تاملىق بۇ قورۇ مېنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنۇم ئىدى. مەكتەپ ھويلىسىدا شاللىرى قاغجىراپ ئۆزى بىر يانغا قىيسىيىپ تۇرۇدىغان ۋاسكىتبول جازىسىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ياندىكى بىر قاتار سىنىپلارنىڭ ئۈپرىشقا باشلىغان كىر ئىشىكلىرى تېخى ئېچىلمىغانىدى. ئەينەكسىز دېرىزىلەرگە چاپلانغان گېزىت پارچىلىرى ئاللىقاچان يىرتىلغان؛ ئىس باسقان قەغەزلەر ئەتىگەنىنىڭ ئاچچىق سوغۇق شامىلىدا كۆزنەكلەردە ئېسىلىپ شىرىقلاپ تۇراتتى.

بوۋاي مېنى مەكتەپنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ماڭدى. بىز ئېغىر شال ئىشىكىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ ئىچكىرىگە كىردۇق. ئۇ يەردە نېمىلەرنى كۆردۈك دېمەمسىز: ئىشخانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا زوڭزايتىپ قويۇلغان كېلەڭسىز تۈنىكە مەشتە دەھشەت بىلەن غۇرقىراپ ئوت كۆيۈۋېتىپتۇ. مەشكە ئېسىلغان يوغان قارا قازاننىڭ يېرىمىدا ۋاتاقلاپ ئۇماچ قايناۋېتىپتۇ. يۈزلىرىنى شالاڭ سېرىق تۈك باسقان ياش يىگىت مەشنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قاداقلىشىپ كەتكەن قاغا جىگدە يېرىندىسىنى پارچىلىيالماي

ئاۋارە ئىدى. يەنە بىرەيلەن — چىرايىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان شوينىدەك ئىنچىكە بويلۇق ياشانغان بىر ئادەم كونا ئۆرە ئىشكاپنىڭ يېنىدا تىقىلىپ، قاچا - قۇچىلارنى چايقاپ ئولتۇرىدۇ. كۆزلىرى ئىچىگە چۆككەن، ئاڭقاق سۆڭەكلىرى پۈلتىيىپ چىققان، ئورۇقلۇقىدىن ئىككى مۈرىسى يىلىڭ تېرىگە پەشمىتىدىن چوقچىيىپ بىلىنىپ تۇرغان 35 - 40 ياشلاردىكى بىرسى دېرىزە تەرەپتىكى شىرەنىڭ ئالدىدا نىمە بىلەندۇ مەشغۇل. ئۆينىڭ ئۈستىدە قويۇق كۆكۈش تۈتۈن بىلەن چاڭ - توزانلار ئېسىلىپ تۇرىدۇ... ئىنشخاندىكىلەر بىزنى ھەيران بولغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قارشى ئالدى. ئاتىخان بوۋاي شىرەنىڭ ئالدىدىكى يۈزلىرىنى ئىس باسقان ئورۇق قارا كىشى بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ:

— مۇدىر، سىلىنىڭ مەكتەپكە بۇ خانىمچاقنى ئالغاچ كەلدىم. بوپتۇمۇ؟! — دېدى.

— بولمامدىغان، تازا ئوبدان بوپتۇ.

مۇدىر بىزنىڭ ئولتۇرۇشىمىزغا جاي كۆرسەتتى. بوۋاي ئۈستىگە نېپىز كىگىز سېلىنغان ياغاچ كارىۋاتقا ئولتۇرۇۋېدى، كارىۋات بىردىنلا ئاچچىق غاچىرلاپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك دەردىجىدە پەرياد كۆتۈردى. مەن ئولتۇرغان يۆلەنگۈچلۈك ئۈستەلمۇ ئاستىمدا بىر پەس ئېڭىكلاپ ئاندىن توختاپ قالدى.

— كېلىشلىرىدىن خەۋەرسىز قاپتۇق، سىڭلىچاق...

مۇدىر تۈتۈن ئېچىشتۇرۇۋاتقان كۆزلىرى بىلەن مېنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئەكس ئېتەتتى.

— يېڭىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەپتىلا - دە؟

مەن ھەدېگەندىلا ئېغىز ئېچىپ سۆزلەشنى قولايسىز كۆردۈم. سومكامدىن رەسمەيەت قەغىزىمنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. ھېلىقى ياش يىگىت تېخىچە مەشىنىڭ ئالدىدىن قوپماي، قولاقنى پاڭ قىلغۇدەك ئاۋاز چىقىرىپ يېرىندىنى كۆتەككە ئۇراتتى. ھەربىر ئاۋاز بىلەن تەڭ يەردىن بىرمۇنچە توپا توزۇپ تورۇستا ئېسىلىپ تۇرغان كۆكۈش تۈتۈنگە قوشۇلاتتى. بۇ ئۆيدە بىز سۈمۈرۈۋاتقان ھاۋا تالادىكىدىن باشقىچە، بەلكى تۈتۈن، توزان ۋە قازاندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆممىقوناق ئۇنىنىڭ ئالاھىدە ئارىلاشما ھىدىدىن ھاسىل بولغان «ئوكسىگېن» دىن ئىبارەت ئىدى. ئەمدى تېخى بۇنىڭغا يۈيۈقچىلىقتىن قولىنى بوشىتىپ قويپقان قېرى مۇئەللىمنىڭ ئاچچىق تاماكىسىنىڭ ئىسى قوشۇلۇپ بىز نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋانىڭ تەركىبىنى قويۇقلاشتۇرماقتا ئىدى.

بوۋاي مېنى مۇدىرغا «تاپشۇرۇپ» بەرگەندىن كېيىن، مېنىڭ پات - پات ئۆزلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشۇمنى تاپىلاپ، مۇئەللىملەرنىڭ تاماقا تۇتقىنىغا قاراشماي كېتىپ قالدى.

— تېخى ياشلا ئىكەنلا، نادىرە خانىم، — دېدى مۇدىر ئورۇق قوۋۇزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھىجىيىپ، — كۆنۈپ كېتەلا - ھە؟ بىزنىڭ بۇ قۇمباش مەكتەپكە خېلى جىق ياش مۇئەللىملەرمۇ كەلگەن، — ئۇ تاماكىسىنى شوراپ ئۆرە تۇرغان قېرى مۇئەللىم-

گە سىرلىق قارىۋالدى، — لېكىنزە، ئۇزاق ئۆتمەي ھەممىسى بۇ پەردىدىن كېتىپ قېلىشتى.

مەن ئۈنچىقمىدىم. شۇ تاپتا ئۆينىڭ ھاۋاسىغا كۆنەلمەي قىينالماقتا ئىدىم. ئادەتچە تار بولمىغان بۇ تۆت چاسا ئۆي ھەم مۇدىرنىڭ ياتىقى، ھەم بويتاق مۇئەللىملەرنىڭ ئاشخانىسى، ھەم بۇ مەكتەپتىكى سەككىز ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىشخانىسى ئىكەن. ئۆيگە تەۋە بولغىنى مۇدىرنىڭ يوتقان - كۆرپىسى يېغىلغان ھېلىقى كونا كارىۋات، ئاشخانىغا تەۋە بولغىنى مەشتىكى قارا قازان، ئىشىكنىڭ كەينىگە جايلاشتۇرۇلغان تاغار سۇپىرا، ئاشتاختا - نوغۇچ، جاۋۇر ۋە بىرنەچچە تال ھېجىر قاچا - قۇچىلار، ئىشخانىغا تەۋە بولغىنى بولسا، تام تەرەپتىكى قاپقۇرا ئىس باسقان بىر جۈپ كونا جاۋەن ۋە دېرىزە تەرەپتىكى بىرجۈپ تۆت پۇتلۇق شىرە ئىدى. بىرنەچچە تال ئۇستەل، ئورۇندۇقلار بىلەن، كانىيى دېرىزىدىن چىقىرىۋېتىلگەن تۇنىكە مەش ھەممىگە ئورتاق مۈلۈك ئوخشايدۇ. ئىشىكنىڭ قارشى تەرىپىدىكى يالغۇز كىچىك دېرىزىنىڭ گېزىتلەر بىلەن چاپلانغان كۆزنەكلىرىدىن خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇرىدۇ.

مەن بۇرۇختۇم ھاۋاغا چىدالماي، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ، بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋەتتىم. تورۇستا تىقىلىپ تۇرغان تۇتۇنلەر ھاڭغىرقاي ئىشىكنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن شۇڭغۇپ تالاغا چىقىشقا باشلىدى.

— ئۈچ بويتاق كىشى بار ئىدۇق، ئەمدى تۆت بولدۇق، — دېدى مۇدىر ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇۋېتىپ، — ماۋۇ بەڭگە ئەپەندىنى سوپاخۇنكا دەيلا، نادىرە خانىم. ئاۋۇ يىگىتنىڭ ئىسمى مۇساخۇن، مېنىڭ بولسا قۇناخۇن...

بىردىنلا ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىدىم. مۇدىر ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

— ھەممىسى قاپىيىداش ئىسىملار ئىكەن. ھى... ھى... ھى...، مەنمۇ ئەمدى ئىسمىمنى بۇۋاخۇن دەپ ئۆزگەرتىۋالساممىكىن دەيمەن، — دېدىم مەن كۈلگىنىمچە.

بۇ ئۈچەيلەنمۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىشى بىلەن قا - قاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

مۇسا مۇئەللىم تېپتوغرا بىر سائەت جەڭ قىلىپ ئاخىرى ئوماچنى قايناشتىن توختاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ بايقۇشلارمۇ يەتكۈچە ئېچىرقاپ كەتكەنلەردىن ئىكەن. مۇساخۇن ياغاچ چۆچەككە ئۇسقان ئاشنى مۇدىرنىڭ ئالدىغا، سوزما ھېجىردىكىسىنى سوپاخۇنغا قويدى. ئۆزىگە بولسا جاۋۇر دېسىمۇ بولىدىغان سىرلىق قاچىغا ئۇسۇپ كەلدى. ئۇلار مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، پىيالىدە ئوماچ ئۇسۇپ ئەكەلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا ئىككى - ئۈچ ئوتلام سۇمۇردۇم-دە، ئاغزىمنى قول ياغلىقىم بىلەن سۈرتۈپ ئولتۇردۇم. مۇساخۇن مېنىڭ ئاڭسۇق قىلىقىمنى ياقتۇرمىدى ئېھتىمال، خۇددى: «كۆرىمىز جانانقىز، يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن نېزىرقىمايدىغان بولىلا» دەۋاتقاندەك ساغۇچ چىرايىدىن ئاچچىق بىر خىل مەسخىرىنى ئىپادىلىدى.

— بىزنىڭ تاماقنى تېتىپ باقسىلا، — دېدى مۇدىر ياغاچ چۆچەكنى ئاغزىدىن نېرى قىلىپ، — بۇنى ئېچىپ كۆنمىسە بولمايدىغان گەپ، خانىم قىز. ھى... ھى...! —

ئۇ ئورۇق قارا قوۋۇزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھەجايدى.

مەن پىيالىدىكى ئۇماچنى ئىچىپ تۈگىتىش قارارىغا كەلدىم - دە، مۇساخۇن بىلەن بەسلەشمەكچى بولغاندەك، پىيالىنى قولۇمغا ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئاھ... بىچارە يىگىت، باش - كۆزىدىن خۇددى شورپا ئىچكەندەك تەر قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ، جاۋۇرنى ئاغزىغا يېقىن تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن پۈۋلەيدۇ، بىر تەرەپتىن ئوتلايدۇ. شۇنداق بىر ئىشتىھا بىلەن سۈمۈرىدۇكى،... بوۋاقلىقىدا ئانىسىنىڭ كۆكسىنمۇ ئۇنداق مەززە قىلىپ ئەممىگەن بولغىيتتى. ئۈچ ئېغىزدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز خۇددى يىغلاڭغۇ باللارنىڭ كەينى - كەينىدىن بۇرنىنى تارتىۋاتقانلىقىنى ئەسلىتەتتى... نېمىلەرىندۇ خىيال قىلىپ ئۆزۈمگە قاراپ قالغانلىقىمنى سەزگەن مۇساخۇن، تۇمشۇقىنى يېقىن تۇرغان قاچىسىنىڭ ئۈستىدىن ئېقى يوغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ماڭا قارىدى ۋە ئۇماچىنى پۈۋلەپ سوۋۇتقىنىچە مۇدىرغا، كەينىدىن سوپاخۇنغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ چاغدا سوپاخۇن چۆمۈچىنى قولىغا ئېلىپ قازاندىن ئۇماچ ئۇسۇۋاتاتتى. مۇساخۇن قازانغا بويىنىنى سوزۇپ قارىدى - دە، خۇددى نېمىنىدۇ ئېسىگە ئالغاندەك، پۈتۈن دىققىتىنى قولىدىكى قاچىسىغا يىغىپ، ھەدەپ سۈمۈرۈشكە كىرىشتى... يادىمدا قېلىشىچە، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ئۈچ - تۆت قاچىدىن ئىچىشتى. بۇنچە كۆپ سۇيۇقلۇقنىڭ بۇ ئەپەندىلەرنىڭ قورسىقىغا قانداقمۇ سىغىپ كەتكىنىگە ھەيرانىدىم.

— تاماقىنى بىللە يەيمىز، نادىرە خانىم، — دېدى مۇدىر ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوتلام ئېشىنى سۈمۈرۈپ بولۇپ: ئۇ پۈرلىنىپ كەتكەن قول ياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈۋالدى - دە، ئورۇق مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ، بىرنەچچىنى كىكەردى، — ياتىقىڭىزنى ئوقۇتقۇچىلار كەلگەندىن كېيىن جايلاتقۇزۇپ بېرىمەن. مۇساخۇن قازان - قومۇشنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، مۇئەللىملەر كېلىشكە باشلىدى. ئاشخانا بىر پەستىلا ئىشخانىغا ئايلاندى. بىر جۈپ ئىش شىرەسىنىڭ ئالدى دەپتەرلىرىنى يېيىپ ئولتۇرغان مۇئەللىملەر بىلەن توشتى. خىزمەتكە چۈشۈپ بىرىنچى كۈنىلا ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ئۇچرىتىشقا باشلىدىم. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى خۇماگۈل ئىسىملىك ياش مۇئەللىمە ھەدېگەندىلا دىققىتىمنى تارتتى. بۇ مەكتەپتە ئاياللاردىن پەقەت خۇماگۈللا بار ئىكەن. ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا يالغۇز ئىشلەپ، تازا زېرىكسە كېرەك، بىچارە، مېنى كۆرۈپلا يېپىشىپ ئالدى. ئىككىمىز مەشىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، بىردەمدىلا تونۇشۇپ ئۈلگۈردۇق. ئىشخانىدا قالغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولماقتا. گاھىسى تاپشۇرۇق تەكشۈرسە، گاھىسى دەرس تەييارلايدۇ، گاھىسى باللارغا ئوت يېقىپ بېرىدۇ... مەن ئۇنىڭ مەشغۇلىيىتىگە تەسىر يەتمىسۇن دەپ پاراڭنى قىسقارتماقچى بولدۇم. لېكىن خۇماگۈل غەمسىز ۋە خاتىرجەم ھالدا ئولتۇراتتى. بىر چاغدا نۆۋەتچى ئوقۇتقۇچى تۇۋلىغىنىچە تالادىن كىردى:

— خۇماخانىم، تېخىچە سىنىپىڭ ئىشىكىنى ئاچماپلا، باللار قاراپ تۇرۇشىدۇ، قوپسىلا، ئۇلارغا ئوت يېقىپ بەرسىلە!

خۇماگۈل بويىنى ئۇزۇن، سوزۇنچاق يۈزلۈك ئورۇق ئايال ئىدى. ئۇ ئىنچىكە بويىنىنى قايرىپ، دىجۇرنىغا قارىدى:

— بۈگۈنچە سىلە يېقىپ قويسىلا ئۇشۇق كەتمەس، — خۇماگۇل ئورنىدىن قوزغال-ماستىن، يانچۇقىنى كولاپ، بىرتوپ ئاچقۇچنى قولىغا ئالدى، — مانا، بۇلۇڭدىلا تەييار ئوتۇن تۇرۇپتۇ... سىلى...

— ياق، ياق، ئۇنداق گەپنى قويسىلا، مېنىڭ چولام تەگمەيدۇ.

— ۋاي خۇدا، ئىنساپ دېگەنمۇ يوقتە، سىلىدە، نادىرە خانىم بىلەن ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، ياردەملىشىپ قويسىلا نېمە بولىدۇ ؟... ھە راست، مۇساخۇن سىلىلا يېقىۋېتەملا - يا، ياتاللا ئۇنىڭ پەيلىنى دېمەمدىغان. شۇنىڭلىق بىلەن گۈلى ئۆچۈپ كېتىدىغاندەك...

مۇساخۇننى قولىقى يۇمشاق، ئايغى ئىتتىك، كۆڭۈلچەك يىگىت كۆردۈم. «مۇساخۇن ئانى ئېلىۋەتسىلە!»، «مۇساخۇن ئىشكنى ئېچىۋەتسىلە!»، «مۇساخۇن ئىشكنى يېپىۋەتسىلە!»، «مۇساخۇن قاچىنى يۇيۇۋەتسىلە!»، «مۇساخۇن ئوتنى يېقىۋەتسىلە!»... ياپېر، بۇ يەردىكى بويرۇقلارنىڭ تولىلىقىدىن بىر مۇساخۇن ئەمەس، ئون مۇساخۇن بولسىمۇ يېتىشمەي قالارمىكىن دەيمەن. لېكىن ئۇنىڭ ھەممىسىگە مۇساخۇن ياق دېمەي ماكىاتتى. مۇساخۇن بولمىسا ھەممىسى ئۆلۈپ قالىدىغاندەك، توۋا!...

مۇساخۇن خۇماگۇلنىڭ قولىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، سىنىپقا چىقىپ كەتتى. مەن خۇماگۇلدىن سورىدىم:

— مۇساخۇن بولمىسا، بۇ يەردە ئىش توختاپ قالامدۇ - نېمە ؟

— خويمۇ جېنى تۈزۈك بالا. ئۇشۇق - ئارتۇق گەپ - سۆزىمۇ يوق بىچارىنىڭ، بېشىنى ئېچىگە تىقىپ ئىشلەشنىلا بىلىدۇ...

خۇماگۇلنىڭ مۇساخۇن ئۈستىدىكى گېپى تۈگىمەگەنىدى. ئىلمي مۇدىر ئۇنى چاقىرىپ قالدى:

— خۇماخانىم، دەرس تەييارلىقلىرىنى ئەپكەلسىلە!— خۇماگۇل، ئىلمي مۇدىرغا قاراپ، بىر قىسىملا ھىجايدى:

— بۈگۈنچە ئېتىبار قىلالا مەيدىنجان. تەييارلىقىممۇ ئانچە يوق بولۇدىغان...

— مەن ئېتىبار قىلسام، دەرسكە كىرمىسىلە بولىدۇ - شۇ! ئوقۇغۇچىلىرى ئويناۋېرىدۇ، ئايلىقلىرىدىن تارتىپ قالىمىز...

— ۋاي خۇدا، 24 كويى پېشانەمگە مىڭ قېتىم دوق بولىدىغۇ زادى!...

خۇماگۇل قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، ئۈستەلدىن سۆرۈلۈپ قوپتى.

مەن ئىشخانىدىن سىرتقا چىقتىم، بۇ چاغدا مۇدىر مۇساخۇنغا يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋاتقانىكەن:

— سەنچۇ، بۈگۈن ئاۋۇ كىچىك ئۆيدىكى مەكتۇلاتلارنى، ئوتۇنخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يۆتكەپ چىققىن. ئۇقتۇڭمۇ، نادىرە خانىمغا شۇنى بوشىتىپ ياتاق قىلىپ بېرەيلى.

— بۈگۈن ئۈچ سائەت دەرسىم بارىتتى، قوناخۇنىكا ...

— ئەتە ئۆتتۇۋالارسەن. قانداق، ھە، راست، ھېلىقى ياغاچ كارىۋات كىمنىڭكىتى-

تـى؟ ... شۇنى ياندۇرۇپ كېلىپ، ياتاقتا قويۇپ بەرگىن. تـام - تورۇسـلارنى چـوك قىزلارغا سۇپۇرتۇپ، سۇنى قېنىق چېچىڭلار؛ مېنى گۇگۇشىدىن چاقىرتىپتۇ، بېرىپ كېلەي.

مۇدىر مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى - دە، كېتىپ قالدى. مۇساخۇن چەبدەس يىگىتمۇ، ياكى ئۇ ئۆيدىكى مەگقـۇلات دەپ ئاتالغان نەرسلەرنىڭ نامىغا تۇشلۇق ۋەزنى يوقمۇ، ئىش قىلىپ، مۇدىر كېتىپ چـارەك سائەتكە قـالمايلا ئـۆينى بىكارلاپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

ئىككىنچى كۈنى مـەيدىنجان مېنـى بۇلۇك تەرەپتىكـى بـىر سىنىپقا باشلاپ كىردى. قاتمۇ - قات گېزىت قەغىزى بىلەن چاپلاپ تـاشلانغان يالغۇز دېرىزە ئۆيگە ئازراق ئاق شولا چۈشۈرۈپ تۇراتتى. سىنىپتىن چىرىگەن سامانىڭھىدى بىلەن زەي پۇرىقى گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇزۇن - قىسقا، ئېگىز - پەس پارتىلارنىڭ ئارىسىدىن ئوماقلىق، ھەيرانلىق، قورقۇمسىراش ۋە قۇۋلۇق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان يىگىرمە نەچچە جۈپ كۆز ماڭا تىكىلىپ تۇرىدۇ. ئۆمۈچۈك تورلىرى ساڭگىلاپ تـۇرغان لىم ياغاچلارغا قېلىن توپا قونغان، تامغا ئېسىپ قويۇلغان دوسكىنىڭ قارا سىرلىرى كېتىپ كىرلەشكەن ياغاچ ئىشىككە ئوخشاپ قالغانىدى ... مانا بۇ — قۇمباش باشلانغۇچ مـەكتىپىنىڭ ماڭا تەئەللۇق بولغان بەشىنچى سىنىپى.

مەيدىنجان ئوقۇغۇچىلارغا مېنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

مەن ئۆزۈمگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئـوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقتىم - دە، يوقلىمىنى ئېچىپ تۇرۇپ:

— بىز ئاۋۋال بىر - بىرلەپ تونۇشۇپ چىقايلى ساۋاقداشلار، — دېدىم.

باللارنىڭ بىرنەچچىسى پىخىلداپ كۈلۈشتى.

— تۆرەك موللاخۇن!

— مەن ...

بوش ۋە خىرىلـداق ئـاۋاز چىققان تەرەپنـى پـەرق قىلالماي، بوينۇمنى سوزۇپ قارىدىم.

— ئالدىلىرىدا خانىم، — بۇ بىرىنچى پارتىدا ئولتۇرىدىغان دۈگلەك يـۈزلۈك قارامتۇل بالا ئىدى.

— ئىسمى چىققانلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار - ھە! قاسىم بوۋاق!

— مەن! ... — ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغان ئۇزۇنتۇرا سېرىق ئـوغۇل بالا مىدىرلاپ قويدى. لېكىن ئورنىدىن قوزغالمىدى. ئۇنىڭ سېرىق تۈكلەر بىلەن خەت تارتىپ قالغان بۇرۇتلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى:

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— قاسىمكام قوناق ئورمىسىدا 17 گە كىرىپتۇ. مـومام ئۇنىڭغا كىندىك ئانىسى بوپتىكەن، — كىمدۇر تونۇشتۇردى.

— راست شۇ. قېرىپ قالاي دېدۇق خانىم ... — قاسىم غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى بە-

لەن شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى - دە، ئېگەكلىرىنى سىلاپ قويدى. باللار پاراققىدە كۆلۈشتى. مەن بىردىنلا بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. لېكىن ھودۇققىنىمنى سەز-دۈرمەسلىككە تىرىشىپ:

— يېشىڭىزمۇ چوڭ ئىكەن قاسىم. شۇڭلاشقا گەپنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئاڭلىشى-ڭىز كېرەك ئىدى، — دېدىم ۋە يوقلىما قىلىشنى داۋاملاشتۇردۇم،

— مەستۈرىخان ئابلا!

— ئاينا، ئاۋۇ پارتىدا...

مەن مەستۈرىخاننى ئوتتۇرىدىكى پارتىدىن، يېنىدىكى قىزنىڭ كەينىدىكى بېشىنى تىقىۋالغان يېرىدىن ئىزدەپ تاپتىم:

— مەن ھازىرلا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار دېگەنتىمغۇ؟!

— مانا مەن خانىم، ھېلاخۇن تاش! — بۇ قاسىمنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر ئوغۇل بالا ئىدى. ئۇنىڭ بويى مېنىڭدىن ئېگىز كەلسە كېلەتتىكى، كەم كەلمەيتتى. باللار يەنە پاراققىدە كۆلۈشۈپ كەتتى.

— ئولتۇرۇڭ، ھېلاخۇن!... — دېدىم مەن خاپا بولۇپ، — سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چا-قىرمىغانتىمغۇ، مەستۈرىخان سىز تۇرۇڭ!

يوقلىمىنى داۋاملاشتۇردۇم، تىزىملىكتىن بىر-بىرىدىن غەلىتە ئىسىملار چىقماق-تا ئىدى.

— مايمۇنخان سۈپۈرگە، شاۋاي بوۋاق، ئىسلاھ قىز مۇرات، قۇسەت غوجا... بۇ باللارنىڭ ياۋايى مىجەزىگە ئوخشاش، ئاتلىرىمۇ ئاجايىپ، يەنە بىرمۇنچىلىرى كەل-مەپتۇ. ئۇلارنىڭ يەنە قانداق خۇيلىرى بار، ئۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. بۇ تۇنجى سائەت-لىك دەرستىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ يىغلاپ تاشلاشقا تاس قالدىم. لېكىن مەن بۇن-چىلىك ئىش بىلەنلا يالتىيىپ قالىدىغان قىزلاردىن ئەمەس، بىرەر ئىشقا نىيەت قىلدىممۇ يا مەغلۇب بولۇپ، بارلىق ئەلەمىمنى كۆز يېشىمدىن ئېلىپ چېچىمىنى يۇلىمەن، يا ئېغىزدۇرۇقنى ئېزىقىغا بېسىۋېلىپ ئېلىپ قاچىدىغان ئاغزى قاتتىق ئاتتەك بىر باشقا سۈرۈپ چىقىمەن.

ئىككىنچى سائەتتە ھەممىسىنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ بويىغا قاراپ قاتار قىل-دىم. قاسىم بىلەن ھېلاخۇننى باشلاپ كىرىپ، پارتىلارنى رەتلەپ تىزىشقا بۇيرۇدۇم. ئاندىن قىز، ئوغۇللارنى ئايرىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ چىقتىم.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرمايمەن، خانىم!

— ئۇ مېنى چىمدىپ ئارام بەرمەيدۇ، مېنى جايىمغا قويسىلا، خانىم.

يەنە بىرسى ئۈن-تىنسىزلا بوقچىسىنى ئېلىپ، بالدۇرقى ئورنىغا كېلىپ، كا-سىسىنى ئورۇندۇققا «جاق» قىلىپ ئۇرغىنىچە ئولتۇرۇۋالدى.

— مەن بەلگىلىگەن ئورۇندا ئولتۇرۇسىلەر، ھېچقايسىڭلارنىڭ خالىغانچە يۆتكىلىش-كە رۇخسەت يوق! — دېدىم ئاچچىقىم بىلەن. ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ ئەلپازىمغا قاراشتى - دە،

ئاستا ئۇرۇنلىرىغا قايتىشتى.

— بىز ئەمدىلا تونۇشۇۋاتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن دائىم بىللە بولىمىز. ساۋاقداشلار، سىلەر مەكتەپ بويىچە ئەڭ يۇقىرى سىنىپ ... — دېدىم باللارغا قاراپ، — يېشىڭلارمۇ كىچىك ئەمەس ئىكەن. ھەتتا بەزىلىرىڭلارنىڭ يېشى مېنىڭدىن ئانچە پەرق قىلمايدىكەن... لېكىن مېنى كىم كىچىككىنە خانىمچاق ئىكەن، دەپ بوزەك ئەتمەكچى بولسا يول قويمايمەن. ساۋاقداشلار، بىلىم كىمدە بولسا، يېشى كىچىك بولسىمۇ مەيلى، شۇنىڭدىن ئۆگىنىمىز، ئۇقتۇڭلارمۇ؟... بىز ئاۋۋال مۇشۇنداق كېلىشىمگە كېلىۋالايلى. كېيىن خىلاپلىق قىلغۇچىلار چىقىپ قېلىپ، يەرگە قاراپ قالمىسۇن!...

دەرسخانىنىڭ تېگى دائىم قېنىق سۇ سەپكەندەك قارىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باللارنىڭ پۇتىغا كىيىۋالغانلىرى تامامەن دېگۈدەك رېزىنكە ئاياغ ئىكەن. بەزىلىرىنىڭ ئاياغ كىيىمى تېخى جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن، بېقىنلىرىدىن پايتىمىسى چۇۋۇلۇپ تۇرىدىغان ياكى ئۇچىدىن بارماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كونا نەرسىلەر بولغاچقا، مېنىڭ نەزىرىمدە، ئاشۇ زەي ئاستا-ئاستا باللارنىڭ پۇتلىرىنى كېرەكتىن چىقىرىپ تاشلايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئەتە زەمبىل، كەتمەن ئېلىپ كېلىڭلار، ساۋاقداشلار، ئازراق ئەمگىكىمىز بار! — دېدىم مەن.

باللار ئەمگەكنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا خۇش بولۇپ كېتىدىكەن. مەن سىنىپتا ئىككى ئىش قىلماقچى ئىدىم. بىرى — سىنىپتىكى زەي تۇپىنى قىرىپ ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قېلىن بىر قەۋەت قۇرغاق توپا ياتقۇزماقچى؛ يەنە بىرى — ئەتىيازنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، زەيلىشىپ كەتكەن تام ئۇلىنى يېڭىدىن ئۇلداپ چىقماقچى ئىدىم. مېنىڭچە، بۇنداق قىلغاندا، سىنىپنىڭ ھاۋاسىنى ياخشىلىغىلى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېماتىزىم بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى.

سىنىپىمدىكى باللارنىڭ كۆپچىلىكى چوڭ ئادەملەردەك ئىشلەيدىكەن. مەشكە ئوتنى ئۇلۇغ ياقتۇق. باللار كاكىل لايىنى قايماقتەك قىلىپ ياسىدى. قاسىم بىلەن ھىلاخۇن ئۇستا بولدى. يەنە بىر گۇرۇپپا زەيلەرنى تىزشۇپ چىقىپ، قۇرغاق توپا ئېلىپ كىردى...

— خېلى بالدۇرلا شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىكتى، — دېدى مېنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمنى قوللاپ مەيدىنجان، — لېكىنزە، قۇنانىكام نادىرەخانىمنىڭ دەككىسىنى بېرەرمىكىن...

— نېمىشقا؟

— ...

راستىنلا، مېنىڭ قىلغانلىرىم كۆڭشىدىن قايتىپ كەلگەن مۇدىرغا ياقمىدى:

— نېمە ئىش بۇ، نادىرەخانىم؟ كېلە-كەلمەيلا ئىش تاپقىلى تۇرۇپلا! ئۇ دېگەن سىنىپتە، تۇۋا، ئېغىل قۇرۇغدىغاندەك، كەلسە-كەلمەس توپا توشۇپ يۈرسە بولامدۇ؟...

— سىنىپىنىڭ ئىچى بەكلا زەي ئىكەن قۇنانىكا ...

— قۇمباشنى ئۇرۇمچى، يا قەشقەرمىكى دېگەنمىدىلە، ھەممىمىز مۇشۇ زەينى كېچىپ ئىشلەيمىز، خانىم! ...

مۇدىرغا ئارتۇق گەپ قىلمىدىم، بەلكى كۈلۈپ تۇرۇۋالدىم. چۈنكى سىنىپىمنى كۆڭلۈمدىكىدەك قىلىۋالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىرلا بۇ ئادەم بىلەن تىركىشىپ قالسام، ئەتە قىلىدىغان يەنە بىر ئىشىمدىن قۇرۇق قالاتتىم.

ئەتىسى مەن مۇدىرنىڭ تەسەددۇقسىز كاسىسىردىن يىگىرمە بەش يۈەن قەرز ئالدىم.

— سىزگە قەرز بەرگىنىمنى قۇنانىكام ئاڭلىسا، تاناۋىمنى قىرىق گەز تارتىدۇ مېنىڭ، — دېدى كاسسىر تارتمىنى ئېچىۋېتىپ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قۇنانىكام پۇل باشقۇرۇشنى مۇشۇنداق چىڭ تۇتۇپ، بۇ كەمبەغەل مەكتەپنىڭ راسخوتىنى يېتىشتۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

— يامىنىغا كەلسە، مائاشىمدىن تۇتۇۋالارسىز، — دېدىم - دە، چۈشلۈك دەم ئېلىشتا، چوڭ باللارنى ئەگەشتۈرۈپ، ماگازىندىن ئەينەك سېتىۋېلىپ كەلدىم. ئەينەك كېسىش كىچىك ۋاقتىمدا ياخشى كۆرۈپ ئۆينايدىغان «ھۈنەر» ئىدى.

مەكتەپنىڭ مۈلۈك ئامبىرىدا بىر كونا ئالماسنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بىز دېرىزىدىكى قەغەزلەرنى ئېلىۋېتىپ، رامدىكى شىلىملارنى پاكىزە يۇغاندىن كېيىن، كۆزنەكلەرگە ئەينەك سېلىپ چىقتۇق. سىنىپىمىز بىر پەستىلا يالتىراپ كەتتى. بۇنىڭغا مەندىنمۇ بەكرەك ئوقۇغۇچىلىرىم خۇش بولدى.

مېنىڭ بالىلىرىمنى ۋە سىنىپىمنى رەتكە سېلىشىم ئۈچۈن بىر ھەپتىمۇ ۋاقىت كەتمىدى. ئوقۇغۇچىلىرىم ماڭا قايىل بولغانىدى. ئۇلار مېنىڭ ھەر كۈنلۈكى دېگۈدەك سىنىپقا بىر خىل يېڭىلىق ئېلىپ كىرىشىمگە كۆنۈپ قالغانىدى. تامغا خەرىتىلەرنى، دىجۇرنىلىك سخېمىلىرىنى سىزىپ چىقىپ چاپلىدىم. داھىلارنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىنى ھەمدە سىلىندىر، كونۇس، پاراللېلىپ، كۇپ قاتارلىق شەكىللەرنى ھېسابلارنىڭ فورمۇلىلىرىنى يېزىپ كىرىپ تامغا ئاستىم.

بىر كۈنى تام گېزىت ئىشلەۋاتاتتۇق، ئىشخانىدا ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەن توغرىسىدىكى پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن خېلى دېتى بار ئىكەن، نادىرەخانىمنىڭ...

— ھەئە. شېھىردا قورۇلۇپ قالغان نەرسە ئوخشايدۇ، يوق ئىشلارنى تېپىپ، مەيدىنجاننىڭ چىرىغىغا ياغ قۇيىدى. «سىلىمۇ شۇنداق قىلىڭلار» دېگىلى تۇردى ئەمدى.

— ئادەم دېگەننىڭ ئالىسى ئىچىدە بۇرادەر، كىم بىلىدۇ، بىر مەزگىل ئاكتىپ ئىشلەپ، تېزەك ئۈسۈپ يۆتكىلىۋالىمەن دەۋاتقاندۇ!...

مېنىڭ ئۇششاق سۆزلەرگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان ئادىتىم بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنداق گەپلىرىنى تەگەپمۇ كەتمىدىم ... مېنىڭ ئىشلىرىم ناھايىتى نەتىجىلىك كېتىپ باراتتى. ھارغىنىمنى بىلمەيتتىم. كۈننىڭ كەچ بولماسلىقىنى تىلەيتتىم.

مەكتەپتىكى گەۋدىلىك بىر ئىللەت — باللارنىڭ مەكتەپكە تولۇق كەلمەسلىكى ئىكەن. بۇنىڭغا مەكتەپمۇ ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنالمايدىكەن. «بالا مەكتەپكە كەلسە ئوقۇتقولۇق، كەلمىگەنلەر ئوقۇشنى خالىمىسا، دېھقان بولسىمۇ بولىدىغۇ» دېيىشىدىكەن. ئاتا-ئانىلارمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى «مېنىڭ بالامنى ئوقۇتمىسىلا، ئايلىقلىرى كېمىيىپ قالماس مۇئەللىم، قىيىنچىلىق بولمىسا ئوقۇتاتتىم...» دەپ ئۈزىتىپ قويىدىكەن. نەتىجىدە، ئائىلە سۆھبىتى دېگەن بۇ پائالىيەت مەكتەپتە، بالا يىغىش دېگەن ئوقۇمىغا ئۆزگىرىپتۇ. داۋاملىق كېلىدىغان باللارنىڭ ئۆيىگە ئوقۇتقۇچى ئۇ يىلىدىن-بۇ يىلىغا بىر قېتىممۇ بېرىپ قويۇشمايدىكەن. لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم. بەلكى، ئىشنى مەكتەپكە ئىزچىل ياخشى كېلىۋاتقانلارنىڭ ئائىلىسىدىن باشلىدىم. كەلمەيدىغان باللارنىڭ ئىشىنى ئىككىنچى باسقۇچلۇق خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزدۈم. ئىشلىرىم ئەتىدىن-كەچكىچە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ باراتتى. دەرس تەييارلايتتىم. تاپشۇرۇق تەكشۈرەتتىم. ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئايرىم سۆھبەت ئېلىپ باراتتىم. يەنە ۋاقىت چىقىرىپ باللار بىلەن تەنتەربىيە مەشغۇلاتلىرى قىلاتتىم. قىسقىسى، كۈنلىرىم كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى.

پەقەت كەچقۇرۇنلۇقىلا مېنى غېرىبلىق باساتتى. يەنە ھېلىقى تار، قاراڭغۇ ياتاق. ھە، راست، ياتىقىمنى دېمەپتىمەن. بىر كارىۋات، بىر شىرەلا سىغىدىغان ئېگىز پەنجىرىلىك كونا ئۆي. قەغەز چاپلانغان يالغۇز كىچىك پەنجىرە مەكتەپنىڭ كەينىدىكى جىگدىلىككە قاراپ تۇراتتى. جىگدىلىك بولسا تىكەنلىك چاتقاللىرى چىرمىشىپ كەتكەن يېزىنىڭ يوغان قەبرىستانلىقىغا تۇتىشاتتى. ئۇيقۇم قاچقان كېچىلىرى جىگدىلىكتىن ئاللىقانداق شۇۋىرلاشلارنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىم، توك قاغىلارنىڭ ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ سەت قاقىلداشلىرى يۈرىكىمگە ئەنسىزلىك سالاتتى. گاھى تۈنلىرى زاراتكاھلىقنىڭ گۈمبەزلىرىدىن ھۇۋلىغاندەك ئاۋازلار چىقاتتى. ئېگىز پەنجىرىدە ئېسىلىپ تۇرغان قەغەز پارچىلىرى تۈن بويى شىرىقلاپ كىمدۇ بىرسى كۆزنەكنى چەككەندەك بولاتتى. بۇنداق كېچىلەردە مېنى قارا تەر باساتتى، روزىخان مومايىنىڭ «جىگدىلىكتە جىننىڭ ئۇۋىسى بار» دېگەن ھېكايىسى يادىمغا كېلەتتى. مەن جىن دېگەن نەرسىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتىم. ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىغانىدىم. لېكىن روزىخان چوڭئانام شۇنچە ئېنىق پاكىتلار بىلەن ئىشەندۈرەلىك سۆزلىدى. كىمدۇ، بىرسىنىڭ ئوغلى قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىكى چىغىر يولىدىن ئۆتۈپ ئەمدىلا جىگدىلىككە كەلگەن چېغىدا يوغان بىر ئۆككۈز ئۇنى ئۇسسۈۋېتىپتۇ، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ ئەزايىسىنىڭ بىر تەرىپى تۇتماس بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ ئۆككۈز سۈرەتلىك كۆرۈنگىنى جىگدىلىكتىكى جىن ئىمىش. مەن بۇ ھېكايىگە ئىشەنمىگەن بولسامۇ، نېمىشقىدۇ ئۇيقۇم قاچقان ئەنسىز كېچىلىرى، روزىخان مومايىنىڭ دېگەنلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئەزايىمنى قارا تەر باساتتى.

بىرنىڭ تۆت كىشىلىك ئاشخانىمىزغىمۇ يېڭى تۇش كىرىپ قالغانىدى. ئاشپەزلىكنى ئەمدى مەن ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇنىڭدىن بولۇپمۇ مۇساخۇن خۇش ئىدى.

— ئاشخانىنى يۆتكەيلى ... — دېدىم مەن بىر كۈنى قوناخۇنكامغا تەكلىپ بېرىپ.

— يۆتكەيلى، نەگە؟ خۇدا ئۇرغان بۇ مەكتەپتە ياكى ئارتۇق ئۆي بولمىسا.

— هازىرچە، مېنىڭ ياتىقىمغا يۆتكەپ تۇرايلى، ئەتىيازلىققا بىر گەپ بولار. ئىشخانا- ئىشخانىغا ئوخشاپ تۇرسۇن. بولمىسا مۇئەللىملەرنىڭ خىزمەت ئىشلىشىگە تەسىر يېتىدىكەن...

مېنىڭ تەكلىپىم ئۇلارغا ياغدەك ياقتى. شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا ئاشخانىغا تەئەللۇق لاقا- لۇقىلارنى كۆچۈردۇق ... لېكىن بۇ باللارچە ساددا تەكلىپىم، كۈتمىگەندە ئەكسى تەسىر بەردى. بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام...

بىر كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا مەن ئىشخانىدا مۇئەللىملەر بىلەن ئاتلىمىچۇق ئويناۋاتقان مۇساخۇنغا قاراپ:

—مۇسا مۇئەللىم، بىكار بولسىڭىز ئازراق ئوتۇن پارچىلاپ قويسىڭىز، مەن بالدۇراق كەچكى تاماقنى تۈتۈش قىلاي. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئائىلە سۆھبىتىگە بارماقچىدىم،— دېدىم.

كىمدۇر بىرسى مۇدىرغا سىرلىق قاراپ، مېنى ئىككى بىلەن شەرەتلەپ، گېلىنى قىرىپ قويدى. مۇدىر ئورۇق قوۋۇزلىرىنى چىمبەرقۇتتەك پۈرۈشتۈرۈپ مەنىلىك كۈلدى. يەنە بىرسى ئاردىن:

—شۇنداق قىلىڭچۇ، مۇسا مۇئەللىم!—دەپ ئاۋازىنى ماڭا ئوخشىتىپ دورىدى. ئوقۇتقۇچىلار پاراقىدە كۈلۈشتى. مۇساخۇننىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

مەن ئۇلارنىڭ سىرلىق قاراشلىرى، دوراشلىرى ۋە مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرىگە قاراپ ئەجەبلەنگىنىمدىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكىمنى، مېڭەمگە قان تېپىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدىم. مەن ئاچچىقىمدىن بوغۇلغىنىمچە مۇدىرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ- هۆرپەيدىم:

—بۇلار نېمە دېمەكچى، مۇدىر؟! ئېيتىڭا، نېمە دېمەكچى!؟

—هى...هى... ئاچچىقىم چاقچاق-تە، نادىرەخانىم... شۇنىڭغىمۇ تېرىككەن بارمۇ؟... هى...هى... سىلەرمۇ- زە، پەرقى- پاساتىنى بىلمەيسىلەر... — ئۇ ئورىدەك كۆزلىرىنى مۇغەمبەرلىك بىلەن يېنىدىكىلەرگە ئالايتىپ قويدى. شۇ تاپتا كۆزۈمگە شۇنچە سەت كۆرۈنۈۋاتقان بۇ ئادەمگە تىل سېلىپ، هەممە دەردىمنى ئۇنىڭدىن ئېلىشقا تەييار تۇراتتىم. ئۆزۈمنى كۈچ بىلەن بېسىپ، ئىتتىك كەينىمگە ئۆرۈلدۈم-دە، ئىشىكنى قاتتىق ياپقىنىمچە، ياتىقىمغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتىم.

ياتاققا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىغىنىمچە، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم. مۇئەللىملەرنىڭ چاقچىقى مېنى تىللىغاندىن بەتەر هاقارەت بولۇپ تۇيۇلدى. بولۇپمۇ هېلىقى قاسماق مۇدىرغا ئاچچىقىم كېلەتتى... ئۇلار مېنى مۇساخۇنغا — هەممىسى قارا خىزمەتچىسىدەك ئىشقا بۇيرۇيدىغان يوۋاش مۇساخۇنغا لايىق كۆرگەن چېغى... هەممىنى تاپقان ئۆزۈمنىڭ كۆڭۈلچەكلىكىم ۋە يەڭگىلتەكلىكىم. مەن ساددىلىق قىلىپ، شۇ ئەرلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ، تاماق ئېتىپ بېرىپ يۈرۈپتىمەن. ئىسىت!...

مەن ئەلەم بىلەن بوغۇلۇپ، ئېسەدەشلەردىن ھېچ ئۆزۈمنى باسالمايتتىم، ئۆيلىسام - ئۆيلىسام غەزىپىم كېلەتتى، ئاخىرى ئورنىمدىن چاچراپ تۇردۇم - دە، قازان - قومۇچ، چويلا - چۆمۈچلەرنى سىرتقا ئېتىشقا باشلىدىم. بۇ مېنىڭ مۇدىرىدىن ئۆچ ئېلىشىم ۋە ئۇستۇمدىن سۆز - چۆچەك توقۇپ يۇزگەنلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىسيانىم، ئىدى. بىردىنلا بىر قول كېلىپ مېنىڭ گەۋدەمدىن تۇتۇۋالدى. ئۆرۈلۈپ قارىسام، خۇماگۇل ئىكەن. ئۇ:

—ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، نادىرەخانىم. بۇ ئەپەندىلەر ئاشۇنداق تېتىقسىز چاقچاقلارغا كۆنگەن. قويسىلا كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا — دېدى.

—خۇماگۇل ئاچا، ئۇلار مېنى نېمە كۆردۇ، ئېيتىڭا؟ ھېلىقى قۇناخۇنچۇ، ئۇلارنى «ھاي» دېيىشنىڭ ئورنىغا تۆلكىدەك ھىجىيىدۇ، تېخى...

—بۇ دورەم ئاچچىقلىرىنى ماڭا بەرسىلە، نادىرەم... — خۇماگۇل مېنى كارىۋاتقا تارتىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە چاچلىرىمنى سىيلاپ بەزلەشكە باشلىدى، شۇڭا دەيمەن ئەمەسمۇ، دۇنيادا بىر خەقنىڭ ئەرلەر كۆپ جايدا ئىشلىمىكى تەس دەپ. سىلى بىلمەيلا ئۇلارنىڭ خۇيىنى، بىرەر ئايالنى كۆردىمۇ، خۇددى راستەكلا چاقچاق قىلىشىدۇ. مېنىمۇ بويتاق چېغىمدا شۇنداق قوپال چاقچاقلىرى بىلەن جېنىمدىن جاق تويغۇزغان ئۇلار. بىزنىڭ بۇ قۇمباش ئاجايىپ - تە. ئېرى يوققا ئەر، خوتۇنى يوققا خوتۇن تاپىدىغان ھېلىقى دەللەللەر تۇرۇپلا تۇز يەردىن قۇيۇن چىقىرىشىدۇ، تۇۋا. شۇڭلاشقىغۇ، مەنمۇ ئەرگە تېگىپلا قۇتۇلغان ئۇلارنىڭ گېپىدىن.

—مېنى مۇساخۇنغا تەگسۇن دېمەكچىمۇ ئۇلار؟—سورىدىم ياش يۇقى كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ.

—مۇساخۇنغۇ مۆمىن بىچارە، ئۇنىڭ خىيالىدىمۇ يوقتۇ. ھەقىچان، ئۇنداق دېيىشسىمۇ، مۇشۇ ئالتۇندەك چىرايلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ماقۇل دەيتتىلىمۇ؟...

خۇماگۇل تالاغا تاشلانغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرگىلى تۇردى.

—بولدى، ياتاققا ئەپكىرگۈچى بولماڭ، خۇماگۇل ئاچا، بۈگۈندىن باشلاپ ئۇلاردىن تامىقىمنى بۆلۈمەن!

—ياق، سىلىنى چىدىماي ئاران تۇرۇپتىكەن دەپ يەنە گەپ تېپىشىدۇ، بۈگۈنچە ئۇنداق قىلمىسىلا، نادىرەم!...

—نېمە دېسە، دېيىشسۇن، ئۇلارنى كۆرىدىغان كۆزۈم يوق مېنىڭ!

شۇنىڭدىن كېيىن، ھېچكىم ماڭا ئۇنداق قوپال چاقچاق قىلمايدىغان بولدى. بىر تامىقىمىزنىمۇ بۆلۈۋالدۇق. مۇدىرمۇ كېيىن ماڭا يۈز كېلەلمەي قالغان چېغى، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالمىدى. ئەرلەرنىڭ ئىس تارتقان ئۇماچلىرى يەنە ئىشخانىغا كۆچتى. ئۈچ بويتاق قاچا - قۇچىلارغا پۇتلىشىپ، تا بىر چاققىچە قورساقلىرى بىلەن ھەپىلىشىدۇ. مەنچۇ، ئۆزۈمنىڭ چاققانلىقىمنە ھۇجرامدا بىر گېلىمنى، بىر پەستىلا تاتلىق - تۇتلۇق تاماقلار بىلەن بېقىۋالىمەن. ھېچقانداق ئېغىرچىلىق يوق. شۇ!

قىسقىسى، زىيان تارتقان ئۆزلىرى، ئۆزىنى چاغلاشقان بولسا، «ياۋا توشقان» غا قالايمقان يۇقۇشمىغان بولسا دەككىسىنى يېمەيتتى.

4

ئاپرېل ئايلىرى بىزنىڭ مەكتەپىمىزدە ئىككىنچى مەۋسۇملۇك ئوقۇتۇشنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىلى بولىدۇ. بىراق بۇ چاغدا مېنىڭ سىنىپىمدىكىلەرنىڭ مەكتەپكە كېلىشى بىردىنلا سۇسلىشىپ كەتتى. ئىزچىل ياخشى بولۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارمۇ سەۋەبسىزلا يوقاپ كەتتى. بىر كۈن، ئىككى كۈن كۈتتۈم، ئەھۋال ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ئىچىم تىت - تىت بولاتتى، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە دەرسكە كىرسەم، پارتىدا ئولتۇرغانلار شالاڭلىشىپ خۇددى قۇمباشنىڭ شورتاڭ ئېتىزلىرىدا ئۈنگەن قوناق مايسىلىرىدەك ئۇ يەردە، بۇ يەردە بىر تالدىنلا قاپتۇ.

ئەھۋالنى ئىشخانىغا چىقىپ ئوقۇتقۇچىلارغا ئېيتتىم. «ھەممىمىزدە ئەھۋال شۇنداق» دېدى خۇماگۇل. سوپاخۇن مۇئەللىم ئاچچىق تاماكىسىنى ئىچىگە شوراپ ئولتۇرۇپ، كۆپكۆك ئىس تولغان قوۋۇزلىرىنى پۇلتايتىپ غەمسىز جاۋاب بەردى:

— ھازىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى، ئەزالارنىڭ ئىشى چېچىدىنىمۇ تولا، بىزدە نېمە ئامال، نادىرەخانىم؟ كەلگەنلەرنى ئوقۇتۇپ تۇرارمىز...

چۈشتىن كېيىن ئەترەتلەرگە باردىم. دېگەندەك، باللارنى توپ - توپى بىلەن قاپ يۈدگەن، زەمبىل كۆتۈرگەن، غالتەك ھەيدىگەن ھالدا قىغ، توپا دۆۋىلىرى يېنىدا ئۇچراتتىم. ئۇلار مېنى كۆرۈشى بىلەنلا نېرىراقتىكى كونا تاملىقنىڭ ئارىسىغا قاراپ قېچىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن گەپ ئاڭلايدىغان بىرسىنى — تۇراخۇننى چاقىرىپ توختاتتىم:

— ۋاي - ۋۇي، سىلەرگە نېمە بولدى تۇرام؟ خۇددى بىرسى تۇتۇپ يەيدىغاندەك قاچىسىلەر، ئۇلارنى چاقىر يۈگە، ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلسۇن!...

مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ قاپ يۈدۈۋاتقان بىر توپ ئاياللار ھاڭقىيىپ قاراپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى:

— ئەپەندىگلار كېلىدۇ دېسەم ئۇناشمايسىلەر، مانا كەلدىمۇ، قېنى ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەركى، — دېدى باللارغا چاڭىلداپ سۆزلەپ.

— نېمە دېمەكچىدى، مانا قىزىق، ھوي، تۇراق، ماڭ بۇ ياققا، خانىمگىنىڭ دورغېسىمىدىنىڭ سەن، ماڭ دەيمەن جۇۋاينىمەك!—كونا چىت كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى يەرگە سۆرەپ، تىرەك قوۋزىقىدەك تىلىم - تىلىم يېرىلىپ كەتكەن تاپانلىرى بىلەن پايپاسلاپ چىقىپ كەلگەن بىر خوتۇن تۇراخۇنغا قاراپ توۋلىدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن يالپاق يۈزلىرى ئەلەم ۋە ھارغىنلىق بىلەن ئاچچىق زەھەر چېچىپ تۇراتتى، — خانىمگىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن كەكلىكتەك يورغىلايسەنۇ، ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىمامسەن تېخى؟ ماڭ دەيمەن، ھېلى بىكا...

مەن تۇراخۇننىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم ۋە:

ئاچا، ماقۇل دېسىلە، تۇراخۇن باللارنى باشلاپ كەلسۇن،— دېدىم.

سالىمىغا پىسەنتمۇ قىلمىغان بۇ خوتۇن بوينىدا شاپتۇل قېقىپ مېنى سىلكىۋەتتى.

— ئو...ش، ۋەزىپەمنى سىلە تۆگىتىشىپ بېرەمتىلە، خېنىم؟ ئۆلۈكتىن قول ئۆتنە ئالغۇدەك بولۇۋاتسا كىشى!...— ئۇ ئىككى چامدام نېرى بېرىپ، ھومايدى-دە، قولىنى شىلتىدى،— ئاۋۇ قىرنىڭ تۆۋىدىكى جاننى كۆردىلىمۇ، ئەتتىگەنىنىڭياقى يىغلاپ، سېرىق ئېتى يىرتىلغۇدەك بولدى. ئەمچەك سالغۇدەكمۇ چولام يوق!...

مەن ئىزانى ئىچىمگە يۇتۇپ، ئۇنىڭغا يېلىنغاندەك ئوسالغىنە ھەجايدىم:

— بۇ ئىشلارمۇ تۆگەيدۇ، لېكىن...

— ھە، شۇ ئىش تۆگىمىگىچە جانمۇ تۆگەيدىغان ئوخشايدۇ. نەسھەتلىرىنى ماڭا قىلماي، سىنىپلىرىغا بېرىپ دەۋالسىلا، ئو...ش...

مەن جېنىدىن جاق تويغان بۇ قوپال خوتۇن بىلەن تاكاللىشىشنى بىئەپ كۆردۈم. دۈيجاڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدۇم. شۇ ئارىدا تەرى ئىللىق بىر موماي دوڭغاسلىغىنىچە قېشىمغا يېتىپ كەلدى:

— بۇ تەنتەكلەرنىڭ ئەدىپىنى تازا بەرسىلىرا، خېنىم. بىزنىمۇ مۇكچەيتكەن ئىشلار بۇ، ئۇلارنىمۇ قېرىتىدۇ تېخى. باللىرىنى ئوبدانىراق ئوقۇتۇشۇپ، مۇشۇ ئېغىرچىلىقلارنى يېنىكلىتىشنىڭ يولىنى قىلمايدۇ-دە، بۇ بىشەم خوتۇنلار... ھۆكۈمەت بىر ئوبدان گەپ قىلىۋاتاتتىغۇ، ئۇنى ئاڭلىماپمەدىكى، سىيتەك ۋالاق. تووا، ھېلىقى تىرەكتۇر دېگەننى ئوقۇغان ئادەم ياسايمىشقۇ، بىزلەر مۇكچىيىپ بىر مونىڭ چالمىسىنى يۇمشاتقىچە، ئۇ ئالەمنىڭ ئىشىنى قىلىپ بولىدىكەن...

مومايىنىڭ گېپى تۆگىمىگىچە تۇراخۇنمۇ تامنىڭ كەينىگە قاچقان باللارنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار توڭگۇر بېسىپ كەتكەن يالاڭئاياق پۇتلىرى بىلەن توپىنى جىجاپ، خۇددى گۇناھكارلاردەك باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئالدىمدا تۇرۇشاتتى. موماي ئۇلارغا نەسھەت قىلدى.

— شۇ-دە، ئوقۇغۇچىلار توشقانلىرىم، بىز بىلەنلا كەتسۇن بۇ ئەمگەك، قۇرۇق نومۇردىن ئاش چىقمايدۇ، باللىرىم. قانداق دېدىم ھابەكۋاي؟...

ئاچا ياغاچنى قولتۇقىغا قىسىپ، بىزگە قاراپ كەلگەن ئابابەكرى دۈيجاڭ مومايغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. مەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا قارىدىم:

— قېنى ئېيتىڭلارچۇ، سىلەرنى كىم مەكتەپكە ئەۋەتمىدى، دۈيجاڭمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە كىم؟

— ئۆزىمىز. نومۇرغا ئىشلەيدىكەنمىز-شۇ!

دۈيجاڭ باللارنىڭ جاۋابىنى قۇۋۋەتلىدى:

— ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، خانىمقىز. مەن بالاڭلارنى مەكتەپكە بەرمەڭلار دېمىدىم، راستمۇ-ياق؟

دۆيجاڭنىڭ كۆزلىرى ئالىغاي ئىكەن. ئۇ ئۆز گېپىنىڭ جاۋابىنى يېنىمدا تۇرغان بىر ئايالدىن تەستىقلاتماقچى بولۇپ قارىغانىدى، خۇددى ماڭا قاراۋاتقاندەك كۆرۈندى.

— شۇ-دە. «كېيىنكى قۇيرۇقتىن ھازىرقى ئۆپكە ياخشى». بابا ھۆرەم ئانام دېگەندەك ئۇلار ئوقۇپ، بىزنى ئېغىرچىلىقتىن قۇتقۇزغىچە قۇيرۇقىمىزنى قۇم بېسىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلارمۇ ئۆز تەلىيىدىن كۆرەر. شۇ قۇرۇق نومۇر بولمىسا، كۆزدە نورما پۇلى تۆلەيدىغان گەپ.

يەنە بىر ئاۋاق ئايال ئالدىدىكى خوتۇننىڭ گەدىنىدىن بويىنىنى سوزۇپ دۆيجاڭغا قارىدى:

— بۇ خانىمنىڭ قولىدىن كەلسە، شۇ نومۇرنى ھېساب ئەمەس دېسۇن. ئۇ چاغدا بالىلىرىمىز ئەمەس، ئۆزىمىزمۇ مەكتەپتە ئوقۇيمىز...

— خويمۇ گەپ قىلدىڭلا. راستتە... — تۇراخۇننىڭ ئانىسى نەدىندۇ يېتىپ كېلىپ، ئوغلىنىڭ قولىدىن يۇلقۇشلاپ تارتتى:

— ماڭە، سېنى مەن تۇغقان، ئوختۇڭمۇ بەغەرەز؟ ناننى مەن بېرىۋاتىمەن! قورسىقىڭغا نان بولسا ئوقۇيسەن، ماڭ دەيمەن!

— ھا... ھا... ھا... !— ئابابەكرى دۆيجاڭ بىردىنلا قورساقلىرىنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلدى:

— سېيىتخان بولار يېرىنى دېدى. راستتە، قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرامتى؟ قورساق توق بولسا ئوقۇشمۇ قۇلاققا كىرىدۇ... قېنى، بولۇڭلار ئەمدى. بۇ ئېتىز ئىشىپ قالمىسۇن. باللارنى ماقۇلغا كەلتۈرەلىسە، خانىم قىز ئۆزى ئېلىپ كەتسۇن.

ئىش مەن ئويلىغاندەك ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس ئىكەن. ئوقۇغۇچىلارنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشىمغىلا بۇ يەردىن غەۋغا چىقىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. ئەلەمدىن «ۋاققىدە» يىغلىغىلى تاس قالدىم. شۇنداقتىمۇ دۆيجاڭغا تۆت ئېغىز دېگۈلۈكىمنى دەۋېلىپ، دادۈي سېكرىتارىنىڭ قېشىغا باراي دېدىم-دە، ئەلەس دۆيجاڭنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈم:

— ئەمگەك كۈچلىرىگە سىز ئىگىسىز، شۇنداقمۇ دۆيجاڭ؟

ئۇ مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى چۈشەنمىدى. گۆلى ئۆڭگەن بادام دوپپىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ چۆچۈگەن نەزەردە، بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تىكىلگەندەك قىلىپ تۇردى.

— ئۇلار قىرىسا، سىلەرگە يەنە ئەمگەك كۈچى لازىمدۇ؟... بىلەمسىز، بۇلار تېخى ياشلا نوتا. ئەمدىلا ئونىنەچچىگە كىرگەن ئۆسمۈرلەر ھازىردىن ئېغىر قاپ ئاستىدا مىجىلغىلى تۇرسا، كەلگۈسىدە قانداق قىلىپ يارامىلىق ئەمگەك كۈچلىرىگە ئىگە بولالايسىز؟

— مەن بۇلارنى ئىشلىسۇن دەپتىمەنمۇ، ھېلى ئۆزلىرى ئاڭلىدىڭغۇ؟...

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىشىغىمۇ ھەيدەكچىلىك قىلىشىڭىز، ئۇلارغا نومۇر قويۇپ بەرمەسلىكىڭىز كېرەك، دۆيجاڭ.

— ئىشلىسە، نومۇر بەرمەيدىغان ھەددىم يوق مېنىڭ. بۇ ئىشنى مەن بىلەن سۆزلى-

شىپ ھەل قىلالمايلا، خانىم قىز...

دۈيجاڭ ئاچا ياغاچنى سۆرىگىنىچە، ئېگىز ـ پەس دەسسەپ نېرى كەتتى. بۇ ئادەم توغرا ئېيتقاندى. ئۇنىڭ بىلەن ئىش تاڭلاتمايتتى. باللارغا ئەتە جەزمەن مەكتەپكە بېرىشنى بىر ـ بىرلەپ جېكىدىم ـ دە، تۇراخۇننى ئارقامغا سېلىپ، سېكرىتارنى ئىزدەپ كەتتىم.

بىز توپىلىق يولغا چۈشۈپ مەھەللىگە قاراپ كەتتۇق. يول بويى كۆز ئالدىمغا تۇراخۇننىڭ ئانىسىغا ئوخشاش زەردىلىك چىرايلار، دۈيجاڭغا ئوخشاش پادىچىلار كېلىۋالاتتى. ئەمگەكنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى مەنمۇ بىلەتتىم، ئەلۋەتتە، ئىنسانغا ھاياتلىق لازىم ئىكەن، ئەقەللىسى، نان، كىيىم ـ كېچەك بولمىسا بولمايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، روناق تېپىشى ئۈچۈن ئەمگەك بىردىنبىر تۈۋرۈك. لېكىن ـ زە،... بىزنىڭ بۇ نادان ئادەملىرىمىز نېمىشقىمۇ ئويلىيالمايدىغاندۇ؟ ئۇلار ئۈچۈن نان، كىيىم ـ كېچەك بولسىلا كۇپايە قىلامدىغاندۇ؟ ياشاشنىڭ تەلىپىمۇ قورساق تويغۇزۇش بىلەن يالىڭاچ تېنىنى يېپىپ تۇرۇشتىنلا ئىبارەتمىدۇ؟ ياق! بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپلا تەبىئەت بىلەن ھەپىلىشىپ كەلمەكتە. ھازىرمۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە جىددىي ۋە جاپالىق جىسمانىي ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولماقتا. لېكىن تېخىچە قورساق تويغۇزۇشتەك ئەڭ ئاددىي ئېھتىياجىنى قامداپ كېتەلىدىمۇ؟ بىر تېمەن ئەمگەك كۈچىنىڭ يىل بويى ئېغىر ئەمگەك قىلىپمۇ ئۆزىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزالمىغانلىقىنى ئۇلار نېمە دەپ چۈشىنىدىغاندۇ؟... ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئېتىزدا كەتمەن چېپىش، تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئەمگەك؛ قەلەم تۇتۇش بولسا ئاق نانچىلارنىڭ ئىشى. ئۇلار ئىلىم ـ پەن دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھازىرقى دۇنيادا زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەڭ ئۇلۇغ ئەمگەك ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار XX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئەۋلادلىرىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بەختسىز ئىزلىرىدىن مېڭىپ، ئادەمنى نادانلىق، قالاقلىق، ئاچلىق ئىللەتلىرى قاپلاپ ياتىدىغان دۇنياغا ئاڭسىز تۈردە باشلاپ كېتىۋېرىشىدۇ... ئاھ، مېنىڭ تەرسا، نادان قېرىنداشلىرىم. سىلەر قاچانمۇ ئويغىنارسىلەر؟ قاچانمۇ ھوشۇڭلارنى تاپارسىلەر؟ قاچانمۇ كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ، يېڭى دۇنياغا قارايدىغان بولارسىلەر؟!...

تۇراخۇن ئىككىمىز مەھەللىنىڭ بېشىدىلا ئىشىكى ئالدىدىكى كۆلچەكتىن سۇ ئېلىۋاتقان بەختىخاننى كۆردۇق. ئۇ، سىنىپىمىزدىكى ئەڭ كىچىك يۇۋاش قىز ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ھوپپىدە قىزىرىپ، تىرناقلىرىنى تاتىلاپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— ئۆيىڭىز شۇمۇ بەختىخان؟

قىز بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى مەكتەپكە بارمىدىڭىزغۇ؟

— ئۆيدىكىلەر بارغۇزمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— ئۇكائىغا قارايسەن، دەپ...
— ئاپىئىمز بىر ياققا كەتكەنمۇ؟
—خانىم، بەختىخاننىڭ ئۆز ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن...—دېدى تۇراخۇن.
ئۇنىڭ گېپىدىن كېيىن، بەختىخاننىڭ كۆزلىرىگە مۆلدۈرە ياش كەلدى.
شۇ ئارىدا ئىچكىرىدىن بىر خوتۇننىڭ ئاچچىق ئۇنى ئاڭلاندى.
—ھوي، بەختەك، ئۆلدىڭمۇ جوۋاينىمەك!؟...
مېنىڭ بىردىنلا تېنىم غۇژژىدە قىلىپ، سەپرايىم ئۆرلىدى. قورۇغا قانداق كىرگەنىمنى بىلمەي قاپتىمەن. ئالدىمدا خېلى پۈززۇر كىيىنگەن، زىلۋا بويلۇق، ئۇزۇن بۇرنى قۇش تۇمشۇقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاق يۈزلۈك ياش ئايال تۇراتتى.
دۈيجاڭنىڭ ئايالى...—دەپ پىچىرلىدى تۇراخۇن.
—سىلە، بەختىخاننىڭ ئانىسىمۇ؟
ئايال جاۋاب بەرمىدى بەلكى مېنىڭ باش-ئايىغىمغا مەنسىتمىگەندەك سوغۇق نەزەر تاشلىدى.
—بەختىخاننىڭ ئوقۇتقۇچىسىمەن. ئۇنى مەكتەپكە ئېلىپ كەتمەكچىمەن!—دېدىم ئايالغا قاراپ تەنتەنە بىلەن.
—بىز ئۇنى ئوقۇتمايدىغان بولدۇق.—ئايال ماڭا قاردىماي تۇرۇپ خاتىرجەم جاۋاب بەردى ۋە بەختىخانغا ھۆرپىيىپ،— نېمە بېزىرىپ تۇرۇسەنوي، كىر ئۆيگە، ئۇكاڭغا قارا!—دېدى.
—نېمىشقا ئوقۇتمايسىلەر؟
—نېمە دەيدىغاندۇ ئەمدى، سىلىنى بىزگە سوراقچى قويمىغاندۇ؟ ئوقۇتايلى، ئوقۇتمايلى، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى-دە!
—دادىسى شۇنداق دېگەنمۇ؟
—دادىسى ئۆزىنى بىلسۇن، مەن ھازىر ئۇنىڭ ئانىسى، دېگىنىمنى قىلىدۇ.
—ياق، قىزنى ئوقۇتمىساڭلار بولمايدۇ. مەن ئۇنى ئوقۇتماي قويمايمەن!
—ۋاييەي، خۇددى ئۇنى تۇغقان ئانىسىدەكلا قىلىپ كەتتىلىغۇ، ئاغزىمنى ئاچمىسىلا خېنىم. يا ئۇنى ئوقۇتمىغانغا ھۆكۈمەت ئايلىقلىرىنى بەرمەمتى؟!
قاش-قاپاقلىرىنى ئەلگەكتەك سۈزۈپ، تەئەددىگە كۆچكەن بۇ خوتۇننىڭ كىبىرلىك قىياپىتى جېنىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى:
—شۇنداق، ئۇنى ئوقۇتمىسام ھۆكۈمەت ئايلىق بەرمەيدۇ! مېنىڭ بەختىخاننى ئوقۇتۇش ۋەزىپەم بار!—دېدىم مەن ئاچچىقىم بىلەن.
—ۋەزىپە، پەزىپىلىرى بىلەن چاتىقىم يوق. يوللىرىغا ماڭسىلا.
—ياق!
—نېمە چىڭگىزلىك قىلىدۇ، ما، سەتەڭ، كۆرگۈلۈكىنى كۆرستىمەن بىكار!...—
بەختىخاننىڭ ئۆگەي ئانىسى تەرىنى بۇزۇپ، ماڭا ئېتىلىشقا تەييارلا تۇراتتى، لېكىن مەن

قۇش تۇمشۇق بىشەملەردىن قاچىدىغان ياۋا توشقان ئەمەس - تە.
بىردىن تۇراخۇن يېڭىمنى تارتقۇشلىدى.
— كېتەيلىلا خانىم، دۇيجاڭ بىلەن سۆزلىشەلا. ئۇ خوتۇن بىلەن تەڭ بولالمايلا...
— مەن تۇراخۇندىن يېڭىمنى ئاجرىتىپ، ئالدىمغا بىر قەدەم ماڭدىم:
— سىلى ئاغرىق، شۇنداققۇ، بەختىخان ئورنىلىردا ئىشلەيدۇ؟ دوختۇرنىڭ قەغىزى بارمۇ؟
— ۋاي توۋا، سىلىنى بىرسى سوراقچى قويغانمۇ دەيمەن؟!
— ماقۇل، ئاۋۋال دوختۇرغا بىللە بارىمىز. سىلىنى تەكشۈرتىمەن، راستىنلا كېسەل بولسىلا، داۋالانسىلا، ئۇ چاغدا سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا بەختىخانىمۇ ئىشلىمەيدىغان بولىدۇ. قانداق؟
دوختۇرنىڭ ئىتىنى ئاڭلىغان هامان لاسسىدە بوشاشتى:
— ياق، دوختۇرغا بارمايمەن. دوختۇرنى كۆرەر كۆزۈم يوق!
ئۇ شۇنداق دېدى-دە، دالاننىڭ ئىشىكىدە تۇرغان بەختىخاننىڭ قولىدىن بالىنى يۇلۇۋېلىپ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى.
— ئەمىسە، مەن بەختىخاننى ئېلىپ كەتتىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كەينىدىن.
بەختىخان ئۇڭغەي ئانىسىغا قايرىلىپ قارىدى ۋە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئىچكىرىدىن ئۇنىڭ زەردىلىك گېپى ئاڭلاندى:
— كەتكۈچى بولساڭ بىر يولىلا كەت، يېتىم ئوغلاق، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!
بەختىخان ماڭا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.
— يۈرۈڭ، ئۇنىڭغا لازىم بولمىسىڭىز، مەن باقىمەن سىزنى.
مەن بەختىخاننى يېتىلەپ هويلىدىن چىقتىم.
بىز دادۇيگە بارغۇچە يەنە بىر قانچەيلەننىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقتۇق: ئۇششۇق خوتۇنلارنىمۇ، قوپال تاپا - تەنىلىك چىرايلارنىمۇ، گەپ ئاڭلايدىغان كىشىلەرنىمۇ ئۇچراتتۇق. مېنى تىللاپ قاغىغان تىللارنىمۇ، ماختاپ ئۇچۇرۇپ ئىلتىپات بىلدۈرگەن ئىبارىلەرنىمۇ ئاڭلىدۇق. هەر هالدا مېنىڭ بۈگۈنكى ئائىلە سۆھبىتىم خېلى مەنىلىك هەم كۆڭۈلسىز، هەم كۆڭۈللۈك سەيلە - ساياهەت بولماقتىدى.
يول ئۈستىدە روزىخان موماينى يوقلاپ ئۆتكۈم كەلدى. مەن ئۇلارنىڭكىگە پات - پات بېرىپ تۇراتتىم. بىچارە موماي كۆزدىن بۇيان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ، هازىر خېلى تېتىكلىشىپ قالغانىدى. مېنى كۆرۈپ خۇشال بولدى، چاي ئەپكەلدى. «كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ بېرىمەن» دەپ چىڭ تۇتتى. مەن ئالدىرايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ يېنىدىم.
— بۇ ياۋا قۇشقاچلارنى تۇتقۇچە ئارامىلىرى قالمايدىغۇ بالام، هە، راست، ئېسىم قۇرسۇن، مۇشۇ مەلىگە بىر قارىم پەيدا بولۇپ قالـدى دېيىشىدۇ. بۇ تەنتەكلەرنى شۇ ئېزىقتۇرۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟ — دېدى ئۇ.

مەن مومايىنىڭ گېپىگە دىققەت قىلدىم - دە، تۇراخۇن بىلەن بەختىخاننى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇ دېگەن ھويلىغا يېتىپ باردىم، ياغاچ دەرۋازا ئىچىدىن زەنجىرلەنگەنىدى. يوچۇقتا قۇلىقىمنى يېقىن تۇتقانىدىم، بىر توپ بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئېنىق ئاڭلاندى.

تۇراخۇنغا ئىشارەت قىلدىم، ئۇ ياندىكى سۆگەتتىن شوكىغۇپ كىرىپ، دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنى ئېلىۋەتتى. بىز ئاۋاز چىققان تەرەپكە - گېزىت قەغىزى چاپلانغان پەنجىرىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئۆيدىن مۈشۈكتەك مىياڭلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئەمدى ماڭا قاراڭلار بالىلىرىم! ھوي ئۇنۇڭنى ئۇچەر شەيتان!

چىۋىقىنىڭ «چارس» قىلغان ئاۋازى بىلەن بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى تىمتاسلىق ئىچىگە چۆكتى.

— ھىم، گەپ ئۇقمىغان قۇلاققا بۇ تاياق شۇنداق دورا. ئەھەھ! خوش، تۇنۇگۇن سىلەرگە يەر تەۋرەش قايسى ئىرادىدىن بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدىم، سەن دېگىنە قاپباش، يەر نېمىشقا تەۋرەيدۇ؟

— ھە، ھە ... خۇدانىڭ قۇدرىتى بىرلە، يەر - زېمىننى بىر توپاق ئىككى مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. توپاقنىڭ مۈڭگۈزى تالغاندا ... تۇراخۇن ماڭا قاراپ ھېجايدى.

مەن ئۇنى ئۈنچىقماسلىققا ئىشارەت قىلىپ، يەنە تىڭشىدىم. قارىنىڭ ئۇنى ئاڭلاندى:

— قاپباشنىڭ ئېيتقىنى ھەقمدۇر؟

— ھەقتۇر! ...

— ياخشى، جايىڭغا بار، قاپباش، يادىڭدا بەلەن تۇت - ھە!

— ئەمدى سىلەرگە دوزاق ۋە جەننەت توغرىسىدا سۆزلەيمەن. تالىپچاقلىرىم، گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. بىر سۆزلەپ بېرىپ سورايمەن. بىلمىسەڭلار ئىش باشقا، ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق!

— خۇدايتائالا ئۇ دۇنيادا گۇناھكار بەندىلىرى ئۈچۈن دوزاقنى ياراتقاندۇر. ئەھەھ... دىنسىزلار، كاپىرلار ھەممە بەش ۋاقىت نامازنى قازا قىلىدىغانلار، روزا تۇتمايدىغانلار، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار ... ھەممىسى خۇداسىزلار بولۇپ، ئۇلار شەكسىز دوزاققا كىرىدۇ. دوزاقتا ئوت كۆيىدۇرىدۇ، يىلان، چايان چاقىدۇ، قان - يىرىڭ ئىچىدە قىينىلىدۇ...

مەن چىداپ تۇرالماي، كىرلەشكەن ياغاچ ئىشىكنى زەرب بىلەن ئالدىغا ئىتتىرىپ ئېچىلىپ كىردىم. چولاق قارى روزىخان چوڭنىڭ تەرىپلىگەنىدىنمۇ بەت - بەشىرە ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ چاڭگىدەك ساقاللىرى يۈز - كۆزىنى باسقان، خۇنسىز ئورا كۆزلىرى ئىسلاشقان ياغاچقا ئورنىتىپ قويغان كۆكۈش ساپالدەك جانسىز ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتتى. مەن قارىيغا، ئاندىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تىزلىرىغا قوللىرىنى قويغىنىچە يۈكۈنۈپ قېتىپ ئولتۇرغان ۋەھىمىلىك چىرايلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. مېنىڭ-

دە ئوقۇيدىغان مەسۇمباي بىلەن موللاخۇن مېنى كۆرۈپ بۇلۇڭغا تىقىلىشتى. ئۆيدىكى ئونىنەچچە بالىدىن مەن تونۇيدىغانلار بەش - ئالتىچە ئىدى. قالغانلىرى باشقا كەنتلەردىن بولسا كېرەك.

چولاق قارىي قولىدىكى تەسۋىسىنى سىيرىشنىمۇ ئۇنتۇپ، بۇ تۇيۇقسىز ئىشتىن هاڭقىيىپ قېتىپ قالدى. مەن قىزلارغا خاس ئۇياتچانلىقنى بىر چەتكە قايرىپ تاشلاپ، قارىينىڭ سۆرلۈك چىرايىغا مىختەك قادالدىم:

— قارىم، سىلىنىڭ مەكتەپ باللىرىنى يىغىۋېلىشلىرىغا كىم رۇخسەت قىلدى؟

— ئۆ... ئۆزلىرى كىم بولىلا، خېنىم؟ رەسمىدە قىزلار يۈزىنى ئېچىپ ئەركەكلەرگە كۆرۈنۈش چوڭ گۇناھتۇر...

مەن دىمىقىمدا كۈلدۈم:

— ئاۋۋال مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرسىلە، كىمدىن رۇخسەت ئېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى بۇ يەرگە قامىۋالىلا، دەۋاتىمەن؟

قارىي كۆڭلىدىكى ئەنسىز ئىزتىراپىنى زور بىلەن قوغلاپ تۇرۇپ گېلىنى قىردى:

— ئەھەھە... ھەممىمىز ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانىمىز، خېنىم. بۇ مۆئمىن قۇللارنىڭ دىلىغا ئىمان سېلىش ئۆزۈمنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتى، خوش؟

— بۇلارنى سىلى يىغىپ كەلگەنمۇ؟

— ياق، ھەئە. خۇدالىق يولىدا ساۋاب بولسۇن دەپ، ئەھەھە!

— ياخشى گەپ ئىكەن. ئۇنداق بولسا، بۇ تۆت تال بالىنىڭ ساۋابىغا قاراپ، كۆڭلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي، كەينىمدىن ماڭسىلا، بىزدە يەنە نەچچە يۈزلەپ مۇسۇلمان بالىلىرى بار. بىراقلا سىلىگە تاپشۇرايلى. ھەممىسىنىڭ ساۋابى سىلىگىلا بولسۇن، مەرھەمەت!

قارىي چانىقىغا چۆككەن كۆزلىرىنى كۈلكىگە زورلىدى:

— چاقچاق قىلمىسىلا چوكانقىز. ھى... ھى... ھى... تومۇچۇقتەك بالىكەنلا - يۇ، لېكىن-زەھ گەپلىرى پالتىنىڭ بىسىدەك...

قارىي تېخى ماڭا چاقچاققا ئۆتىدىغان ئەلپازدا تۇراتتى. مەن قوشۇمامنى تۈرۈپ قەتئىي تۇردە دېدىم:

— سىلىنى قوپسىلا دەۋاتىمەن. ئۇدۇل جامائەتنىڭ قېشىغا بارايلى. ساۋابلىق ئىشنى ئۇلارغا جاكالايلى. خوش بالىلار، قېنى قارىمىنى يېتىلەڭلار، ھەممىمىز بىللە بارىمىز!

ساراسىمىگە پاتقان چولاق قارىي بالىلارغا ۋە ماڭا قارىدى-دە، يىرتىق كالىچىنىڭ سوڭىغا دەسسەپ كەينىگە داجىدى...

— سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمى ۋاجىپ، دەيسىلەرغۇ، راستمۇ؟

— بەرھەق راست، خېنىم.

— بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز قانۇنسىز ھالدا دىنىي مەكتەپ ئېچىشنى ئاللىقاچان چەكلىگەن. ئۆسمۈرلەرنى پەننىي مەكتەپتىن چەكلىتىپ، دىن ئوقۇتۇش قانۇنسىزلىق دەپ

كۆرسەتكەن. سىلى نېمىشقا قانۇنسىزلىق قىلىدىلا؟ ...

قارىينىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك چۈشتى. ئۇ ماڭا يېلىنىپ قارىدى:

— ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن خېنىم، ئۇلارنى ئاتا-ئانىلىرى يىغىپ بەرگەن.

— يالغان. قارىمكام ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ بىزنى يېتىلەپ كەلگەن! ... — دەپ چۇرقىراشتى بالىلار. قارىم ئۇلارغا يېشىل ساپالدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارىدى:

— ئاغزىڭنى يۇمۇش بەدبەختلەر! ...

مەن يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتۇم:

— قارىم، سىز ئېيتىڭا، سىلەر شۇ دىنىي تەرىقەتچىلار بىلەن خەلقىمىزگە، مىللىتىمىزگە زادى قانچىلىك نىجادلىق ئېلىپ كەلدىڭلار؟ ... سىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا رىيازەت چېكىش، ئۇ دۇنيادا راھەت كۆرۈش، دەيدىغان گېپىڭلار تامامەن خەلقنى قۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئالدامچى سەپسەتىسى. قانداقتۇ دوزاق، جەننەت ... ۋەھاكازالىرىڭلار خەلقنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان، ھازىرغا قانائەت قىلىپ، دۇنيادا يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ياراقسىز قۇللارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان بىھوشلۇق دورىسى ...

مەن سۆزلىگەنسېرى قىزىشىپ قالدىم. چولاق قارىي بەزگەكتەك تىترەشكە، كالۋالاشقان تىللىرى بىلەن «دۇرۇت» ئېيتىپ، مېنى قاغاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۇڭ باسقان دىدارىدىن غەزەپ، ئەلەم ۋە ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى!

— دېمەك قايىل ئەمەسسىز، شۇنداقمۇ، يۈرۈڭ بولمىسا، قانۇن ئالدىغا بارايلى. كىمنىڭ ناھەق، كىمنىڭ بەرھەقلىكىنى شۇلار ئايرىسۇن!

ئەمدى قارىم ماڭا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. بىز ئاخىرى كېلىشتۇق: تەشكىلگە ئېيتماسلىق شەرتى بىلەن، ئەتىدىن باشلاپ بالىلارنى ئوقۇتمايدىغانلىقى، كەلگەن يەرگە قايتىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ماڭا ۋەدە بەردى.

مەن بىر توپ بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ چوڭ يولغا چىققىنىمدا، كۈن پېشىندىن ھالقىغانىدى. يېرىم كۈن—مېنىڭ يېرىم كۈنۈم يۇقىرىقىدەك جاڭجاللار بىلەن ئۆتتى. لېكىن قىلچە چارچاش ھېس قىلمىدىم. ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەر كاللامدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. چۈنكى مەن بۈگۈن غەلىبىگە ئېرىشكەنىدىم. بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا جەمئىيەتتىن ئوتتۇرا قولدەك ئۈچ ئىللەتنى تېپىپ، ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىككىسىدە ئۇتۇپ چىقماق ئاسانمۇ؟ مېنىڭ بۇ غەلىبىلەرنى مۇستەھكەملىشكە، مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا تاغدەك ئىشەنچىم بار تېخى. چۈنكى خەلق مېنىڭ توغرا قىلىۋاتقىنىمنى چۈشىنىدۇ. ئۇلار مېنى يۆلەيدۇ-دە، ... يەنە بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن دادۈي سېكرېتارىنى ئىزدەپ تاپىمەن. كونا-يېڭى مەرەزلەر بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى چىرماپ يېتىپتۇ، سىزنىڭ نېمە ئامالىڭىز بار سېكرېتار؟ ... دەيمەن ئۇنىڭغا ...

مەن چولاق قارىيدىن ئادا-جۇدا بولغان بالىلارنى «ئەتىگەنلىككە مەكتەپكە بېرىڭلار» دەپ ئۆيىگە تارقاتتىم. بەختىخان مەيۇس كۆزلىرىنى ماڭا قاداپ، تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

— سەن مېنىڭ بىلەن بىللە تۇرغىن بەختىگۈل. ئۇلارغا لازىم بولمىساڭ، دەل ماڭا لازىمسەن، قوزام، — دېدىم ئۇنىڭغا. بەختىخاننىڭ كۆزلىرى خۇشاللىق ئىلكىدە چاقناپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قوناخۇنكام چېچىلغىنىچە ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى:

— بۇنچىۋالا ھەددىدىن ئاشماقنى كىم قويىدى سىلىگە، نادىرە خانىم؟ بۇ مەكتەپتە سىلى مۇدىرمۇ، مەنمۇ؟! ...

قىزارغان يۈزلىرىمدە چۈمۈلە ماڭغاندەك قىلدى. يۈزلىرىمنى سىيلىغىنىمچە مۇدىرنىڭ ئاغزىغا قارىدىم.

— بىرىپ بىر مۇنچە ئەترەتنى مالىماتاڭ قىلىپىلا، سېكرېتارنى ئارام ئالغىلىمۇ قويماپلا، يەنە تېخى، ئايىغىدا چۈمۈلىمۇ ئۆلمەيدىغان ھۆرمەتلىك قۇددۇس قارىيىنى قومباشتىن قوغلاپلا ... نېمىدېگەن يولسىزلىق بۇ، ئېيتىپ باقسىلا، بۇنچە ھوقۇقنى كىم بەردى سىلىگە؟ كولۇۋاتىلىغۇ تېخى، زادى نېمىشقا؟ ... ئۇ ئاچچىقىدا ئاخىرقى گەپلىرىنى دۈدۈقلاپ ئېيتتى.

— مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىلىگە دوكلات قىلماقچىدىم. ئاخشام كەچ قايتتىم، ئەتىگەندىن بۇيان مەكتەپتە سىلى بولمىدىلا قوناخۇنكا.

— ھىم، بولماپتىمىشمەن. چۈشتىن بۇرۇن بېلىمنى سىيلاپ ياتتى دەمدىلا مېنى، سېكرېتار چاقىرتىپ بىرىپ، شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى يەر قىلدى مېنىڭ ئۇقتىلدىمۇ؟ نومۇستىن ئۆلەي دېدىم مەن ...

مۇدىر قاتاڭغۇر يۈزىنى نوقۇپ، يېنىدىكى بىرسىنىڭ تاماكىسىنى قولىدىن يۇلۇۋالدى-دە، ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچىنى شوراپ، ئۈستەلنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ ئادەتتە تاماكا چەكمەيتتى. ئاچچىقى كەلگەندىلا كۆرۈنگەن بىرسىنىڭ تاماكىسىغا ئېسىلاتتى.

— ئۆزلىرىمۇ ئاڭلاپتىلا قوناخۇنكا، شۇنچە بالا مەكتەپكە كەلمەي ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپتۇ، قارىيىلىقتا ئوقۇۋېتىپتۇ، تېخى، ئائىلە زۇلمىدىن ئازاد بولمىغان يېتىم بالىلارمۇ ...

مۇدىر تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان ئۇزۇن بويىنى بىلەن قايرىلىپ ئالايدى.

— ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرى، خانىم، بىز-زە، مەكتەپ، ئۇقتىلىمۇ، مەكتەپ! مەكتەپ دېگەن جەمئىيەتكە بويسۇنغۇلۇق، ھەممىگە چات كىرىۋالىدىغان ئىش نەدىكەن؟

مەن تېرىكمىدىم، بۇ مۇتەئەسسىپ ئادەمگە جاھىللىقىنىمۇ كۆرسىتىپ قويماقچى ئەمەس ئىدىم؛

— دەل مەكتەپ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ۋە جەمئىيەتكە تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، — دېدىم.

— تەربىيە؟ تەربىيە قىلىش بىزدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن چەكلىنىدۇ. جەمئىيەت تەربىيىسىنى ھۆكۈمەت بېرىشى كېرەك، يا، ئۆزلىرىگە شۇنداق ھوقۇق بېرىشكەنمۇ؟

مۇدىرنىڭ ئاخىرقى تەنىسىگە چىدىيالمىدىم. ياغلىقىمنى بويىنىمغا تاشلاپ ئۇنىڭ

ئالدىغا باردىم:

— ئۇنداق ھوقۇقنى بىزگە ئەمەس، سىلىگە بەرگەن، سىلە مەكتەپتە نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ نېمە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيىسىگە سەل قارايلا؟ نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتكە تەشۋىق قىلمايلا؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلاي دېمەيلا؟! ...

— نېمە؟ مېنى سوراق قىلماقچىمۇ؟! ... — مۇدىر ئورنىدىن چاچراپ قوپتى، ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزىنىڭ تېرىلىرى لىپىلداپ كەتتى، — بەللى، مەن ئۇنىنەچچە يىلدىن بۇيان سىلىدەك زاكۇنچى مۇئەللىمنى كۆرمەپتىكەنمەن، مانا قىزىق، مېنى سوراق قىلماقچىمۇ سىلى؟ ... ياخشى گەپ ئىكەن. مەن ئىشلىمىگەن بولسام، ھوقۇقنى سىلىگىلا تۇتتۇم،

مانا قىزىق! مۇدىر كاسىلداپ تىترەيتتى. شۇ ئارىدا مۇئەللىملەر ئارىغا چۈشۈشكە باشلىدى.

— نادىر خانىم، بولدى قىلسىلا، — خۇماگۈل يېنىمدىن تارتتى. كىمدۇ بىرسى:

— چوڭ ئادەم بىلەن ئېتىشمىغۇلۇق خانىم، — دېدى.

ئۇلارنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى:

— ئالدىراپ توقامنى قارىنىلىرىغا ئالمىسىلا، مۇدىرلىق دېگەننى خىيالىمغىمۇ كەلتۈگىنىم يوق مېنىڭ. بالىلارنىڭ تەقدىرىگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، بولمىسا، ماڭا نېمە؟ تۇۋا! ...

— شۇنداقمۇ، ھىم، سىلىدەك ئۆپكىسى يوق ئاكتىپلاردىن نەچچىنى كۆرگەنمەن. بۇ دېگەن سىلىنىڭ قورچاق ئويناىدىغان ئۆيلىرى ئەمەس. يېزا بۇ، بىر كۈندىلا ھەممىنى ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ. سىلى، بىز ئوقۇتمىغاندىمۇ، قۇمباشلىق ئۆلۈپ قالمىغان. كاتتىۋاللىقىنىڭمۇ يولى بار - دە؟

سوپاخۇن قولىدىكى تاماكىسىنى مۇدىرغا تۇتقۇزۇپ ئۇنى نېرى تارتىپ كەتتى. خۇماگۈل بولسا، ئېتىكىمنى تارتىپ ئىشىككە سۆرىدى:

— ئېغىرلىق قىلسىلا، نادىرەم ...

مەن ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا مۇدىرنىڭ زەردى بىلەن دېگەن گېپى قۇلىقىمغا كىردى:

— مەن ئۇنداق نايناق خانىملارنى كېرەك قىلالمايمەن، يا، ئۇ باشلىق بولسۇن، يا مەن ...

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مۇسا ئەھەت

## ئىسلاھات شامىلى – باھار شامىلى

بۇ ئىپار ھىددىمۇ دىلنى مەست قىلغان،
ياكى خۇش پۇرىقى چېچەكلىك باغنىڭ؟
يا زۇمرەت دولقۇندا ھۆسنىنى تۈزگەن
خۇش پۇراق مايسىسى چىمەن قىرغاقنىڭ؟
ئىھ! نەدىن كەلگەن ھىد، ئىپار پۇراق بۇ
ئۇرغۇتقان ئۇتلۇق، پاك تۇيغۇلارنى شاد؟
ئىسلاھات شامىلى بىلسەڭ بۇ، دوستۇم،
بۇ گۆھەر ۋادىدا قاقىماقتا قانات!
ئېچىپ كەڭ تەسەۋۋۇر پەنجىرىلىرىنى،
ئوي - خىيال، ئىدراكقا بەرمەكتە ئىمكان.
ئۈنىڭدىن ئۆزگىچە تۈس ئېلىپ ھايات،
باھارنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە دەۋران.

ئۇچۇڭلار، ئىسلاھات شامىلى، ھەريان،
ئەركىنلىك قانىتى سىلەردە ھامان
ۋە غۇجمەك كېپەزنىڭ گۈللىرى ئوخشاش،
بولۇتلار سامادا ئويىنىسۇن لەرزان.
ئۇچۇڭلار، قىش بويى چارچىغان كاللام
سەگىسۇن سىلەردىن ئېلىپ چىن ئارام.
باھارنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ كەڭ جاھان،
كۈيلىسۇن سىلەرنى بۇلبۇللار خۇررام!

توزىسۇن توزغاقتەك مەينەت يىللارنىڭ
جۇدۇنى دىللارغا قوندۇرغان توزاڭ.
ئويغۇلۇق چۆللەرگە بەرسۇن قايتا جان
ئىسلاھات ساداسى ياڭراتقان ئاھاڭ.
ئۇچۇڭلار ئەركىن، شاد قۇشتەك پەر قېقىپ،
ئويغىتىپ يۈرەكتە قايناق ھېسلارنى.
ماموقتەك قولۇڭلار تۇرسۇن پەپىلەپ
ئىپارغا تولدۇرۇپ قىزلار كۆكسىنى.
توسماقچى بولسا گەر قەلئە، توساقلار،
پاچاقلاپ تاشلاڭلار، ئەيلەڭلەر بىتچىت!
ھودۇقۇش، تەمتىرەش بولمىسۇن، زىنھار،
بولۇڭلار دېڭىزنىڭ ئەركىسى زور كىت!
جانلانسۇن سىلەردىن بۇ كەڭ تەبىئەت،
گۈركىرەپ تۇرساڭلار مەغرۇر ئۈن سېلىپ،
نازغىنىپ قىرغاقتا گۈل - گىياھ، تاللار،
قارلىغاچلار ئۇسسۇلغا چۈشسۇن ناز قىلىپ.
ئاڭلاپ مەن شۇ غالىب ئاۋازىڭلارنى،
سوقماقتا يۈرىكىم تەككەش - جور بولۇپ.
ئىشەنچىم ئاشماقتا پاتماي قىنىمغا،
يۈگەنسىز قىيانىدەك چاپچىپ، ئۇلغىيىپ.

شەپىسىز تامچىغان ئاق يېغىن كەبى
ئەزمىلىك، بىخودلۇق يوق سىلەردە ھېچ.
شۇڭلاشقا جانلاندى پۈتۈن كائىنات
شاۋقۇنلۇق دەريادەك، تۇرمىغاچ تىنىچ.
مانانلار كۆكسىنى يارغان چېقىندەك،
چۈنكى بار سىلەردە سۈمرۈغ جۈرئىتى

ۋە يەرنىڭ تەكتىدە دولقۇن ياسىغان،
زېمىننى تىترەتكەن ماگما قۇدرىتى.

سىلەردىن تارالغان ناخشا - كۈيلەردىن
يۇمران بىخ - نىھاللار كۆتۈرمەكتە باش.
چولپاندەك نۇرانە ئىقبال، بەختكە
تەنتەنە قىلماقتا كۆكتە زەر قۇياش.

ئۇچۇقلار ئىسلاھات — باھار شامىلى،
سىلەرسىز گۈللىمەس ئانا ۋەتەن - ئەل.

سىلەرسىز سىلجىماس گۈللەش قەدىمى،
سىلەرسىز ياشنىماس ھاياتلىق تۈگەل.
سىلەرسىز سۈكۈتتە ھەتتا تەبىئەت،
سۈكۈتتە بۇ چەكسىز كائىنات — ئالەم.
سىلەرسىز غۇنچىلار ئاچماس ھۆسنىنى،
سىلەرسىز يۈرەكنى چۇلغايدۇ ماتەم.
ئىسلاھات شامىلى ئاچقان سەھىپە
پۈتۈلسۇن ئالتۇندىن قۇرلىرى ئۇنىڭ.
تېخىمۇ رەڭ بەرسۇن شەرق ئۇپۇقىغا،
يۇلتۇزدەك چاقنىغان نۇرلىرى ئۇنىڭ.

## تومۇرۇمدا ئۆركەشلەر دەريا

ئانام مېنىڭ ئۇپۇق تۇغقان كۈن،
مەن ئۇنىڭدىن تارالغان جۇلا.
مەزمۇت بەستىم يۈكسەك چوققا - تاغ،
سۆيگىنىمدۇر قۇتلۇق يەر - دالا.

سۆيگىنىمدۇر قۇتلۇق يەر - دالا،
كۆز قارىچۇقۇم ئۇندا ھەر گىياھ.
نەپەسلىرىم ئۇچقۇر شوخ شامال،
تومۇرۇمدا ئۆركەشلەر دەريا.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# شېئىرلار

## ئادىشىپتىمەن...

مەن ئاداشتىم مەجنۇنتالمۇ دەپ،
سۇ بويىدا تۇرساڭ چاچ يېيىپ.
تۇرۇپتىمەن كېلەر ھېلى دەپ،
سۇدا ياتقان تاشلارنى تېرىپ.

راست ئەمەسمۇ، شۇ مەجنۇن چېچىڭ
يوشۇرغان ھەم مەھلىيا قىلغان.
مەندىكىدىن ئېشىپ سېغىنچىڭ،
بۇ ئويۇننى ئاپقانسەن قاچان؟

مەن ئاداشتىم سېرىنگۈلنى دەپ،
سېرىنگۈلدەك تۇرساڭ كىيىنىپ.
كېچىكتى دەپ يۈردۈم ئەنسىرەپ،
ئىنتىزارلىق ئوتىدا يېنىپ.

راست ئەمەسمۇ، سېرىن سىياقىڭ
ھەم يوشۇرغان، ھەم قىلغان مەپتۇن.
چوغدەك يېنىپ تۇرسا پىراقىڭ،
باغرىڭ تاشمۇ چىقارماستىن ئۈن؟

ئادىشىپتىمەن ئاققۇ دەپ سېنى،
كۆل باغرىدا ئاققۇدەك يۈرسەڭ.
ئاق قۇلارمۇ ئاققۇ دەپ تېخى
چۆرىدەپتۇ سېنى سالماي زەڭ.

راست ئەمەسمۇ، ئاققۇ قامىتىڭ
ئاققۇنىمۇ بىخودلاشتۇرغان؟
شۇنچە چېۋەر سېنىڭ ھېكمىتىڭ
ئاشىقىغا ئۆزىنى يوشۇرغان.

ئاداشساممۇ تۇرقۇڭدىن، ئەمما
سېنى تاللاپ ئاداشقىنىم يوق.
ئاداشتۇرغان سىياقىڭ يانا
سېغىنىچىمغا ئەمەسمۇ ئوزۇق؟

## سەن دەريا ياراتتىڭ، مەن ياراتتىم مەي

يامغۇرلار يىغلىدى سەن قايغۇرغاندا،
دەريانى تولدۇردى كىرپىكىڭدىن ياش.
شۇ ياشتىن كۆزلىرىڭ دەم يۇمۇلغاندا
دېڭىزغا چۆككەندەك كۆرۈندى قۇياش...

ياپراقلار تۇنجۇقتى يېغىن تامچىدىن،
دېڭىزغا غەرق بولغان قېيىقتەك گويا.
كۆز يېشىڭ بويالمىش مەڭزىڭ لالىدىن،
يوپۇتۇپ تۇرساڭمۇ ئۇنى چېچىڭدا...

مەي ئىچتىم چىدالماي مەنمۇ ھالىڭغا،
مەي تۆكەپ قەدەھنى تولدۇردى يېشىم.
مەن تېخى ئا تونۇش سېنىڭ نامىڭغا
ۋە لېكىن ئىنسانغا ئىنسانلىق ئىشىم!

ئاھ، يېشىم قوشۇلدى يېشىڭغا بۇدەم،
سەن دەريا ياراتتىڭ، مەن ياراتتىم مەي.
ياشلىرىڭ پۈتكەندە، كۆلۈپ مەلىكەم،
مەي تۇتۇپ چاقىرسام دەرسەنمۇ لەببەي؟...

## بالكونغا قاراپ

پەنجىرەڭ تۇرسىمۇ ئاشۇ بالكوندا،
پەردەڭگە ھەر سەھەر قۇياش تۆكەر زەر
ۋە ھەتتا چىراغنى ئۆچۈرسەڭ تۈندە،
تاللارنىڭ ئىچىدىن تاشلايمەن نەزەر.

بالكونلۇق سارايدا ئاتا-ئاناڭ بار،
يۇمشاق كىرىسلودا سۈرەرسەن خىيال
ۋە بەلكى كۆكسۈڭگە ئۆيۈڭ كېلىپ تار،
بالكونغا چىقارسەن سۆيۈنۈپ شامال.

ئاخىرقى ئاپتوبۇس ئۆتتى بېكەتتىن،
يولتۇزلۇق لىباسىن كىيگەن چىغى تۈن.
ئاي چىققان ئاسمانغا باقماستىن مەيىن،
تاللارنىڭ ئىچىدىن ئىزدەرسەن ئۈچقۇن.

تاماكا ياندۇردۇم ئۈچقۇنلار چېچىپ،
بىتاقەت دىلىمغا بەرمەككە ئارام.
ئاھ، ئۈچۈپ چۈشكۈك بار كۆكسۈمگىنى ئېچىپ،
تاماكام چوغىدىن ئالغاندا ئىلھام.

بۇ بالكون ئەرش دېسە بولغۇدەك ئېگىز،
چىقماقىقا، چۈشمەككە يوق بىردە ئىمكان
ۋە لېكىن شۇ ئاپتا شېرىن پىكرىمىز
ئۈچرىشىپ ئويناشار پەرىلەرسىمان.

## ئىلتىجا

(تەنھا قالغان مەشۇقە تىلىدىن)

قار ياغدى ئۆگزىگە، دېرىزىگە ھەم،
بەئەينى پاختىدەك، بەئەينى توزغاق.
ئىشتىن مەن قايتقاندا كۆرەتتىم شۇدەم
ئۆگزىدە قار تاشلاپ بىر پالۋان سىياق.

ئاستىراق! دەيتتىم - دە، ئۆيگە قاچاتتىم،
چاچرىغان ئۇچقۇن قار ئاستىدىن ئۇچۇپ.
ئىللىق مەش ئالدىدا كۆكسۈم ئاچاتتىم،
ئۆگزىدە تۇرساڭمۇ، مېھرىمدە قۇچۇپ...

بۈگۈنمۇ كۆكتە قار قىلىپتۇ جەۋلان،
يوللارنى، شاخلارنى قار قاپلاپ يانا.
خىزمەتتىن قايتقاندا ئۆگزىدە ھامان
قار تاشلاپ تۇرغاندەك كۆرۈندۈڭ گويا.

تـۈت ئەتراپ تـۇتەكلىك، كـۆرۈنمەس ئاسمان،
قات - قات بۇلۇتلارنى چۆرىدەر شامال.
چۈشتۈڭمۇ يا ئەرشتىن، پاسىۋان جانان،
جەبرى كۆرمىسۇن دەپ تۇل قالغان ئايال؟

ئېلىپ كەت، ئەزىزىم، ئېلىپ كەت مېنى،
قات - قات بۇلۇتلاردىن قول سۇنۇپ ماڭا.
تىز چۆكۈپ سەن تۇنجى مۇھەببەت كۆنى
ئىلتىجا قىلغاندەك، قىلاي ئىلتىجا!...

## قولۇمدا يىللارنىڭ سوۋغىتى — ھاسا

نە ئىلاج، ئاقىۋەت ئاق كىردى باشقا،
دۇركۆت كۆزلىرىمدىن توزۇپ كەتتى نۇر.
ۋە لېكىن قەلبىمگە ھۆكۈمران باشقا —
بىر پەسىل — شۇ ياشلىق، يەنىلا مەغرۇر.

* *

ئەنە، سەن گۈلشەنگە خۇددى كېپىنەك —
ئۇچقاندەك، كىنوغا كىرىپ كەتتىڭ ھەم.
ئاھ، شۇدەم ئاينىتتى يولۇمنى يۈرەك،
سەن ماڭغان شۇ زالغا تاشلىدىم قەدەم.

ھوزۇرۇم كار قىلماي يېنىڭغا كەلدىم،
ئاق يوپكا، قارا تور كوپتا پەردازات.
گويا شىر قەددىمنى زەنجىرلەپ ئالدىم
مۇنچە زىچ ئولتۇرماق ئادەتكە ئۇيات.

زال ئـۆزى بىر بوستان، ئېكىران بىر بوستان،
ھېكايەت ئاشىقلار ھەققىدىكى غەم.
سەنچىلىك گۈزەلگە ئاجىز بۇ ئېكران،
گـۈزەلـلىك خىسـلىتىن قىلغان مۇجەسـ-
سەم...

بىراق سەن ئۇتتۇرىدا، مەن ئارقا چەتتە،
يىراقتىن بېقىشنىڭ ئۆزى غەنىمەت.
دوستۇڭنى ئەۋەتتىڭ مەن تۇرغان رەتكە،
ياكى سەن، ياكى ئۇ بولۇپ بىتاقەت.

شۇنچىلىك ئازادە، ئەركىن كۆكسۈڭدە
قىزلىق قۇياشىدىن بەرق ئۇرار شەپەق.
شۇنچىلىك يېقىملىق گۈلگۈن ھۆسنىڭدە
زەررىچە تۇيغۇمنىڭ ئەكسى قىلار پەرق.

* *

شۇ كىنو زالىغا كىردىم مەن يەنە،
قىرىماس خىيالىغا مەست بولۇپ گويا.

ئارقا چەت قاتاردا تۇرىمەن تەنها،
قولۇمدا يىللارنىڭ سوۋغىتى — ھاسا!...

## تـال تۈۋىدە

سۇ لىۋىدە بىلىق يالتىرار،
بىردەم چۆكۈپ، بىردەم لەيلىشىپ.
بۇژغۇنلىرى ھەيران قالدۇرار،
يېشىل چىملار ئۈستىدىن ئېشىپ.

تال تۈۋىدە بولۇپ مەن تىمتاس،
تۇرۇپ قالدىم بىر قىزغا بېقىپ.
چاچقا تالنى قىلغاندەك تەققاس،
چاچ تارايتتى قىز سۇدىن چىقىپ.

چېچىنى ئۆرۈپ قىز كەتتى راۋان،
تەنها قالدى ئۇندا مەجنۇنتال.
نەزەر سالسام، قىز كەتكەن تامان،
قىزنى قوغلاپ كېتىپتۇ شامال.

بېلىقلارمۇ كەتتى قىرغاقتىن،
قىز كۆزىكى تۈگىگەن ھامان.
مەجنۇنتالغا شۇندا ئۇزاقتىن
ھەمراھ بولۇپ تۇردۇم بىر زامان.

مۇھەممەتجان راشىدىن

## كەلمەكچى

(چوڭلار كۆڭلىدىن)

بېشىمدىن تارتماي تۇر مېنى قېرىلىق،
سۆيگىلى يېنىمغا جانان كەلمەكچى.
جۇۋانلار تاراندى يەنە باشقىدىن،
سۆيگۈ! دەپ قىزلاردىن سالام كەلمەكچى.
دوستلىرىم تويۇمنىڭ تەرەددۇتىدا،
قۇتلۇقلاپ چوڭ ـ كىچىك تامام كەل ـ
مەكچى.

مەرىكەم بېشىدا قەدىردان دادام،
قولىدا چاچقۇسى ئانام كەلمەكچى.
ئېيتىپ قوي، نەۋرىلەر كېيىنرەك كەلسۇن،

ئات مېنىپ ئاۋۋال تۆت بالام كەلمەكچى.
موزايلار مىنەرمەن تېخى بالا بوپ،
كەينىدە شۇ موزاي — كالام كەلمەكچى.
ئوينىغۇم بار مېنىڭ گۆدەكلەر بىلەن،
توختاپتۇر، لەگلەك ۋە چانام كەلمەكچى.
تويىمىدىم تونۇگۈن ئېيتقان ناخشىغا،
ئېھتىمال، ئەگىشىپ چالام كەلمەكچى.
كۆلمىگىن: مەڭگۈ ياش قالغۇم بار، دېسەم،
شۇ سۆزدىن كۆڭلۈمگە ئارام كەلمەكچى.

## ھەر ئاخشام

كىم تۈندە مەن كەبى ئۇيقۇدىن بىدار،
كېلىمەن شىرەنى سۆيۈپ ھەر ئاخشام.
تىڭشىساڭ، گۈلخانىمەن چاراسلاپ يانغان،
ئىجاد ئىشقىدا كۆيۈپ ھەر ئاخشام.
ياز، دەيدۇ چۆرەمدە ئىلھام ھۆرلىرى،
ھۇجرامنى بېشىغا كىيىپ ھەر ئاخشام.
جىم بولار مۇشەققەت لەشكەرلىرىمۇ،
ھەر كۈنى بىر غەۋغا قىلىپ ھەر ئاخشام.
ۋاراقلار ئۆرۈلسە، ئۆزۈممۇ، تووا،
قالغاندەك بولىمەن بېيىپ ھەر ئاخشام.
سەۋەبى، شۇ تۈندە تاشلايدۇ خەمەك
ئىجادىم پىلەكلەر يېيىپ ھەر ئاخشام.
كېزىمەن ياشلىقىم كەتكەن كۈنلەرنى،
خىيال تۇلپارىغا مىنىپ ھەر ئاخشام.
ئاھ، مېنىڭ قەلەمسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم
قىينايدۇ يادىمغا كېلىپ ھەر ئاخشام،
قەلەم پىچىرلايدۇ قەغەز ئۈستىدە
گاھ يىغلاپ، گاھ چاۋاك چېلىپ ھەر ئاخشام،
قويغۇم يوق ئۇلارنى شېئىردىن چەتكە،
بولسىمۇ يۈز مىسرا مېيىپ ھەر ئاخشام،
تىپىرلار سەكراتتا مەغلۇپ مىسرالار،
جەسەتلەر تاشلىنىپ، ئۆلۈپ ھەر ئاخشام،
شۇندىمۇ كۆكەردى تىككەنلىرىم، دەپ،
تۇرىمەن ئورنىمدىن كۈلۈپ ھەر ئاخشام.
رۇجەكتىن تەبرىكلەر يۇلتۇزلار مېنى،
ئاپىرىن، كۆڭلۈمنى بىلىپ ھەر ئاخشام:
كۆرسىتىپ چولپانغا ياپارمەن دەپتەر،
يار بىلەن ياتارمەن تىنىپ ھەر ئاخشام.

ئابدۇقادىر جالالىدىن

## غايىپ بولماس تامچىلار

1

يورۇق رۇجەك تارتتى مەيلىمنى،
بېغىڭ ئىچرە چۈشكەندە زاۋال.
كۈيلىرىنى توختاتتى قۇشلار،
كىرگىنىمدە بولغاندەك مالال.

ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ، گويا
ئىپارىڭنى ئېپ كېلەر شامال.
چاچلىرىڭغا چىرمىلار يۈرەك،
ئۆرتىنگەندە سېھىرلىك خىيال.

دېرىزەڭگە تەلمۈرۈپ مىسكىن،
نىگاھىڭنى تىلىدىم ئۇزاق.
يالغۇز تۇرسام بېغىڭدا، دىلدار
سەن نېمىگە تارتتىڭ ئىشتىياق؟

2

قولۇقىمنى توختاتسام كېلىپ،
كۆرۈنمىدىڭ ساھىلدا جانان.
كۈتۈپ ـ كۈتۈپ بولۇپ بىتاقەت،
سەن ئۆيۈڭگە بولدۇڭمۇ راۋان؟

سەن تەرەپكە ئۇرغاندا پالاق،
تىلىمىدىم دولقۇندىن مەدەت،
يۇتۇۋالدى ئاھىمنى شاۋقۇن،
تەشنا دىلنى ئۆرتىگەندە دەرد،

كۆكرىكىمگە باش قويۇپ بۇدەم،
كىم ئاڭلايدۇ مىسكىن ناخشامنى؟
يارمىقىمنى چىشلەپ نەچچە رەت،
ئۆتكۈزدۈم مەن جىمجىت ئاخشامنى.

3

مەھرۇم قىلىپ شېرىن چۈشۈمدىن،
نوقۇپ مېنى ئويغاتتىڭ سەھەر.
لەۋلىرىڭدە يوچۇن بىر تىترەك،
بىراق ھۆسنۈڭ كۆركەم شۇ قەدەر.

تەشۋىشلىرىڭ سېنىڭ ئاشۇ پەيت
تىرىلدۈردى ھىجراننى گويا.
يېتىلمىگەن تۈنجى بىر سۆيگۈ
ۋەسلىڭ ئۈچۈن بولدى كۆپ زايا.

كۈلۈمسىرەپ سۇندۇڭ گۈلدەستە،
چىللىغاندەك مېنى بىر ئىشقا.
تەبىئەتتىن ئۈزنىماي باھار.
ئەتىر گۈلۈڭ سولدى نېمىشقا؟

4

ياسسامۇ سەن ئۈچۈن گۈلزار،
گۈللىرىمنى قويمىدىڭ پۇراپ.
ئىشكىمدىن ئۆتۈپ، مەن تەرەپ —
قەدىمىڭنى قويمىدىڭ بۇراپ؟

قىزىل لېنتا تاقىغان پىكاپ
سىگنال بېرىپ ئۆتتى قېشىمدىن.
بىلەلمىدىم ئەيلەپ بىماجال،
نېمە قىسمەت ئۆتتى بېشىمدىن؟

تەقدىرىمگە ئۆكۈنۈپ بۈنسىز،
كۆتۈرۈلدى كۆڭلۈمدە غەۋغا.
شادلىقىڭنىڭ ئالتۇن جامىغا
كۆز يېشىمنى قىلدىم يەن سوۋغا.

5

سىڭىپ گۈگۈم قوينىغا شەپەق،
ياپراقلاردىن ئۈچكىنىدە ناز،
كۈيلىشىدۇ قۇشلار بولۇپ مەست،
مەن تىڭشايمەن بولۇپ ئىشقۋاز.

دىمىقىمدا كونا بىر ناخشا،
تەڭكەش ئەمەس گارمۇنىڭ، ئەپسۇس.
يىراقتىكى بىر ئورۇندۇقتىن
نازلىق كۈلكە ئاڭلىنار بەك سۇس.

6

ئۈچرىغاندا كۆۋرۈك بېشىدا،
چاقچىقىمدىن رەنجىدىڭ قەستەن.
بىلمىدىڭمۇ كۆڭۈل سىرىنى،
تىترەپ تۇرسا ئالدىڭدا بىر تەن؟

جامالىڭغا ئەسىرمەن ئەمدى،
تاشلىۋەتتىم باللىقىمنى،
ئەيىبلىمە، ئۈيچان ئىكەن دەپ،
بىلىپ قالغىن شائىرلىقىمنى.

7

ئۆتكەنلەرنىڭ يۇيۇلسۇن بەرى،
ئەمدى سېنى سۆيمەندىم، نىگار.
بېرىپ بولۇپ مېھرىڭنى ئۆزگە،
كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىڭ بىكار.

ئەمەك ماڭا تۈنىنىڭ سەيلىسى،
ئاچچىق قىسمەت بولسىمۇ راۋا.
سۆبھىلەردە بېرىپ تەسەللى،
چاچلىرىمنى سىيلايدۇ سابا.

ئۆگەيلىسە تەقدىر مۇبادا،
بولسۇن ماڭا كۆز يېشىڭ پىنھان.
بوپتۇ دەيمەن تىۋىنىپ ئەگەر،
چۈشلىرىڭگە ئەيلىسەڭ مېھمان.

8

دولقۇنلارغا كەتتى كۆمۈلۈپ
شامال ئېلىپ قاچقان شوخ پاراڭ.
ۋاقىتسىزلا ئۆلگەن ئۈمىدىنىڭ
مەقبەرىسى بولۇپتۇ غازاڭ.

خىسلەتكە باي ئەۋرىشىم قوللار
ئويناپدۇ بۇدرە چېچىمنى.
تاپالارمۇ ئاختۇرۇپ شۇ يار،
كېچىلەرگە سىڭگەن يىشىمنى؟

9

سەن يىراقتا قالغاچقا تەنھا
ئىستىمىدىم سۆيگۈمگە ئۆلپەت.
باغچا ئارا كۆرسەم جۈپ سايە،
سايە تاشلار قەلبىمگە كۈلپەت.

قولۇمدا بار پەقەت بىر سۈرەت،
قېتىپ قالغان ئۈنىڭدا كۈلكەڭ.
بولسىمۇ گەر ھەمراھ ھەرقاچان،
بولمايدىكەن ۋىسالىڭغا تەڭ.

تىنىقىمدا ئىغىر ۋە ئىغىر
لەپىلدەيدۇ ھالسىز بىر يۈرەك.
تەنھالىقنىڭ ئۈچۈن مەن تەنھا،
پەرىشتەم يوق سېنىڭدىن بۆلەك.

10

باراي دېدىم، بولدۇم ناتىۋان،
سەن خەت يېزىپ تۇرمىغاچ يوقلاپ.
ساڭا مەپتۇن باققان كۆزۈمدىن
قارىچۇقلىرىڭ كەتتىمۇ ئاتلاپ؟

نۇر ئوينىشىپ يۈرەر باللار،
سەن باھاردا يۈيۈنغان كۆلدە.
مېنى مەجنۇن ئەيلىگەن كۈلكەڭ
تەكرارلىنار پەقەت كۆڭۈلدە.

بارماقتىمەن ئالدىغا چالىنىڭ
چۈشلىرىمگە تاپاي دەپ تەبىر.
يىراقىڭغا بېرەرمۇ بەرھەم
چىدام بىلەن ساقلىغان سەبىر.

جېلىل خېلىل

## مەن يىراق شەھەردە، مېھرىبان ئانا

مەن يىراق شەھەردە، مېھرىبان ئانا،
خىيال ۋە دەرد بىلەن ئەسلەيمەن سېنى.
بۇلۇتلۇق ئاسماندەك كۆزلىرىم ئىچرە
ئۈزىدۇ مېھرىڭنىڭ يېشىل يەلكىنى.

ھىجراندا ئۆرتەنگەن يۈرەك-باغرىمدىن
ھارارەت تىلەيدۇ دىۋانە شامال.
ئارمانلىق ھېسلىرىم ئۈزايدۇ يوقاپ،
سېغىنىچنىڭ يولىدا قوغلىشىپ ۋىسال.

سېغىنسام ھەر قېتىم سېنى، ئەي ئانا،
يوللاردىن يوللارغا تاشلىنار جىسمىم.
كىبىلدۇ ئەگىشىپ مەۋھۇم بىر شەپە،
شەپىدىن شەپەڭنى سېزىدۇ قەلبىم...

رەستىلەر ئالمىشىپ تۇرار ئالدىمدا،
ئادەملەر شاد، تېتىك يۈرەر كوچىدا.
لېكىن مەن يىغلايمەن، چىققاس پىغانىم،
يۈرت كەزگەن قۇياشقا قىلىپ ئىلتىجا...

يىقىلدىم،
يۆلىدى ناتونۇش موماي...
ئەي ئانا، ھىدىڭنى ئەپكەلدى سوغاق!
سېغىنچىم پەرۋاز قىپ كەتتى قېشىڭغا،
ساقلىدىم چۈشۈمدە سېنى مەن ئۇزاق!...

## ھىجران يوشۇرۇپ...

مەن ئۇنى سۆيىمەن، ئۇ سۆيەر مېنى،
بۇ سۆيۈش بىپايان دېڭىزدىن چوڭقۇر
ۋە لېكىن سۆيگەننى قىلمايمىز ئىقرار،
ئۆزئارا ئالدىشىپ يۈرىمىز مەغرۇر.

ئاھ، ئۆتتى ئارىدىن شۇنچە كۆپ ۋاقىت،
ۋىسالنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ھىجران.
كىشىلەر بەختلىك دەيدۇ بىزلەرنى،
لېكىن بىز بەخت دەپ چېكىمىز پىغان!...

## مەشۇققا

كۆزۈم
ئېكرانىمۇ جىسمىڭنىڭ سېنىڭ،
قالدۇرىسەن
سۈرىتىڭنى ئۇندا قانچە رەت؟...
يۈرىكىمنى
تاشلاپ قويدۇم يولۇڭغا،
ئوراپ ئېلىپ قول ياغلىقىڭغا،
بىللە ئېلىپ كەت!

باھار بەرسەم...
بېرەرسەنمۇ ماڭا زىمىستان،
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ داغلاپ.
ئۇچۇپ كەتتى

كىرپىكىمگە قونغان پەرىشتە،
ئويغاندىم،
ھەريان چاپتىم سېنى سوراقلاپ.

شۇ تاپتا
كۆزلىرىڭگە كۆرۈنگەندىمەن،
قەلبىڭدىكى سۆيگۈ يولىدا
سەپەر قىلىپ كىزىپ ھەر تەرەپ.

چاڭقىدىم...
تۈن قوينىغا يىقىلدىم بىھوش،
تىلىكىم شۇ:
يورۇق بەرگىن كېچەمگە ئەبەت!...

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

## كەلدى باھار

كەلدى باھار جىلۋە - ناز بىلەن
يېشىللىقتىن رەڭدار تون كىيىپ.
قۇياش كۈلگەن شەھلا كۆزىدىن
ئانا يەرگە ھارارەت بېرىپ.

باش كۆتۈردى يۇمران كۆكاتلار،
تاشتەك زېمىن يۇمشاپ پاختىدەك.
ئەگىز سۇيى تېشىپ ئېرىقتىن
ئاقتى جۇشقۇن، ياڭراق ناخشىدەك.

قاتار - قاتار كەلدى تۇرنىلار
گۈلباھارغا ئەگىشىپ، ئۇچۇپ.
چاڭگا سالدى قۇشلار دەرەخكە
ئۆز خىلىنى تېپىپ، جۈپ بولۇپ.

كۈلدى زېمىن، كۈلدى يۈرەكلەر
يېشىللىققا پۈركىنىپ تەكشى.
گۈلباھارنى قارشى ئېلىپ، قۇتلاپ،
مىڭ ئاپىرىن، دېدى ھەر كىشى.

خالىدە ئىسرائىل

# ئەڭ گۈزەل خاتىرە

(ھېكايە)

ئاپتوبۇس ئاشۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ تونۇش، توپىلاڭ بېكىتىگە كىرىپ كەلگەندە، قەلبىم چىداپ تۇرغۇسىز بىر خىل تەلپۈنۈش، ھاياجان ئىلكىدە قەپەزدىكى قۇشتەك تىپىرلاشقا باشلىدى. مەن نەرسە-كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىراپ ئاپتوبۇستىن چۈشتۈم. بالىلىق دەۋرىمنى، ھاياتىمنىڭ ئەڭ گۈزەل شۇنداقلا ئەڭ مۇدھىش بىر مەزگىللىرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ شەھەرنىڭ ھەر بىر تال گىياھ، تۇپرىقى كۆزۈمگە باشقىچە ئىسسىق تۇيۇلۇپ، قەلبىمنى ئۆزگىچە نازۇك ھېسلارغا تولدۇردى. ئىككىنچى كۈنى مەن تولۇق بىر كۈننى سەرپ قىلىپ بۇدۇر-بۇدۇر قوۋزاقلىق، قۇچاق يەتكۈسىز قېرى تېرەكلەر بىلەن ئورالغان چاڭ-توزانلىق كوچىلارنى، شەھەرنى باغرىغا بېسىپ ياتقان زور ئەجدىھادەك تولغىنىپ-تولغىنىپ ئاقىدىغان قەدىمىي دەريانىڭ قۇمساڭ قىرغاقلىرىنى، قويۇق سۆگەتلىكلەرنى ھارماي ئارىلىدىم. كىچىك شەھەرنىڭ ئۆزگىچە گۈگۈم پەسلى، ئوتقاشتەك كەچكى شەپەق، دەريا يۈزىدە گويا كۆرگىلى بولىدىغان ئەمما تۇتقىلى بولمايدىغان ھىلىملە پەردىدەك جىمىرلاپ تۇرىدىغان سۇس تۇمان... ئەنە، نامازشام قۇشقاچلىرى شەپەق يۇققان قاناتلىرىنى پىرىلدىتىپ كىشىنىڭ باش ئۈستىدىن چۇرۇقلىشىپ ئۆتمەكتە. سۆگەتلىك ئارقىسىدىن كالىنىڭ سوزۇپ مۆرىگەن ئاۋازى، پادىچى بالىنىڭ ھايت-ھۇيتلىرى ئاڭلىنىدۇ، ئۆسمۈرلەرگە خاس جاراڭلىق ئاۋاز گۈگۈم پەردىسىنى تىترىتىپ، ھاۋادا بىلىنەر-بىلىنمەس ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ، ئارقىدىن ئەتراپ مۈگدەۋاتقاندەك چەكسىز جىمجىتلىققا چۆكىدۇ... بالىلىق ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپ قەلبىمدە شۇنچە روشەن ساقلانغان، چۈشۈمدە قانچە رەت تەكرارلانغان بۇ مەنزىرە كۆز ئالدىمدا ئەكس ئەتمەكتە. ئەمما ئاشۇ سەبىي دىللار، خۇش خۇي كۈلكىلەر. كىچىككىنە يالاڭ ئاياغلارنىڭ نەم قۇم ئۈستىدە قالدۇرغان ئىزلىرى، قۇمدىن ياسالغان «شەھەر»، «قەلئە»، «باغلار» قېنى؟

ئاجايىپ ھاياجانلىق ھېسسىياتلار ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ گۈزەل خاتىرىلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، كىچىك ۋاقتىمدىكى بىر ساۋاقدىشىم مېھمانخانىغا مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. رەھىمسىز يىللار ئۇنى نەچچە يىل بۇرۇنقى ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپلا تۇرىدىغان كىچىككىنە كەپسىز ئوقۇغۇچىنى ئوتتۇرا بوي، ئىسسىق چىراي، تەمكىن بىر ئەر كىشىگە ئايلاندۇرغان، جەنۇبلۇقلارغا خاس قارامتۇل پېشانىسىدە، يېقىملىق چاقناپ تۇرىدىغان كىچىكرەك قارا كۆزلىرى ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ يول-يول ئىزلىرىنى قالدۇرغانىدى. ئۇ ھازىر شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا مەكتەپلىرىنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن، بىر ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ قوشنىسى — ئەينى يىللاردا بىزنىڭ ئائىلە بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەن بىر كىشىنىڭ مەندە بەكمۇ زۆرۈر بىر ئىشى بار ئىكەن، ئۇ كىشى بولسا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ياشاۋېتىپتۇ.

— ئۇ ... ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدىم سەل گاڭگىرىغان ھالدا.

— ھادى ئاخۇن.

بىر پەس ئىككىلىنىشتىن كېيىن، ئۇ يېزىغا ئەتىسىلا بېرىشقا ۋەدە قىلدىم. ساۋاقدىشىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن مېھمانخانىنىڭ پۇرژىنىلىق كارىۋىتىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. قىزىق، بۇ يەردە ماڭا تەقەززا بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرنەچچە كۈنلۈككىلا قالغان بىر كىشى بار ئىكەن. ئەتە ئۇنى چوقۇم يوقلايمەن. ئەمما ئۇ زادى كىمدۇ؟ ھادى ئاخۇن؟... ھادى ئاخۇن؟... خىيالىمنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كۆز ئالدىمدا مىس رەڭ چىرايىنى ئېرىقچىلاردەك چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، قاڭشالىق بۇرنىنىڭ ئىككى يېنىدا ئۇزۇن-ئۇزۇن بۇرۇتلىرى ئېسىلىپ تۇرىدىغان بىر سۈرلۈك قىياپەت خىرە-شىرە پەيدا بولدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە خاتىرەمدىكى ئاشۇ چىرايغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى دادام مۇشۇ شەھەردىكى بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇ بىزگە نىسبەتەن كۈنلىرى تۈگىمەس يىغىن، خىزمەت ئىچىدە ئۆتىدىغان قاتتىق قول دادا ئىدى. بىر دۆلەتمەن ئائىلىدە ئۆسكەن، ئائىلىنىڭ بارلىق ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنىلىرىگە ھېلىھەم رىئايە قىلىدىغان دادامغا «گەپ تېپىپ بېرىشتىن قورقۇپ» تۇرۇپمۇ كۈنىگە بىرنەچچە ۋاقىتلىق نامازنى قولدىن بەرمەيدىغان ئانام بولسا دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئانا، ئۇنىڭ بالا دېسە، مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆز ياشلىرى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئانىلىق مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئاشۇ مېھرىبان ئانام بىلەن، بىز قۇچىقىدا ئېغىناپ چوڭ بولغان جەننەت كەبى ماكان، بالىلىق ئەسلىمىلىرىمنى ھەسەن-ھۈسەندەك تاۋلىنىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇن نۇرلارغا ۋە ئاجايىپ سېھرىگە چۆمۈلدۈرگەنىدى. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىز ئولتۇرۇشلۇق ئىدارە ئەسلى مۇشۇ شەھەردىكى چوڭ بىر باينىڭ بېغى بولۇپ، «پولات تاۋلاش» تا دادامنىڭ پۇت تىرەپ

چىنىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن دەل-دەرەخلەرگە كۆپ زىيان يەتمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياخشى باشقۇرۇلغىنى ئۈچۈن، بۇ باغ ھۆسنىنى يوقاتمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. بالىلىق چاغلىرىم دەل ئەنە شۇ دەۋرلەرگە توغرا كەلگەنىدى. كۆزۈمنى يۇمساملا خىش ياتقۇزۇلغان تار يوللارنىڭ ئىككى يېقىدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈللۈكلەردە بوي-ھۆسن تالىشىپ تۇرۇشقان پىيالىدەك چوڭلۇقتىكى ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، سېرىق گۈل، مۇدەن گۈل ۋە يەنە مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان ئاللىقانداق گۈللەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئەنە شۇ دەل-دەرەخ ۋە گۈللەرنى ئاشۇ كىشى — مىس رەڭ چىرايىنى چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، ئۇزۇن بۇرۇتلىرى قاڭشالىق بۇرنىنىڭ ئىككى يېقىدا ئېسىلىپ تۇرۇدىغان باغۋەن باشقۇراتتى. ئاشۇ باغۋەن بىلەن دادام ئوتتۇرىسىدا بىزگە نامەلۇم بولغان بىر خىل يېقىنچىلىق، دوستلۇقتەك بىر نەرسە بار ئىدى. مەن دادام بىلەن بىللە ئۇ ئىشلەۋاتقان جايىدىن ئۆتۈپ قالغان چاغلىرىمدا ئۇنىڭ ياش كۆچەتلەر ياكى ئېگىز ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ئارىسىدا تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ چوڭقۇر سالام قىلىدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. ئەلۋەتتە، داداممۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ھۆرمەت بىلەن ئىلىك ئالاتتى. ئۇ تېخى ۋاقىت تاپسىلا، گۈللۈك ياكى كۆچەتلىككە كىرىۋېلىپ باغۋەن بىلەن بىللە گۈل كۆچۈرەتتى. مېۋىلىك دەرەخ ئۇلايتتى ياكى بوۋاينىڭ ئەپچىل كەتمىنىدە گۈل تۈپىسىنى يۇمشىتاتتى؛ ھېرىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ بىللە تاماكا چېكىشەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن باغۋەننىڭ چوڭقۇر كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى كۆرەتتىم، قورۇقلىرى يېشىلىپ ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن چىرايىغا، كۈلكىسىگە ھەيران قېلىپ كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەيتتىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ كۈلكىسىنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە، ھېسسىياتسىز سۆرلۈك ياغاچ ئادەم، مەخسۇس كىچىك بالىلارنى قورقىتىشقىلا يارالغان غەلىتە «مەخلۇق» ئىدى.

بىز ئىدارىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى خېلىلا كونىرىغان ئۈچ ئېغىزلىق تاختايلىق ئۆيلەردە ئولتۇراتتۇق. ئۆيىمىزنىڭ بىر تەرىپىدە ئەتراپى پاكار-پاكار چاتقاللار بىلەن ئورالغان كۆل، يەنە بىر تەرىپىدە تۇتاش كەتكەن گىلاسلىق بولۇپ، ئىشىك ئالدىمىزدىن گىلاسلىقنى يانداپ ئۆتكەن تار يول باغقا تۇتىشاتتى. گىلاس شاخلىرى ۋە قويۇق دەل-دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بۇ تارغىنا يولنى مەن بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ھەر يىلى باھاردا دەسلەپكى چېچەك بىلەن تەڭ ئىچىمگە بىر جىن كىرەتتى. ھەر كۈنى يىپەكتەك يۇمشاق تۆكۈلگەن چېچەكلەرنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئىككى يېقىمدىكى باش ئۇستۇمدىكى بۇلۇتتەك ئاپئاق، قىزغۇچ چېچەكلەرگە قاراپ تويمايتتىم. كۆزۈمنى ئۈزۈشكە، پۇتۇمنى يۆتكەشكە قىيمايتتىم، ئىچىمدىكى جىن: «ئۈز، ئۈزۈۋال، قانغىچە ئۈزۈۋال» دەيتتى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئەتراپىمغا قارىۋېلىپ، تېترىگەن قوللىرىم بىلەن ئاپئاق چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن شىنچىكە نوتىنى شارت-

تىدە سۇندۇرۇۋالاتتىم - دە، كۆڭلىكىمنىڭ
ئېتىكىگە، پۇرىمىلىرى ئارىسىغا ياكى يېڭ-
گىمگە تىقىماقچى بولاتتىم. نېمىشقىدۇر
ھەر قېتىمدا ئاشۇ سۇرلۇك بوۋاي ئاسمان-
دىن چۈشكەندەكلا ئالدىمدا پەيدا بولات-
تى. ئۇ تىللىمايتتى، ئۇرمايتتى، پەقەت
تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالاتتى. مەن ئۇنىڭ
بۇرۇتلىرىغا قاراپلا قورقىنىمدىن دىر - دىر
تىترەپ، قولۇمدىكى چېچەكنى ئاستىلا تاش-
لايتتىم - دە، ئالدى - كەينىمگە قارىماي تې-
كىۋېتەتتىم. بۇ ئەھۋال ياز بويى تەكرار-
لىناتتى. چېچەك ئۈزمەي تۇرالمىغىنىمدەك،
گۈللەرنىمۇ ئۈزمەي چىدىمايتتىم، ھەر
ئۈزگىنىمدە دەستە - دەستە ئۈزۈۋالاتتىم،
بوۋايمۇ ھەر قېتىمدا مېنىلا پايلاپ تۇر-
غاندەك يېتىپ كېلەتتى. نېرى كېتىۋېتىپ
ئىچىمدە «ئۆلمەيدىغان قېرى، يەتتە باش-
لىق يالماۋۇز!» دەپ تىللايتتىم. پەقەت
ئۆيىمىز بىلەن كۆل ئوتتۇرىسىدىكى بىر
تۈپ ئالمىغىلا ئۇنىڭ چىشى پاتمايتتى.
ئەمما، ئۇ «بىزنىڭ ئالما» بولغىنى ئۈچۈن
ئۇنىڭغا ھېچقايسىمىز چېقىلمايتتۇق. ھەم-
مىمىز بىرلىكتە يەتتىنچى ئاينى — ئالما
پىشىدىغان مەزگىلنى تاقەتسىزلىك بىلەن
كۈتەتتۇق. ئۇ مەزگىل بەكمۇ ئاستا، ئەم-
ما تۈيۈقسىز يېتىپ كېلەتتى. كۈتۈپ - كۈ-
تۈپ زېرىككەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر
ئەتىگىنىلا ئۆي ئىچى، كۆل بويى پىش-
قان ئالما پۇرىقىغا تولۇپ كېتەتتى. ئەنە
شۇ كۈندىن تارتىپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەل-
مەيتتى، ئوچۇق دېرىزە تۈۋىدە ئۇيقۇ-
لۇقتا ئالمىلارنىڭ «توك»، «توك» قىلىپ
يەرگە چۈشكىنىنى كۆكاتلار ئارىسىغا يو-
مۇلاپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپ ياتاتتىم. ئە-
تىگىنى كۆپىنچە كۆلگە چۈشكەن بىت-
رەر ئالمىنىڭ «چولتۇك» قىلغان ئاۋازى
بىلەن ئويغىنىپ كېتەتتىم. سەكرەپ قو-
پۇپ دېرىزىدىنلا تالاغا چۈشەتتىم - دە،
شەبنەم باسقان ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن
بىر ئېتەك ئالما تېرىۋالاتتىم. بۇنداق



كۈنلەردە باغۋەننى ئۇچراتسام، قولۇمدىكى ئالمىنى قەستەن بىرلا چىشلەپ يەرگە ئاتاتتىم-دە، بېشىمنى كۆتۈرۈپ كېدەيگىنىمچە ئۆتۈپ كېتەتتىم. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولاتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ مېنى يەنىلا بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي، بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، يول بويىدىكى بىر توپ دەرەخ تۈۋىگە يىغىپ قويۇلغان بىر مۇنچە ئالما (ھەممىسى چالا يەپ تاشلانغان ئالما ئىدى) نى كۆرسىتىپ «قىزىم، يامان بولىدۇ. خۇدانىڭ نېمىتىنى بۇنداق خارلىساڭ، يامان بولىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ نەسىھەت قىلماقچى ئىدى، ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپلا چىقتىم-دە، بىرنەچچە قەدەم مېگىپ: «ئۆلمەيدىغان پىششىق قېرى، سېسىق ئالمىلارنى گۆرۈڭگە ئېلىپ كېتەرسەن!» دەپ تىللىۋېلىپلا قاچتىم. دەل شۇ پەيتتە دادام قارشى تەرىپىمدىن كېلىۋېتىپتىكەن، قولۇمدىن كاپپىدا تۇتۇۋېلىپ كاچىتىمغا بىرنى سالدى. شۇ چاغدا تاياق زەربىسىدىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ، بېشىم ۋىڭىلداپ كەتتى. ماڭا دادامنىڭ غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ھەممىدىن دەھشەتلىك بىلىنگەنىدى. ئۆمرۈمدە دادامدىن تۇنجى قېتىم يېگەن بۇ بىر كاچات مېنىڭ باغۋەنگە بولغان ئاداۋىتىمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. مەن خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭدىن جىنىدىن قاچقاندەك قېچىپ يۈردۈم.

ئەمما دۇنيادا بالا قەلبىدەك كىرسىز ھېچنەرسە بولمىسا كېرەك. بىر كۈنى باغ ئېرىقىنى تازىلاۋاتقان باغۋەننىڭ يېنىدا توپا ئويناپ ئولتۇرغان ئون ياشلاردىكى بىر قىز بالىنى كۆرۈپ قېلىپ، يولۇمدىن چىپىپدە توختىدىم. ئاق سېرىقىنە كەلگەن، كۆل سۈيىدەك تىنىق كۆزلىرىنى ئۇزۇن كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان، كىچىككىنە ئالۇچىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى سەل پومسايغان بۇ قىزچاق شۇنچىلىك ئوماق، چۈشتەك گۈزەل، يۈرەكنى جىغىلداتقۇدەك دەرىجىدە باشقىچە ئىدى. ئۇ، مېنى كۆرۈپ ئاستا يېنىمغا كەلدى، مېنىڭ ئۆزىگە سىنچىلاپ قاراۋاتقىنىمنى كۆرۈپ توپىغا پاتقان نازۇك يالىڭاياق پۇتلىرىنى بىرىنىڭ كەينىگە بىرىنى يوشۇردى. توپا ھەم كۆكات شىرنىسى بىلەن بويالغان قوللىرىنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە سۈرتتى.

— ئوينامدۇق؟ — دېدىم مەن. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن باش لىڭشىتتى. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ئانىسىدىن كىچىك قالغان باغۋەننىڭ يالغۇز قىزى مېنىڭ ياخشى دوستۇم ۋە ئائىلىمىزنىڭ دائىملىق ئەزاسىغا ئايلاندى، ئاناممۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. باش-كۆزلىرىنى يۇيۇپ-تاراپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى جۆندەپ بېرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مېنىڭ دەۋىتىم بىلەن ئۇ يېزىدىن شەھەرگە يۆتكىلىش سەۋەبىدىن توختاپ قالغان ئوقۇشىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىككىمىز تېخىمۇ ئايرىلماس بولۇپ كەتتۇق. شۇ جەرياندا مەن ئۇلارنىڭ كۆل بويىدىكى كىچىككىنە ئۆيىگە كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ باغۋەننىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرۇمدىن پۈتۈنلەي باشقىچە — بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاق ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۇ قىزىنى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرەتتى. باشقىلارنىڭ ئۇنى «نۇسرەتگۈل» ياكى «نۇسرەتخان» دې-

مەي ئىسمىنى تۇزلا چاقىرىشىنى پەقەتلا
ياقتۇرمايتتى. قىزى بىلەن مۆكۈشمەك،
تاش تەرمەك ئوينايتتى. بىر قېتىم تېخى
ئۇ نۇسرەت ئىككىمىزنىڭ قورچىقىغا چىراي-
لىققىنە بىر كىچىك بۆشۈكمۇ ياساپ بەرگە-
نىدى.

بەخت قۇچىقىدا غەمسىز ئۆتكەن
باللىق دەۋرىم ئاشۇ بىر يىلى كېچىسى
دادامنىڭ نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن تۇ-
تۇپ كېتىلىشى بىلەن ئاياغلاشتى. كۆپ
ئۆتمەي ئىسسىق ئۆيىمىزدىن قوغلىنىپ
موھتاجلىق، سەرسان-سەرگەردانلىق بىلەن
تولغان تىنچسىز هايات كوچىسىغا تاشلان-
دۇق. شەهەر چېتىدىكى ئەسكى تاملىق
كوچىدىكى ئىجارىدەك تار ئۆيدە قىستى-
لىشىپ، بىر-بىرىمىزنىڭ هارارىتى بىلەن
سوغۇق ئازابىنى بىردەملىك يېڭىشنى
دۇنيادىكى ئەڭ بەخت هېسابلاپ يۈرگەن
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆيىمىزنىڭ بۇلاڭ-تا-
لاڭ قىلىنغانلىقى، كىلەم، كىگىز، يوتقان-
كۆرپىلىرىمىزنىڭ ئىسيانچىلارغا تۈشەك
بولغانلىقى، تېخى بىرنەچچە ئاينىڭ ئال-
دىدىكى دادامغا «ساداقەتمەنلىك» تىن
قەسەم ئىچىشكە تەييار تۇرغان ئەرلەر ۋە
ئۇلارنىڭ بوسۇغىمىزدىن ئاتلاشنى ئەڭ زور
ئابروي بىلىدىغان خانىملىرىنىڭ دادامنىڭ
دىراپ پەلتوسى ۋە ئانامنىڭ سۆسەر جۇ-
ۋىسىدىن قىلچە تەپتارتماي بەھرىمەن بولۇ-
ۋالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ خەۋەرنى
ئاشۇ باغۋەن يەتكۈزگەن ھەم قالغان-
قاتقان كونا-يېڭى قىشلىق كىيىملىرىمىز-
دىن قولىغا چىققىنىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ئەنە
شۇنىڭدىن كېيىن بىرگە ئۇ ئۆيلەرگە قايتا
ئاياغ بېسىش نېسىپ بولمىدى. ئارىدىن
تالاي يىللار ئۆتتى. نى-نى ئۆزگىرىشلەر

بولدى. نۇرغۇن ئىشلار ئەستىن كۆتۈرۈل-
دى، نېمە قىلغۇلۇق، ئادەم دېگەن شۇن-
داق نەرسىكەن، بوراندا ئۇچقان قامقاق
تىكەندەك ئۇچۇپ-ئۇچۇپ بىر يەرلەردە
يىلتىز تارتىپ قالىدىكەن. ئۆتمۈشنى—
مەيلى ئۇ قىپقىزىل گۈللەر بىلەن بې-
زەلگەن بولسۇن، ياكى قايغۇ-ھەسرەت
داغلىرى بىلەن تولغان بولسۇن كەينىگە
تاشلاپ، ھامان ئەتىگە، يېڭى-يېڭى ئار-
زۇ-ئۈمىدلەرگە ئىنتىلىدىكەن... ئاشۇ
باغۋەن بۈگۈن قانداق تۇرىۋاتىدىكىن؟
ئىككى يىلىكگە تايىنىپ يەنە قانچە باغ-
لارنى بەرپا قىلدىكىن؟ ئۇنىڭ ھېلىقى
پەرىشتىدەك گۈزەل قىزىچۇ؟ ئۇ بەختلىك
بولالىدىمىكىن؟...

ساۋاقدىشىم مېنى ئەتراپى پۇختا
چىتلانغان چوڭ بىر باغلىق ھويلىنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. شادلىق ئىشىكىنىڭ
ئاراشلىرىدىن قولىنى تىقىپ ئىشىكنى ئې-
چىش بىلەن تەڭ، ئالدىمىزغا ئېتىلىپ كەل-
گەن يوغان سېرىق ئىتنى ھەيدىۋېتىپ
مېنى ئىچكىرىگە باشلىدى. پاھ، يەنە بىر
جەننەت. تار قۇمساڭ يولنى قاراڭغۇلاش-
تۇرۇپ تۇرغان، ئۈزۈمىگە سوزۇلغان ئۈزۈم
بارىڭى، كەھرىۋادەك سارغىيىپ پىشقان
ئۈزۈملەر، باراڭلىقنىڭ ئىككى يېقىدىكى
قويۇق مېۋىلىك دەرەخلەر، قۇشلارنىڭ يې-
قىملىق چۇرۇقلاشلىرى، دىماققا گۈپۈلدەپ
ئۇرۇلۇپ تۇرۇۋىدىغان گۈل ۋە مېۋە پۇراق-
لىرى... ئۇزۇن ئايرىلىپ كەتكەن قەدىم
جايلىرىمغا قايتىپ كېلىۋاتقاندەك ھاياجان،
تەقەززالىق ئىچىدە كېتىۋاتىمەن، مانا يې-
شىل كارىدور ئاخىرلاشتى. يېزا پاسۇنى-
دىكى ئاددىيغىنا ئۆي، ئۆيگە ياندىش با-
راڭلىق ئازادە سۇپا، گۈللۈك سۇپىدا قې-

لىن چىت كۆرپىدە ئىگىز تەكىيلەرگە يۆ-
لىنىپ ياتقان بوۋاي بىزنى كۆرۈپ قوز-
غالدى، ئۇ چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن دەس-
لەپتە ھەمراھىمغا، ئارقىدىن ماڭا ئۇزاق-
قىچە سەزگۈرلۈك بىلەن تىكىلدى. ئاھ، شۇ
تونۇش چىراي، پەقەتلا بۇرۇنقى قىزىلل-
قىنى ئەبەدىي يوقاتقان، قاڭشىرى قىڭراق-
تەك ئىنچىكىلەپ، ئۇچلۇق ئېڭىكى يەنىمۇ
سوزۇلغان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۇچتەك
ئاقارغان...

— ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا، ھادى ئا-
خۇن ئاكا؟ — ئۆپكەم تولۇپ سۆزۈمنى
داۋاملاشتۇرالمىدىم. بوۋاي خۇددى مېنىلا
ساقلاپ ئولتۇرغاندەك:

— ھە... ھىم، راخمان ئاخۇنىنىڭ
قىزىمسەن؟ قايسى قىزى بولىسەن؟ —
دەپ سورىدى.

— ھېلىقى... چېچەك... گۈل ئوغ-
رىسىچۇ... سىلىنى تولا خاپا قىلىدىغان.

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەشكە
ئوخشاش يېقىملىق ئۇچقۇنلار خىرە چاق-
نىغاندەك قىلىپ قالدى. ئۇ بىزنى سۇپىغا
تەكلىپ قىلغاچ سەل رۇسلىنىپ ئولتۇرۇ-
ۋېلىپ، مەن بىلەن ئەھۋاللىششقا باشلىدى:

— ئەلاخان ساق تۇردىمۇ؟ ئۆزى
تېتىك دېگىن، توۋا، خاپىلىققا چىك چى-
قىپتۇ، بۇمۇ ئالتە بالىنىڭ بەختى - پېي-
شانىسى... راخمان ئاخۇنغا سەككىز يىل
بولاي دېدىڭمۇ دەيمەن؟ رەھمەتلىك ياش
كېتىپتۇ، يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۈن،
دېگەن راست ئىكەن... ئەينى يىللاردا...

دۇنيادىكى قېرىلارنىڭ ھەممىسى ئوخ-
شاش بولامدىكىن؟ ئۇلار ئۆتكەن كۈنلىرى
توغرىسىدا ئاغزى ئېچىلسىلا يۇمۇلمايلا
قالىدۇ. مەن بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلمەي

چىدالمىدىم:

— تاغا، نۇسرەتخانچۇ؟ ئۇمۇ ياخشى
تۇرۇۋاتىدىغاندۇ؟

خۇددى ماڭا بېرىلگەن جاۋابتەك باغ
ئىچىدىكى شىرىقلىدى، ئىتىنىڭ ئەركىلەپ
غىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھايال ئۆت-
مەي قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان يولدىن تولا
يۇيۇلۇپ ئۆڭۈپ كەتكەن قىزىل ئەتلەس
كۆڭلەك كىيگەن، سۇس يېشىل ياغلىقنى
قۇلىقىنىڭ كەينىدىن چىگكەن، نازۇككىنە
ياش ئايال چىقىپ كەلدى. دۈمبىسىدە
بەش ياشلاردىكى ئوغۇل بالا، بىر قول-
دا بىر قۇچاق كەلگۈدەك ئوت - چۆپ. ئۇ،
قولىدىكى ئوتنى تاشلاپ، بالىسىنى يەرگە
چۈشۈردى. تال - تال كىرپىكلىك، ئاق -
قارىسى ئېنىق ھەم تېگى - تېگىدىن سۈزۈك
كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە ئىتتىك - ئىت-
تىك يېقىنلاپ كەلدى. مەنمۇ قوللىرىم-
نى قوش قانىتىدەك كېرىپ ئۇنىڭغا ئېتىل-
دىم... ئۇ يەنىلا شۇنداق گۈزەل ئىدى.
پەقەتلا سەل - پەل ئولتۇرۇشقان سۇرمە تارتقان-
دەك كۆكۈش قاپاقلىرى كۆز دائىرى-
سىنى يەنىمۇ چوڭايتقان، سۆز - ھەرىكەت
ۋە چىراي ئىپادىسىدە بىر خىل چوڭ سۈ-
پەت، تەمكىنلىك قارار تاپقانىدى. ئەمما
ئۇ پۈتۈن تۇرقى بىلەن كىشىگە پورەكلەپ
ئېچىلغان گۈلنى ئەمەس، ئېچىلا - ئېچىل-
ماي ئۈششۈك تېگىپ، سولىشىپ قالغان
گۈلنى ئەسلىتەتتى. تومۇرلىرى كۆپكەن،
ئىنچىكە يىرىك بارماقلىرى، قىيغاچ قاش-
لىرىنى ئۇچۇرغاندا سىپسىلىق پېشانىسىدە
پەيدا بولىدىغان ئۇزۇن ئىككى - ئۈچ تال
قورۇقى ھەم چېكىسىدىكى ۋاقىتسىز ئاقلار
بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىسپاتلايتتى. ئاشۇ كۆ-
زىتىشلىرىم بىلەن تەڭ كۆڭلۈمگە ئاللىقانداق

ناخۇش ئۇيلار غىل - پال سايە تاشلاپ
ئۆتكەندەك بولدى.

— قىزىم، مېھمانلار كەلگىلى نەۋاق،
ئۇسساپمۇ قالغاندۇ؟ قېنى، داستىخاننى
سال. مېۋىلەردىن ئېلىپ چىق. بۈگۈن
بىز قىلىشىدىغان پاراڭ كۆپ تېخى...

باياتىن بېرى مەندىنلا ئەھۋال
سوراپ، ئۆزى ھەققىدە تېخى ئېغىز ئاچ-
مىغان نۇسرەت ماڭا تارتىنشقاندەك كۈلۈم-
سىرەپ بىر قارىدى - دە، لىككىدە تۇرۇپ
ئۈستى بورا بىلەن يېپىلغان يازلىق ئاش-
خانا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاي بول-
سا، تەكىيگە يۆلەنگىنىچە كۆزىنى يۇمۇ-
ۋالدى. ھايال ئۆتمەي ئىنچىكە ھۇشقىر-
تىش قوشۇلغان رىتىملىق خورۇلداش ئا-
چىدە ئۇيقۇغا كەتتى. ئاشخانا تەرەپتىن
سۇنىڭ شىرىقلاپ تۆكۈلگەن ئاۋازى، چى-
نىلەرنىڭ غۇچۇرلاشلىرى ئاڭلىناتتى. بور-
جەكتىن گاھ ئەتلەس كۆڭلەك، گاھ ھىلىمىلە
ياغلىقنىڭ بىر بۇرجىكى لەپپىدە كۆرۈنۈپ
قالاتتى. يېنىمدا ئولتۇرغان ھەمراھىم
كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ پات - پات ئاشخانا
تەرەپكە قارايتتى. نۇسرەت مىس لىگەننى
كۆتۈرۈپ باغقا كىرىپ كەتتى ۋە بىردەمدىلا
ھەرخىل مېۋىلەر بىلەن توشقۇزۇپ چىقتى.
ۋاي - ۋۇي! ئۈزۈن يىللاردىن بۇيان تې-
تىشقا، ھەتتا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمى-
غان مېۋىلىرى — قوش مۇشتەك بولۇپ
سارغىيىپ پىشقان سۇلۇق ھەم گۆشلۈك
شاپتۇللار، پوستىدىن ھەسەل تېپچىپ
تۇرۇدىغان ئۈزۈم، ئالما، ئالىگىرات، ئەي-
نۇللار... مەن تەكەللۇپ - تۈزۈتلەرنى
بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بالىلارچە ئاچ-
كۆزلۈك بىلەن چوڭ - چوڭ يېقىشقا باشلى-
دىم. يامىداپ يېگەن شاپتۇلنىڭ سۈيى

ئېغىزىمدىن ئېڭىكىمنى بويلاپ ئاقاتتى.
شۇ تاپتا ئۆزۈمنى گويا ئون نەچچە يىل
ئىلگىرىكى چېچەك ئۈزۈپ، مېۋە ئوغرىلاپ
يەپ يۈرگەن كىچىككىنە كەپسىز قىز
بالىغا ئايلىنىپ قالغاندەك سېزەتتىم.

* *

قۇياش يىراقتىكى تاغ كەينىگە ئۆ-
تۈپ كەتتى. تەكلەر، دەل - دەرەخلەرنىڭ
كۆلەڭگىلىرى قويۇقلاشتى، سەلكىن شامال
گۈل، مېۋە يوپۇرماقلىرىغا نەم تۇپىنىڭ، چى-
رىگەن قىغنىڭ يوپۇرماقلىرىنى قوشۇپ ھەممە
يەرگە تارقىتاتتى. ئېرىق بويلىرىدىكى قى-
ياق، يالپۇز، سېسىق ئوتلارنىڭ ئارىسى-
دىن پاقىلارنىڭ كوكىراشلىرى، سەل نېرى-
دىن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭ-
لىناتتى. نۇسرەت ئېتىپ ئەكىرگەن يوم-
غاقسۈتى گۈپپۈلدەپ تۇرۇدىغان چۆچۈرىنى
ئىچىپ بولۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگىنى-
مىزدە ئاسماندا دەسلەپكى يۇلتۇزلار پەيدا
بولغانىدى. ئوغۇل بالا بوۋىسىنىڭ يېنى-
غىلا دۈم چۈشۈپ ئۇخلاپ قالدى. نۇسرەت
قاچا - قۇمۇچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ،
بالىسىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ئولتۇردى. بو-
ۋاي گەپنى بەكمۇ ئۇزاقتىن — قىران ياش
چاغلىرىدىن باشلىدى. بىر قېتىم چوڭ بىر
باغقا سەيلىگە بېرىپ، باغدا ئويناپ يۈر-
گەن ئونبەش - ئون ئالتە ياشلاردىكى چى-
رايلىق بىر ئوغۇل بالىنى كۆرگەنلىكىنى،
كىمنىڭ بالىسىدۇ، دەپ زوقلىنىپ ياندۇ-
رۇپ قارىغىنىدا، بالىنىڭ تۇمىقى تېگىگە
پاتماي چۇۋۇلۇپ قالغان چىگىلەك چاچلى-
رىنى، بەقىسەم تۇنىنىڭ بەلبېغىدىن سەل
يۇقىرىسى گۆشگىردە تىقىۋالغاندەك پۈم-
پىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قال-

غانلىقىنى... ئاخىرى، بىر ئاخشىمى باغۋەنىنىڭ ئوغۇل بالىچە ياسىنىۋالغان ئاشۇ قىزىنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى، كېيىن قىزغا باشتا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە قېيىن ئاتىسىنىڭكىدىن كاتتا بىر باغ بىنا قىلغانلىقىنى، ئەمما ئايالىنىڭ ئۇ كۈنلەرگە ئۇلىشالماي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق مۇھەببىتىنى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھقا بېغىشلىغانلىقىنى... سۆزلەپ كەتتى. پەقەت نۇسرەت بىر نەچچە قېتىم بوشقىنا: «دادا، دادا!» دەپ قويغاندىن كېيىنلا: «ئاھ، خۇدا!» دەپ ئۇزۇن خورسىنىپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ گەپنى يۆتكىدى.

— شۇنداق، راخمان ئاخۇن ئالتۇنغا بەرگۈسىز يىگىت ئىدى. دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ دېگەننى جېنىدەك كۆرەتتى. قاچانكى ئۇ كەتتى، باغنىڭمۇ پەيزى ئۇچتى. تۇۋا، شۇ گۈللەر نېمە گۇناھ قىپتىكىن، ھېلىقى يېڭىگە پەتتە تاقىۋالغان قۇلاق كەستىلەر قويماي چەيلىۋېتىشتى. بىر كۈنى، يېڭى باشلىقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھاجەتخانا تازىلاۋاتسام، ئاۋۋال راخمان ئولتۇرغان ئۆيلەرنى تازىلىۋەتسۇن، مېھمان كۈتۈش قىلىدىكەن، دېگەن خەۋەر كېلىپ قالدى. بارسام ئەلاخان ياغ قويۇپ يالغۇدەك قىلىپ پارقىرىتىپ ئولتۇرىدىغان ئۆي ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپتۇ. بۇلۇڭ - بۇلۇڭدا نىجاسەت، ساق بىر كۈن تازىلىدىم. كەچتە ئەخلەتلەرنى چىقىرىۋېتىپ ئەسكى لاتا - پېتىلەر ئارىسىدىن ئەپچىلگىنە پاختىلىق چاپانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بوۋاق بالىنىڭ ئېمەكەش بولغان چاپىنىكەن، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى. ھەممىڭلار مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بولغانـدە، توپىسىنى پاكىزە قېقىپ، ئۆيۈمدىكى ساندۇقنىڭ بىر چېتىگە تاشلاپ قويدۇم، شۇ قويغانچە ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. نۇسرەتخان ئەرگە تېگىپ يەڭگەن يىلى ساندۇقنى ئاقتۇرسام، قولۇمغا ئاشۇ چاپان ئېلىنىشىپ قالدى. بالاڭغا كىيگۈزەرسەن، دەپ ئاپىرىپ بەردىم. كىم بىلسۇن، بالا ئەتىسى يۆگۈرۈپ كەلدى، دىدارىدا قان يوق... مېنى ئۆيگە تارتىپ كىچىككىنە بىر خام تۈگۈنچەكنى ئېچىپ: «ئاخشام چاپاننىڭ تېشىنى يۇيۇپ ئوڭلاي دەپ سۆكسەم، ئىچىدىن چىقتى» دەيدۇ. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام، بىر مۇنچە ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلار! مۇنچە كۆپ بايلىق ئاشۇ ئەلاخاننىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى! «ئاغزىڭنى مەھكەم تۇت، ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما، ھارام بايلىق جاننىڭ دۇشمىنى، بۇ بىزگە ئامانەت، خۇدانىڭ ئامانىتى» دېدىم. شۇ ئىشقا مانا نەق بەش يىل بولدى، شۇنىڭدىن بېرى بىر كېچە ئارامىمدا ئۇخلىغان بولسامتى... بەزىدە ھەتتا ئەلاخان بۇ نەرسىلەرنى نېمىدەپ بۇ ئەسكى چاپانغا تىكىپ قويغان بولغىيدى، مەن ئەخمەقمۇ نېمىدەپ بۇ چاپاننى ئۆيۈمگە ئەكىرىپ يۈرگەن بولغىيدىم؟ دەپ ئەلاخاننىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئەيىبلەپ كەتكەن ۋاقىتلىرىم بولدى... خەير، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سەنمۇ ئۆز ئايىغىڭدىن كېلىپ قاپسەن، مانا ئەمدى خاتىرجەم ئۆلىدىغان بولدۇم، ئۇ ئالەمدە راخمان ئاخۇننىڭ چىرايىغا قارىيالايدىغان بولدۇم.

بوۋاي ئۇزاقچە يۆتىلىپ، خىرقىراپ كېيىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. نۇسرەت

ئەگىلىپ بەرگەن ئىسسىق چاينى بىر ئوتلىغاندىن كېيىن، خۇددى ئۇزۇن يول بېسىپ ئاخىرى مەنزىلگە يەتكەن يولۇچىدەك ئۆزىنى تەكىيەگە تاشلىدى - دە، ئېغىر - ئېغىر تىنىپ جىم بولۇپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن، بىر تال قۇرۇپ قالغان شاخقا ئوخشايدىغان قوللىرى بىلەن بوشقىنا ئىشارەت قىلىۋىدى، نۇسرەت ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ چىقتى. ئالدىمغا كېلىپ ئىككى قوللاپ ماڭا سۇندى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن تۈگۈنچەكنى ئالدىم. يەشتىم، زىبۇ - زىننەتلەر شەپەق نۇرىدا ۋاللىداپ چاقناپ كەتتى، بىر - بىرىگە سۈركىلىپ سۇنىڭ شىلدىرلىشىدەك يېقىملىق ئاۋاز چىقاردى. ئالتۇن بىلەيزۈكلەر، ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكلەر، ياقۇت كۆزلۈك پەيپەيزىلەر... ئاھ، شۇنچە يىللاردىن بېرى بىچارە ئانامنىڭ خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىغان، ھەربىر قىز چىقىرىپ، ئوغۇل ئۆيلىگەندە، ئۇنى بىرەر ئايلارغىچە سارغايتىپ، ئورنىدىن قوپالماس قىلىپ قويىدىغان بۇ تەۋەررۈك نەرسىلەر مانا قولۇمدا، ئەمما بۇ تاپتا مۇشۇ ئاجىز ئاتا - بالا ئالدىدا بۇ نەرسىلەر نېمىشقىدۇر شۇنچىلىك، شۇنچىلىك ئەرزىمەس كۆرۈنەتتىكى...

* *

«دېمەم سىقىلىدۇ» دەپ نەۋرىسى بىلەن ھويلىدىلا يېتىپ قالغان بوۋاي خېلىغىچە توختىماي يۆتەلدى. كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغۇدەك دەرىجىدە بوغۇلۇپ خىرقىرىدى، خىرقىراش كۈچلۈك ھاسىراشقا ئايلىنىپ بارا - بارا جىمىپ قالدى.

ھەممە ياق جىمجىتلىقتا چۆككەندىن كېيىنمۇ، ئۇزاققىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. باغ بوشقىنە گۇرۇلدەيتتى. تامدا ئاي شولىسى تىترەيتتى. قاراڭغۇدا، باش تەرىپىمدىن تارقىلىۋاتقان نېمىنىڭدۇر مەست قىلغۇچى خۇش پۇرىقى بېشىمنى سەل ئايلاندۇرغاندەك، نېمىنىدۇر ئەسكە سالغاندەك بولاتتى. مەن ئۆرە بولۇپ ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قول سالدىم - دە، قولۇمغا ئۇرۇنغان بىر تۇتام ئۆسۈملۈكنى ئاستا بۇرنۇمغا ئېلىپ باردىم. رەيھان! كۈچلۈك ھاياجاندىن يۈرىكىم قىنىمدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش كەلدى. بىر تۇتام رەيھانگۈل... كىچىك ۋاقىتلىرىمدا نۇسرەتلەرنىڭ كۆللىنىڭ نېرىقى چېتىدىكى ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىپ قالغان ۋاقىتلىرىمدا، ئۇ دائىملىق ياستۇقۇمنىڭ تېگىگە ئەنە شۇنداق بىر تۇتام رەيھان گۈلنى قويۇپ قوياتتى ۋە ماڭا: «رەيھاننىڭ پۇرىقى يوتقان - كۆرپىلەرنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، ھاشاراتلارنى قوغلايدۇ» دەيتتى. مانا بۈگۈنمۇ ياستۇقۇمنىڭ تېگىدە بىر تۇتام رەيھانگۈل... ئاھ...

مەن بېشىمنى سەل كۆتۈرۈپ ئاللىقاچان ئۇخلاپ قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن نۇسرەتكە چوڭقۇر مىننەتدارلىق ۋە مېھىر بىلەن تىكىلدىم. دېرىزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان سۈتتەك ئاي نۇرى ئەمدى يەردىكى چىپار گىلەمگە، گىلەم ئۈستىدىكى ئورۇندا ياتقان نۇسرەتنىڭ سۈتتەك جامالىغا گويا كۈمۈشتىن بىر قەۋەت ھەل بەرگەندى. بويۇن، مۈرە ۋە بەللىرىدە تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ ئېغىر تاشلانغان ئىككى ئۆرۈم چېچى خۇددى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ساھىبجامالنى چىرمىۋالغان زور يىلان-

لاردەك كۆرۈنەتتى... بۇ خىيالدىي مەنزىرە نېمەشقىدۇر يۈرىكىمنى سىقىپ، بايا غىل-پال كۆرۈنگەن كۆلەڭگۈسىز خىياللار كۈچلىنىپ قالغاندەك بولدى. بالىلىق ۋاقىتلىرىمدىكى جان-جىگەر دوستۇم، بىر تۇغقىنىمدەك دىلىمغا يېقىن بۇ چوكانغا بولغان كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. ئۇ نېمەشقا يالغۇز؟ پېشانىسىدىكى ۋاقىتسىز قورۇقلارنىڭ ئاستىغا نېمە قىسمەتلەر يوشۇرۇنغاندۇ؟ مەن بۇلارنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. بىلمەي تۇرۇپ بۇ يەردىن كېتەلمەيتتىم، راستىنلا كېتەلمەيتتىم. ئۇزاق ئىككىلىنىشتىن كېيىن ئۇنىڭ تېخى ئۇخلىمىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ ئېغىز ئاچتىم:

— سىڭلىم، بالىنىڭ دادىسى بىر ياققا كەتكەنمۇ؟

— ھەئە.

— نەگە؟

— تۈرمىگە.

— تۈرمىگە؟ نېمىشقا؟

— نېمىشقا بولاتتى، ئوغرىلىق قىلغاچقا... قانداق قىلاي، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن، تارتماي نېمە ئىلاجىم؟ — نۇسرەت بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، — بوستان ئاچا، مەن ئەسلى بۇ گەپلەرنى سىزگە دېمەكچى ئەمەس ئىدىم. ئەمما... سىزگە دېمىسەم بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتىمەن؟ ھال-مۇڭۇمغا ئورتاقلىشىدىغان ئانام، ئاچا-سىڭلىم بارمىدى مېنىڭ؟ سىزگە ئىچىمنى تۆكۈۋالاي، چۈشىنەرسىز، جېنىم ئاچا...

* *

ئاشۇ تۈگۈنچەكنى تېپىۋالغانلىقىمىزدىن دادامدىن باشقا يەنە بىرسى — مېنىڭ ئىنىم قادىر خەۋەردار ئىدى. دادام ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز قولى بىلەن سىلەرگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن يىراق سەپەرگە تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ، شۇ ئاغرىقتىن ئۇزاققىچە سەللىمازا بولۇپ كېتەلمىدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ مەن بولسام ئاجىز مەزلۇم كىشى، قادىر تېخى... دادام سىلەرگە قارىتىپ نەچچە پارچە خەت يازدۇردى. خەتنى سېلىش ئۈچۈن قادىرنى ئاتايىتەن ناھىيىدىكى پوچتىخانىغا بىر نەچچە قېتىم ئەۋەتتى. ئەمما سىلەردىن زادىلا ئۈچۈر بولمىدى. ئەسلى گەپ قادىردا ئىكەن. ئۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مەھەللىدىن چىقىپلا كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن، مەن ئەخمەق ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ، دادامنىڭ مەخپىي نەرسىلەرنى قويۇدىغان بۇلۇڭلىرىغىچە ئېيتىپ قويۇپتىمەن. بىر كۈنى دادام ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ كەپتۇ: «ھېلىقى نەرسىنى قويغان يەرنى يەنە كىم بىلەتتى؟ ھېلىلا مەسچىتتىن قايتىپ كېلىپ قارىسام، ئامانەت جايىدا يوق!» دەيدۇ. شۇ ھامان مېڭەمدىن تۈتۈن چىققاندەك بولدى. قويغان-تۇتقىنىمنى بىلمەيلا قالدىم. نېمىشقىكىن كۆز ئالدىمغا قادىر كېلىۋالدى. ئۇنىڭدىن سورىسام، ئۆزىچە ھودۇقۇپ تۇتۇتۇلۇپ كېتىپ بارمامدۇ، گۇمانىمنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم. «ئۇ يەرنى سەندىن باشقا ئىنسى-جىن بىلمەيتتى، ئوبدان قىلىپ ئېلىپ قويغان بولساڭ قايتۇرغىن، دادامنى خاتىرجەم قىلايلى» دەپ ياخشىلىقچە ئېيتتىم، بولمىدى. ئالداپ باقتىم، بولمىدى. ئاخىرى ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن، دەپ مېڭىۋىدىم، بىردىنلا ئالدىمغا تىزلاندى. «تونۇش باللار ئېلىپ قويۇپتىكەن، ئاشۇ نارىسىدە باللىرىمىزنىڭ ھەققىدە بىر نەچچە كۈن

تەخىر قىلساڭ، تېپىپ قويسام» دەپ يالـ
ۋۇردى. ئۇنىمسام خوتۇن كىشىدەك بوقۇلـ
داپ يىغلاپ كەتمەسمۇ، ئەر كىشى دېگەنـ
نىڭ كۆز يېشى ئاسان يەردىن چىقامدۇ؟ ئىـ
چىم ئاغرىپ مەيلى، دەپتىمەن. مەن شور
پېشانە ئەرگە ئەمەس، قارا يەرگە تېگىپتىـ
كەنمەن. قادىر شۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتـ
كەنچە خېلىغىچە ئىز-دېرىكى بولمىدى. ئاـ
خىرى ساقچىغا مەلۇم قىلدۇق. ساقچىلار
ئۇنى شەھەردىن قىمار ئويناۋاتقان يېرىدىن
تۇتۇپتۇ. تۇتۇلمىغىنىدا بىر گەپ ئىكەن،
تۇتۇلۇش بىلەن تەڭ نۇرغۇن ئىشلىرى ئەسـ
كى مازدەك چۇۋۇلۇپ چىقتى. ئەسلى ئۇ
خېلىدىن بېرى بىر توپ قىمارۋازلارغا چېپـ
تىلىپ قېلىپ كېكىر تىنگىچە قەرزگە بوغۇـ
لۇپتۇ، قەرزلىرىنى تۆلىيەلمەي كۆپ قېتىم
ئوغرىلىقمۇ قىپتۇ، بىر نەچچە كۈن ئىلگىـ
رى ھېلىقى تۇگۈنچەكنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ.
ئۇتۇۋالغۇچى شېرىكى چاقىپ كېلىپ ساقـ
چىلارغا تۇتۇپ بەرمەپتۇ، قادىر يەتتە يىلـ
لىق كېسىلىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن كېيىن
دادامنىڭ ئەھۋالى كۈنسايىن يامانلىشىشقا
باشلىدى. ئۇ كۈنلەپ-كۈنلەپ سۆزسىز
ئولتۇرۇدىغان، كىشىلەرگە ئارىلىشىشنى خاـ
لىمايدىغان، تېرىككەك بولۇپ كەتتى. يۈـ
زۈمگە سالمىغىنى بىلەن، مەندىن خاپىلىقـ
نى بىلەتتىم. شۇڭا، قولۇمدىن كېلىشىچە
ياخشى قاراپ، ھەر خىل ئاماللار بىلەن كۆڭـ
لىنى ئېلىشقا تىرىشاتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۆـ
زۈمنىڭ دەردىمۇ يەتكىچە ئىدى. بىر يېـ
نىمغا قارىسام قېرى دادام بىلەن گادەك
بالام، يەنە بىر يېنىمدا تىرىكچىلىك غېمى...
ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى كېيىنكى ۋاقىتلارـ
دا ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدىن يات كۆلەڭگىـ
لەرنىڭ ئەگىپ كەتمەس بولۇپ قالغىنى

ئىدى. بىر نەچچە قېتىم دادام يالغۇز قالـ
غان چاغلىرىدا، نامەلۇم كىشىلەر ئۆيگە بېـ
سىپ كىرىپ، ئۆينى ئۆكتەي-توكتەي قىـ
لىۋېتىپ قېچىپ كېتىشىپتۇ. كېيىن ئۇقساق،
ئۇ قادىرنىڭ ھېلىقى شېرىكىنىڭ ئادەملىرى
ئىكەن، قادىردىن ئۇتۇۋالغان ئالتۇن-كۈـ
مۈشلەرنى تېخى قولغا چۈشۈرەلمەپتىكەن.
بۇ خەۋەر بىلەن دادام ئىككىمىزنىڭ كۆڭـ
لىدە يەنە ئاز-تولا ئۈمىد پەيدا بولدى.
بىز قادىرنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى تەقەززالىق
بىلەن كۈتتۇق، ئارىدا بىر نەچچە قېتىم
يوقلاپ بېرىپ يىغلاپ-قاخشاپ يالۋۇردۇم.
خۇدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەردىمۇ قانـ
داق، ئاخىرقى قېتىم بالامنى ئېلىپ بارغىنىمـ
دا ئۇ بالىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى: «مېنى كەـ
چۈر، مېنى قارا بېسىپتىكەن، ئېزىپتىكەنمەن»
دەپ، ھېلىقى تۈگۈنچەكنىڭ جايىنى ئېيتىپ
بەردى. بۇ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى ئىش،
كېيىن بۇ ئىشتىن مەيدان تەشكىلىمۇ خەـ
ۋەر تېپىپ، قادىرنى تەقدىرلەپتۇ، ئۇنى مۇدـ
دەتتىن بۇرۇنراق قويۇۋېتىشنى ئويلىشىپتۇ.
مانا مەنمۇ چوڭ ئۈمىد بىلەن ساقلاۋاتىمەن.
خام سۈت ئەمگەن بەندە ئەمەسمۇ؟ ئاتمۇ
مۆدۈرۈپ كېتىدىغۇ، سەزدىلمىكىن، ماۋۇ مۇـ
ئەللىم يىگىت ئىشىكىمىزنى چۆگىلەۋاتقىلى
ئۈچ يىل بولدى. ئانچە چىراي ئاچمىغىـ
نىمغا قارىماي ئىشلىرىمىزغا قارىشىدۇ، داـ
دام ئاغرىپ قېلىۋىدى، دوختۇرخانىغا ئېلىپ
باردى. نەچچە كېچە بېشىدا ئولتۇردى.
ھەر قانچە ۋاپادار ئوغۇل بولسىمۇ شۇنچىـ
لىك قىلار، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۆزۈمگىمۇ، ئاـ
شۇ بىچارىگىمۇ ئىچىم ئاغرىپ كېتىدۇ. بولـ
دىلا، ئۇ قىمارۋازدىن يەنە نېمە خۇۋلۇق
كۆرەرمەن، دەيمەنۇ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى
ئۇنىمايدۇ. يېقىن يورۇقلىرىممۇ: «قادىر

سېنى ئاخىر ۋەيران قىلماي قويمايدۇ،
ۋاقتىدا ئارىنى ئۈچۈق قىل، قولۇڭنى يۇيۇ-
ۋەت» دېيىشمىدۇ. لېكىن كۆڭۈل دېگەن پا-
دىشاھ ئىكەن. ئۇلارمۇ مەندەك بىرسى بى-
لەن كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بو-
لۇپ باقسۇن، نى-نى يىگىتلەر ئارىسىدىن
بىرسىنى يېتىملىقى، گادايلىقى ۋە باشقا
نۇرغۇن كەم تەرەپلىرىگە قارىماي جان-دى-
لى بىلەن ياخشى كۆرۈپ باقسۇن، ئاندىن
بىلىدۇ. ئادەم دېگەن شۇنداق ئىززىتىنى
بىلمەيدىغان نەرسىمۇ، ياكى مەنلا ئەخمەقمۇ!..

بوۋاي بوغۇق ئاۋازدا چاي سورىدى.
چاينى غوتۇلدىتىپ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن:

— ئۇھ، ئەجەب راھەتلىنىپ ئۇخلاپ-
تىمەن، — دەپ غۇدۇڭشىدى. ئارقىدىن نۇس-
رەت بىلەن كۇسۇرلىشىپ بىرنېمىلەرنى دې-
يىشتى. قارىغاندا، پاقلاندىن بىرەرنى سو-
يۇشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىۋاتقاندەك قىلات-
تى ...ئاھ، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست كىشىلەر!

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن مەن بۇ قە-
دىردان كىشىلەر بىلەن خوشلاشتىم. خوش-
لىشىش ئالدىدا بوۋاينىڭ پۈتكۈل كۆرۈنۈ-
شىنى كۆڭۈل خاتىرەمگە ئەبەدىي نەقىش
قىلىپ چۈشۈرۈۋالماقچىدەك، ئالدىدا ئۇزاق
تۇردۇم. شۇ تاپتا قەلبىمنى چۇلغىغان ئېيت-
قۇسىز خىجىللىق، قەرزدارلىق تۇيغۇسىنى
يېڭىشكە ئامالسىز ئىدىم. ئىچ يانچۇقۇمدا
ئېغىر بېسىپ تۇرغان تۈگۈنچەك بارغانسې-
رى ئېغىرلىشىپ مېنى يەرگە تارتىپ كې-
تىۋاتقاندەك، ئۇنى ئېلىپ ئاستىلا بوۋاينىڭ
كۆرپىسى ئاستىغا تىقىپ قويسام ياكى غو-
لىچىمنى كېرىپ يىراق-يىراقلارغا ئېتى-
ۋەتسەم ۋۇجۇدۇم ئاندىن يەڭگىللەيدىغان-
دەك ھېسسىياتتا ئىدىم. ئەمما، بۇ ئالتۇن-
كۈمۈشلەر، ھەتتا نەچچە ھەسسە كۆپ ئال-
تۇن-كۈمۈشلەرمۇ بوۋاي ۋە ئۇنىڭ قىزى-
نىڭ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرى، قۇربان بەر-
گەن بەختىنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقى
ماڭا ئايان ئىدى. مەن بۇ تۈگۈنچەكنى
ئىككى قوللاپ قېرى ئانامنىڭ قولىغا تاپ-
شۇرغىنىمدىلا، ئۇلارنىڭ ئەجرى، سەممى-
يىتىگە جاۋاب قايتۇرغان ھېسابلىناتتىم.

نۇسرەت بىلەن قاراموتۇق يىگىت
مېنى ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى.
يىگىت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ پات-پاتلا نۇس-
رەتكە قارايتتى، نۇسرەتنىڭ كۆزلىرى
بولسا، يىراق-يىراقلاردا ئىدى. ئاپتوبۇس
قوزغىلىش ئالدىدا مەن ئۇنىڭغا: «نۇسرەت،
بۇرۇن بىرگە قىممەتلىك بىلىنگەن نەرسى-
لەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە
بولۇشى ناتايىن، ۋاقىتنىڭ، مۇھەببەتنىڭ
سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن نەرسىلەر-
دىن دادىللىق بىلەن ۋاز كەچكىنىمىز، يې-
ڭى، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا جۈر-
ئەت قىلغىنىمىز تۈزۈك ھەم ھەقلىقىمىز.
ئۆمۈر قىسقا، ياشلىق تېخىمۇ قىسقا» دې-
مەكچى بولدۇم. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە
بىلىنەر-بىلىنمەس ئەكس ئېتىپ تۇرغان
ھەسرەت، تېڭىرقاش، ئۆتمۈشكە بولغان
تارتىنىش ۋە يەنە قانداقتۇ بىر خىل ھېس-
سىياتلار مېنى ئېغىز ئاچۇرمىدى.

(«چولپان» مەجمۇئەسىنىڭ 1987 - يىللىق، 4 - سانىدىن ئېلىندى).

مۇھەممەت خېۋىر

# ئىككى شېئىر

## كۆلكە قەسىدىسى

ئاق چېچەك ئېچىلىپتۇ ئاندا-ساندا،
قاپقارا چاچلىرىمغا زىننەت بېرىپ.
قارايدۇ ماراپ-ماراپ بويۇن سوزۇپ،
ھەيران ئۇ چىرايىمدا كۆلكە كۆرۈپ.

ئەلۋەتتە يىللار سالغان يالدامىمۇ
جاي تاپتى مەڭگۈلۈككە يۈزلىرىمدىن.
تېپىش تەس لېكىن يىللار بەلگىسىنى
نۇرلىرى چولپان سۈپەت كۆزلىرىمدىن.

كۆپ يىللىق كەچمىشىمنىڭ بەلگىلىرى
بىلىنەر ئېشەنچ تولغان سۆزلىرىمدىن.
يا كۆلكە، يا يىغىغا تاپتىم سەۋەب
ئۆتمۈشتىن — بېسىپ ئۆتكەن ئىزلىرىمدىن.

چېھرىمدىن ئۆتكەن يىللار ئىزناسىنى،
شۇنداقلا كۆرۈسلەر، قارىساڭلار.
شاد كۆلكەم ھامان شۇنداق جاراڭلايدۇ،
شادلىقنى سېزىسىلەر، ئاڭلىساڭلار.

بەزىلەر دەيدۇ ماڭا چاقچاق قىلىپ:
«ياشلىقنىڭ لەززىتىنى سۈرۈۋەردىڭ.
قاچانقى ئادەم ئىدىڭ، ھازىرغىچە
ياشلىقنىڭ كۆلكىسىنى كۆلمۈەردىڭ؟

تۇۋلىساڭ بولارمىكىن پەدە يۈتكەپ،
ئۇتتۇرا ياشلىقىڭنىڭ نەغمىسىنى.
قېرىتىپ قويما يەنە يىللارنىمۇ،
كۆزەتكىن ئەڭتۈشلارنىڭ ھەممىسىنى.»

دوستلىرىم، راست دەيسىلەر، راست
دەيسىلەر،
ئالدىمدىن يىللار ئۆتتى تالاي-تالاي
ۋە لېكىن يۈزلىرىمدە كۆلكە قالدى،
كۆلكىدىن ئاجرالمىدى مۇشۇ چىراي.

خىلمۇخىل قىسمەتلىرىم پەيدا بولدى،
چېھرىمدە ئاچچىق كۆلكە، سوغۇق كۆلكە.
رەزىللىك يايسا رەزگى قانىتىنى،
كۆلكەممۇ نەپرىتىمدىن ئالدى ئۇلگە.

خۇشامەت تەخسىسىنى كۆتۈرمىدىم،
چىرايغا زورلىمىدىم ساختا كۆلكە.
بۆرىدىن قورقۇپ، توشقان قورقۇتمىدىم،
قالمىدى شۇڭا ھېچ چاغ داغدا كۆلكە.

لەۋلىرىم قىيناقلاردا ئۇمچەيمەيدى،
ھەيرەتتە قالدى يۇرتۇم بوۋايلىرى.
پەرۋايىم پەلەك پىتى كۈلىۋەردىم،
ئەلەمدە بوزۇلدى ياۋ چىرايلىرى.

ئەقىدەم، ئارزۇلىرىم، مېھنەتلىرىم
قىرائىلىق پەيتىمگە ماس بولسا مەيلى.
قىيىلىق ئىزلىمەكلار يۈزلىرىمدىن،
قەلبىمنى مەپتۇن قىلار تېخى لەيلى.

نېمىشقا كۈلكە ياغماس لەۋلىرىمدىن،
ئۈممىدلەر تەبەسسۇمغا دەۋەت قىلسا.
نە ئۈچۈن ياشلىقىمدىن ۋاز كېچەي مەن،
ئارزۇلار ياشارغىن دەپ تەلەپ قىلسا؟

كۈلكىلەر مېنى ھەرگىز قىيىنىتمايدۇ،
ئومۇستۇر بىچارىچە بوزلاشلىرىم.
ۋاقىتسىز قىيىنىتىمۇ قويار مېنى
ئۆزۈمنى قىيىنىلىقتا زورلاشلىرىم.

بىر قېتىم كۈلىۋالسا، دەپ ھەممىشە،
تەر تۆكۈپ تولا چاغلار ئاۋارىمەن.
كۈلكە ئۇ زامانەمنىڭ ئىستەكلىرى،
يىغىدىن، قايغۇ - دەردتىن بىزارىمەن.

كۈلكىلەر مېنى ھەرگىز قىيىنىتمايدۇ،
قارىسام ئەجەلگىمۇ گۈلۈپ دەيمەن.
دوستلىرىم، قاھ - قاھ ئۇرۇپ كۈلۈڭلارچۇ،
يۈرىمىسە ھېچكىم روھسىز بولۇپ دەيمەن!

## ئىچىمدە بۇرۇختۇم بولمايدۇ سادا

تىلسىزلىق، بىلىمسەن، ئېغىر دەرد - ئەلەم،
سۆزلىمدىم بەھۇزۇر، تەۋرەتتىم قەلەم.
سايىسى ئۇخشىماس سۆزلەرنىڭ بىراق،
بولسىمۇ سۆزدىن گۈلدەستىلەر تىزغۇم،
ئىككەنمەن پاساھەت بېغىدىن يىراق.

لېكىن تىنچ قويمىدى قايناق بىر ھەۋەس،
قەلەملەر بەيگىدە چېپىشتى بەس - بەس.
ئىقبال قىز يۈزىدىن قايرىدى پەردە،
بوۋايلار بىرىنشتى دۇئاسىنى، بەس،
ئارزۇيۇم — ۋەتەننى تولدۇرۇش زەرگە.

ئارزۇيۇم ئەجەبمۇ يۇكسەك ۋە تىنىق،
نەزمەمنىڭ رىتىمى جاراڭلار ئېنىق.
رىتىمداش بوپ تۇرمۇش رىتىملىرىغا،
ئارزۇنىڭ رەڭگىنى سىڭدۇرۇپ قېنىق،
ياندىشتىم يۇرۇشنىڭ ئېقىنلىرىغا.

يۈرىكىم تېپچەكلەپ سوقار شوخ - ئەركىن،
ياڭراتتىم كۈي، قوشاق جاراڭلىق، تەمكىن.
يۈرەكىمنىڭ كۈيىمنى — ھايات كۈيىمنى،
دۈدۈقلاپ يوشۇرۇپ تۇرمىدىم غەمكىن،
دىلىمدىن پارلىغان چولپان نۇرىنى.

دۇنيادىن پىيەھرى، تۇتۇق ئۆتكۈم يوق،
قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك يېنىپ — ئۆچكۈم
يوق.
چولپان بوپ چاقنىغۇم كېلىدۇ ئەبەت،
ئۇنتۇمسىز قوم - بارخان بولۇپ كۆچكۈم يوق،
كۆرسەتكۈم كېلىدۇ چوققىدەك قامەت.

ھەيۋەتلىك كەلكۈندەك تاشقۇم كېلىدۇ،
پېسىلغان سىرلارنى ئاچقۇم كېلىدۇ.
سىرنى بىر ئۆزۈملا بىلگۈم يوق، ئەمما
ئىلھامدىن چاچقۇلار چاچقۇم كېلىدۇ،
ۋە لېكىن يازغۇم يوق تۇتۇق مۇئەمما.

قىممىتى ھەر قاچان بىزگە ئايانمۇ،
(تۇرغىنى بىلەنمۇ قىممىتى كەمغۇ،)
بوستانغا يەتمەسە سۈيى بۇلاقنىڭ.
ئۆي ئىچى ئوخشاشلا بولار قاراڭغۇ،
ئۆزىدىن ئاشمىسا نۇرى چىراغنىڭ.

بىر سىرلىق تېپىشماق خۇددى بۇ دۇنيا،
بار ئۇندا شۇنچە كۆپ چىگىش مۇئەمما.
نە قىلاي تېخىمۇ گۇڭگالاشتۇرۇپ؟
ئۇ گويا كاتتا سۇ ئاققان بىر دەريا،
نە قىلاي ئۇنىڭدا دۇغلۇق ئاشۇرۇپ؟

ۋارقىراپ سۆزلىگۈم كېلىدۇ قىۋەت،
يۈرىكىم «سۆزلە!» دەپ قىلغاندا دەۋەت.
نەزمە بوپ تىزىلىپ چىقتى سۆزلىرىم،
ئالدىمدا نۇر بىلەن سىزىلغان سۈرەت،
قامىشار يورۇققا تەشنا كۆزلىرىم.

تىلىمدا جاراڭلىق جارى كۈي - نىدا،
خەيرىيەت گاچا قىپ قويماپتۇ خۇدا.
سۆزلەشكە ئىختىيار بولغاندا جەزىم،
ئىچىمدە بۇرۇختۇم بولمايدۇ سادا،
شۈكرىمۇ توسقۇنسىز ئوقۇيمەن نەزىم.

ھەممىنى راستىنلا كۈلدۈرەلىسەم،
دىللارغا تاڭ نۇرى كۆچۈرەلىسەم،
نەزمەمدىن ئاداققى مەقسەت ھەل ئىدى.
نېمىشقا تۈگىمەس ناخشاڭ، دېمىگىن،
ئەزەلدىن ناخشىغا مېھرىم سەل ئىدى!

ھارارەت كەتمەيدۇ مەڭگۈ سۆزۈمدىن،
كۈيلىرىم رەڭ ئالدى كۈندىن، كۆزۈمدىن،
رىتىمى يۈرىكىم ئۇرۇشلىرىدىن.
مەزمۇنى ئەجدادنىڭ باسقان ئىزىدىن،
سانىنى بىل يۇلتۇز كۈلۈشلىرىدىن.

(«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى).

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرى بىزدىن ئىجادىيەتچىلەرنىڭ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش، روھىغا ئىلھام بېرىشنى ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىدا «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىزدىنىش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە جەريانىدا خىلمۇخىل ئۇسلۇبلار بىلەن نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى نورمال ھادىسە. دادىللىق بىلەن ئىزدەنمەي، تۈرلۈك سىناق نەتىجىلىرىنى سېلىشتۇرماي ۋە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، ئىجادىيەت ئىشلىرىنى جانلاندۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا بىر تۈركۈم ياش ئاپتورلارنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن «تۇتۇق شېئىر»لار دەپ ئاتىلىۋاتقان شېئىرلىرى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىككى پارچە ماقالىنى ئېلان قىلدۇق. بۇ ماقالىلار بىزنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ماقالىلاردىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار بىزنىڭ بۇ شېئىرلار توغرىسىدا ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىز بۇندىن كېيىنمۇ شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بۇ خىل مۇھاكىمىگە ئائىت ماقالىلارنى ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

— تەھرىردىن.

باتۇر روزى

## «تۇتۇق شېئىر»لار توغرىسىدىكى قاراشلىرىم

يېقىندا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات فاكۇلتېتىدىكى ساۋاقداشىم يالقۇن جۇمەدىن ئون نەچچە تۈرلۈك سوئال تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ سوئاللاردا شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەن بۇ ماقالامدا ئاشۇ سوئاللارغا قارىتا يۈزەكى بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولداشلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇنىمەن.

1 - سوئال: سىز يېقىندىن بۇيان شەكلى يېڭى، مەزمۇنى ئۆزگىچە بولغان شېئىر-لارنى يېزىۋاتىسىز. بۇ شېئىرلار كىتابخانلاردا ھەرخىل ئىنكاسلارنى قوزغىماقتا. بۇ خىل شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىش زۆرۈرىيىتى نېمە؟

جاۋاب: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىتابخانلار بىلەن شېئىرىيەت ئوتتۇرىسىدا كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە يىراقلىشىش پەيدا بولدى. شېئىرىيەت سۇبيېكتىپ ماھىيەتنى يوقىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئىجادىي ئىقتىدارىنى كەمسىتىدىغان چاكىنا ۋە يالغان ھېسسىيات بىلەن تولۇپ تاشتى. ئەجەلگە يۈز تۇتقان بۇ خىل شېئىرىيەت تەبىئىي ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋى ئىقتىدارىنى كۈيلەيدىغان، ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتتىن ھالقىپ كېتىدىغان ئىجادىي ئىقتىدارىنى مۇقىملاشتۇرۇدىغان ياكى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن شېئىرىيەتتىكى ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرۈدىغان يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىش زۆرۈرىيىتىنى بەلگىلىدى.

2 - سوئال: بۇ شېئىرلار ئەنئەنىۋى شېئىرلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايسىز؟

جاۋاب: كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىجابىي ئەنئەنە ۋە دوراشتىن ئىبارەت سەلبىي ئەنئەنە بار. مېنىڭچە، ھازىرقى شېئىرىيىتىمىز ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئىجابىي ئەنئەنىسى بىلەن ئىجادىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك.

3 سوئال: بەزىلەر بۇ شېئىرلارنى «ئەنئەنىمىزنى بۇزغانلىق»، «خەلقچىللىققا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىك»، «خېلى مەشھۇر شائىرلارمۇ چۈشىنەلمەيدۇ، كىتابخانلار قانداق چۈشەنسۇن؟»، «كىشىلەرنىڭ سەۋىيە رېئاللىقىغا كۆز يۇمغانلىق»، «چۈشەنمىگەن نەرسىدىن قانداقمۇ زوق ئېلىش مۇمكىن؟»، «تۇراق، قاپىيە بولمىغان نەرسىنى قانداقمۇ شېئىر دېگىلى بولسۇن؟»، «بۇلار پوچىلىق قىلىپ، پېشقەدەملەرگە پوت ئېتىۋاتىدۇ»، «بۇ شېئىر ئەمەس، تېپىشماق»، «شېئىرىيىتىمىزنى بۇزۇپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتىدۇ، بۇ چەتئەل ئەمەس، شىنجاڭ!»، «بۇ شېئىرلاردىن ئەنئەنىۋى شېئىرلاردەك ئېستېتىك زوق ئېلىش مۇمكىن ئەمەس»، «بۇ شېئىرلارنى يېزىش ئاسان» دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلارغا قانداق چۈشەنچە بېرىسىز؟

جاۋاب: ئەنئەنە ئالدى بىلەن تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ھەرىكەتتىن ئايرىلالمايدۇ، ئەگەر ھەرىكەتتىن توختىسا ئۆلىدۇ. رۇس پەيلاسوپى گېرتسىن: «تارىخ پەقەت بىرلا پارتىيىگە — ھەرىكەت ئۈستىدىكى پارتىيىگە مەنسۇپ» دېگەنىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەنئەنە ھەرىكەتتىكى، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەنئەنە بولسا، ئۇنى تارىخ قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ قېتىپ قالغان ئەنئەنە بولسا، ئۇنى چۆرۈپ تاشلىۋەتمەي بولمايدۇ. قېنى، «ئەنئەنىنى بۇزدى» دېگۈچىلەر جاۋاب بېرىپ باقسۇن: غارلاردا ياشىغۇچى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن ئېنگېلس «كۆركەم ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئىلاھىي مۇقەددەسلىكنىڭ ئىپادىسى» دەپ ماختىغان ئىسلام بىناكارلىقىنى ئىجاد قىلىش مۇمكىنمۇ؟ رىۋايەتتىكى ئادەم ئاتا ئاللا تەرىپىدىن تېكىلگەن پەيغەمبەرلەر ئەنئەنىسىنى بۇ-

زوپ، جەننەت مېۋىسىنى يەپ قويۇپ، يەر يۈزىگە ھەيدەلمىگەن بولسا، بۈگۈنكى ئىن-
سانىيەت ۋە ئۇنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى نەدىن كېلەتتى؟ ياشلار ئۆزىنىڭ يېڭى ئەنئە-
نىسىنى كونا ئەنئەنىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ھوقۇقلۇق. يېڭى ئەنئەنىگە قارشى
چىققۇچىلار تارىخنى ھەرىكەتتىن توختىتىشتىن ئىبارەت ئاللا (ئەگەر بار بولسا) نىڭمۇ
قولىدىن كەلمەيدىغان ئەخمىقانە ئىشقا تۇتۇش قىلغۇچىلار. قېنى، ئۇلاردىن يەنە سو-
راپ باقايلى: بىزنىڭ بۇزغىنىمىز ھەرىكەتنىڭ مۇتلەق ئەنئەنىسىمۇ ياكى جەمجىتلىقنىڭ
نىسپىي ئەنئەنىسىمۇ؟ ھەقىقىي ئەنئەنىنى بۇزغانلار كىملەر؟ تارىخنىڭ تەرەققىيات
ئەنئەنىسىگە ھەقلىق يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا باشقىلارنىڭ ئۆكتە قوپماسلىقىنى ئۈ-
مىد قىلىمەن. خەلقچىللىق مەسىلىسىگە كەلسەك، شائىرنىڭ قەلبى باي بىر دۇنيا. ئۇ-
نىڭدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ساقىندىسى، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى —
سىياسەت، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، قانۇن ۋە ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ تەسىرى،
ئەينى دەۋردىكى خەلق ئېڭىنىڭ ئىنكاسى بولىدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋى
دۇنياسىنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلەشكە كىرىشەلىسىلا، خەلقچىللىق مەسىلىسى ئۆز - ئۆ-
زىدىن ھەل بولىدۇ. بۇرۇنقى شېئىرىيەت خەلقچىللىققا ئەھمىيەت بېرەلمىگەچكە، كى-
تابخانلار تەرىپىدىن تاشلىنىپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاپتورلىرىمىز يالغان ۋە ئۇيدۇر-
ما ھېسسىياتنى بازارغا سالغان، سۇبيېكتىپ مەنىۋى دۇنياسىنى سادىقلىق بىلەن ئەكس
ئەتتۈرەلمىگەن، ھەتتا ئۇنى تاشقى ئالەمنىڭ پارچە - پۇرات تەسىراتلىرى ساقلىنىدىغان
كېرەكسىز ئامبار، دەپ قارىغان، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتىكى تەڭ-
داشسىز رولىنى كۆرەلمىگەن. بۇ، ماھىيەتتە، شېئىرىيەتتە ئادەم (يەنى خەلق) نى يوق-
قۇرۇپ قويغانلىق ئىدى. مەدەنىيەت مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجاد قىلىش دېمەكتۇر.
ئىنسان ئەركىن ۋە ئىجادىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ ماھىيەت-
ئارقىلىق ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ھېچكىم ھايۋانلارنى مەدەنىيەتلىك دېمەيدۇ.
ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋى ئىقتىدارىنى كۆرەلمەسلىك، بۇرۇنقى شېئىرىيىتىمىز يو-
لۇققان ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك.

بەدىئىي زوقنىڭ شەكىللىنىش جەريانى تاماق يېيىش، ۋىنو ئىچىشكە ئوخشىمايدى-
غان، ھېسسىيات ھېسسىيات بىلەن يېقىنلىشىدىغان مۇرەككەپ جەريان: ئۇ، كىتابخان-
لاردىنمۇ ئىزلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شېئىردىكى يېڭى ھېسسىيات كىتابخانلاردىنمۇ يېڭى
ھېسسىياتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ يېڭى ئاڭ، يېڭى ھېسسىيات كىتابخاندا شەكىللەنمىسە،
شېئىرىيەت ئۇلارغا زوق بېرىشكە ئامالسىز. بۇ خۇددى ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ مۇڭدى-
شالمىغىنىدەك بىر ئىش. بىزدە ئۆز قەلبىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپالماي تەمتىرەپ يۈرگەن
شائىرلار ئازمۇ؟! ئۇلار شېئىرلىرىمىزنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى، ئۆزلىرىنى بىر چۈشىنىپ
باقسۇن! «تۇراق، قاپىيە بولمىغان نەرسىنى قانداقمۇ شېئىر دېگىلى بولسۇن؟» دېگۇ-
چىلەردىن ئادەت كۈچىنى يېڭىشنى تەلەپ قىلىمىز. شېئىر قەغەزگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى
ئاپتورنىڭ ئىڭىدا يېزىلىپ بولغان بولىدۇ. بۇ ماددىلاشمىغان شېئىرنىڭ رىتىم، قاپىيە،

تۇراقلىرىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدا مۇزىكىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ھېسسىيات رىتىمى (ياكى ئىچكى رىتىم) لا مەۋجۇت. بۇ شېئىر ماددىي ھالەتكە كېلىش ئۈچۈن ئاپتوردىن ئۆزىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىر روھ شېئىرىيەتتىن ئۆزىگە ئەركىنلىك بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك دەرىجىسىگە چەك قويۇش قانداق ئادالەتسىزلىك بولسا، تۇراق، قاپىيىلەر ئارقىلىق ۋۇجۇدىمىزدىكى ئەركىنلىك تەلەپ قىلىۋاتقان شېئىرىيەتلىك دۇنيانى چىتلاپ قويۇشمۇ شۇنداق ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. شېئىرىيەتتىكى ئىنسانلاشقان ھېسسىيات تۇراق، قاپىيىگە بويسۇنامدۇ؟ ياكى تۇراق، قاپىيىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىككىلەمچى سالاھىيىتىنى ساقلاپ، شېئىردىي ھېسسىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلامدۇ؟ مېنىڭچە، شېئىرىيەتنىڭ تاشقى رىتىمىدىن قول ئۈزۈپ، ھېسسىيات تەلقىنىدىن تۈزۈلگەن ئىچكى رىتىمنى تېپىۋالىدىغان دەۋر ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى. «بۇ شېئىر ئەمەس، تېپىشماق» دېگۈچىلەرگە ھازىرقى شېئىرلىرىمىزنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەسكەرتىپ قوياي: ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك، ئۇنىڭدا نۇرغۇن بوشلۇق، ئۈزۈكلۈك، ئارىلىقلار مەۋجۇت. بۇنى ھازىر «لىروس بوشلۇقى» دەپمۇ ئاتىشىۋاتىدۇ. ئۆز تەسەۋۋۇرىغا سادىق بولغان ئاپتور ئەلۋەتتە بۇ بوشلۇقنى شېئىرىيەتكىمۇ ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈدىغان كىتابخانلار بولسا، بۇ بوشلۇقتا ئىنسانىيەتنى ئويغا سالىدىغان، گېزى كەلسە، چۆچۈتۈپ قويىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىشارىتىنى سەزمەي قالمايدۇ. بۇرۇنقى شېئىرلاردا بۇ بوشلۇق يوشۇرۇنۇپ قالغاچقا، شېئىرلار كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويدى. شېئىرلىرىمىزنى تېپىشماق دېگۈچىلەر شېئىرلاردىكى مۇشۇ بوشلۇقنى غىل - پال ھېس قىلىۋاتقان بولسا كېرەك. تەرەققىيات نۇقتىئىينەزەرى بىلەن قارىغاندا، بىز كىتابخاننى كەمسىتمەسلىكىمىز، ئۇلارنىڭمۇ ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە كۆز يۇممasلىقىمىز كېرەك، ھازىر ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئىخچاملاپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان پەيت كېلىپ قالدى. شۇڭا شېئىرىيەتنىڭ ئىخچاملىقىنى خاتا ھالدا تېپىشماق دەپ قارىماسلىقىمىز، يېڭى - يېڭى مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتورنىڭمۇ شېئىردىي تىلنى يېڭى - يېڭى مەنىلەر بىلەن بېيىتىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك.

«شېئىرىيىتىمىزنى بۇزۇپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتىدۇ، بۇ چەتئەل ئەمەس، شىنجاڭ!» دېگۈچىلەرنىڭ ساۋاتسىزلىقىغا بەكمۇ ئېچىنىمەن. ئەسلى ئادەمنى ۋاسىتە ياكى قول ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان شېئىرىيەت بۇزۇلغان شېئىرىيەت، ئادەمنى مەقسەت ۋە ئەندىز قىلغان شېئىرىيەت ئەلۋەتتە تۈزەلگەن شېئىرىيەت بولۇشى كېرەك. مەيلى شىنجاڭ، مەيلى چەتئەل بولسۇن، ھەممىلا يەردە ئۇلۇغ ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ياشاۋاتىدۇ. ھازىر شېئىرلىرىمىز شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىپىسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، ياش ئاپتورلارنى ئويغا سېلىۋاتىدۇ. «بۇنداق شېئىرلارنى يازماق ئاسان» دېگۈچىلەرنىڭ غەيرىتىگە بارىكاللا! ئەگەر شېئىرىيەت چاقچاق بىلەن پۈتىدىغان ھۆ-

ئەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق. شېئىرىيەتنى ھاقارەتلەشكە خاسىيەتلىك شارابنىڭ كەيپچىلىكىدە ئالجىغان شېئىرىيەت ئىلاھىي لىروسىنىڭمۇ ھەققى بولمىسا كېرەك.

4 - سوئال: پېشقەدەملەردىن: «پۈتۈن ئىجادىيىتىمىزنى ئىنكار قىلىۋېتىپ بارىدۇ، ئۆزلىرى ئۇچۇن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقىمىزنى كۆرمەدى» دەپ رەنجىۋاتقانلار بار، بۇ توغرىمۇ؟

جاۋاب: بىز پەقەت پېشقەدەملەردىن ئېشىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلىۋاتىمىز. پېشقەدەملەرمۇ بىزنىڭ ئۆزلىرىدىن ئېشىپ كېتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت تارىخىمىزنى ئۇلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، ئۇلارغا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. ئۇلار بىلەن ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنى قەتئىي ساقلايمىز، بىراق بىز ئۇلارنى دورىمايمىز.

5 - سوئال: كىشىلەر بۇ شېئىرلارنى ھەرخىل ئېقىملارغا تەۋە، دەپ ئاتىشىۋاتىدۇ، راستىمۇ؟

جاۋاب: بۇ شېئىرلار ھېچقانداق ئەدەبىي ئېقىمغا تەۋە ئەمەس. بىز ھەرقانداق چاكىنا ئېقىملارغا قارشى. ئېقىم، ئۇسلۇب دېگەنلەرنى پەقەت يۈرەكلا يارىتىدۇ. باشقا ئېقىملارنى دوراش ئىجادىيەت سانالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى بەزى ئارتۇقچىلىقلارنىلا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. پەقەت ئىجادىيەت تۇسىغە كىرەلىگەن تالانتلا ئەدەبىيات-سەنئەتكە ھەققىي جاۋابكار بولالايدۇ.

6 - سوئال: سىزنىڭچە، شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى كىتابخان سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغان تۈزۈكمۇ ياكى كىتابخان شائىر سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلۈشى كېرەكمۇ؟ پىكىرنى ئوچۇق بەرگەن تۈزۈكمۇ ياكى يېپىق بەرگەن تۈزۈكمۇ؟

جاۋاب: بۇ ھەقتە لېنىن ئاللىقاچان: «شائىر كىتابخان سەۋىيىسىگە چۈشۈشى كېرەكمۇ ياكى كىتابخان شائىر سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلۈشى كېرەكمۇ؟ جەزمەن كىتابخاننى شائىر سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىپ بولغان. شېئىرىيەتتە ئەلۋەتتە ھېسسىياتنىڭ ماددىيلىشىش دەرىجىسىنى چەكلەپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا پىكىرنى ئىلاج بار ئوچۇق بەرگەن تۈزۈك. بىراق تەسەۋۋۇر، ھېسسىيات دېگەنلەرنىڭ ئۆزىلا بىر ئاز تۇتۇق نەرسە. ئۇنى سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەندە، شېئىرىيەت تۇتۇقلۇقتىن خالىي بولالمايدۇ. لېكىن زورمۇ-زور تۇتۇق قىلىۋېتىشكىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك. بۇ ھەقتە ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە ئېستېتىكى روبىن كىئورگى كوللىڭۋۇد: «بەدىئىي تىلنىڭ كىتابخانغا ئاڭلىتالايدىغىنى پەقەتلا بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى. ئەدەبىياتتىكى ئومۇمىي خىيالىي تەجرىبىلەر ھەر بىر كىتابخانىنىڭ ئۆز ئېڭىدا تاماملىنىدۇ» دەپ دىل، توغرا ئېيتقانىدى. شۇڭا كىتابخانلارنىڭ شېئىرلىرىمىزنى «تۇتۇق» دەپ ئاتىماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمەن. كىتابخان بەدىئىي زوقىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان خېلى زور بىر قىسمىنى ھەرگىزمۇ ئاپتورلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىكى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئاپتورلارنىڭ ھېسسىياتى شېئىرىيەت سەھنىسىدە قايتا كىرىزىسقا ئۇچرايدۇ.

7 - سوئال: بۇ شېئىرلار ئەنئەنىۋى شېئىرلارغا قارىغاندا، قانداق ئەۋزەللىككە ئىگە؟

جاۋاب: نېمىس شائىرى گېيوتى: «ھەممە ساغلام تىرىشچانلىق بىلەن ئىچكى ئالەمدىن تاشقى ئالەمگە بۇرۇلۇش كېرەك» دېگەنىدى. مېنىڭچە، ھازىر شېئىرلىرىمىز ئىچكى ئالەمدىن تاشقى ئالەمگە دادىل بۇرۇلۇش ياساپ، تاشقى ئالەم ئارقىلىق ئىچكى ئالەمنى ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ خىلمۇخىل ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزلىنىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى شېئىرلاردەك تاشقى ئالەمگە ساختا ھېسسىياتنى چاپلاپلا ئىپادىلەش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئەكسىچە ئىچكى ئالەمنى ھەقلىق يوسۇندا شېئىرىيەتنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. شېئىرىيەتتىكى ئادەمنىڭ ۋاستە ئورنىغا چۈشۈپ قالغان پاسسىپ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ مۇقەددەسلىك ۋە ئەندازىلىق ئورنىنى قايتىدىن مۇقىملاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. شېئىرىيەتكە ياراشمايدىغان چاكىنا تېمىلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋى دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ساپ شېئىرىيەتلىك ئامىللارنى بايقاشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئىنسانىيەت تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە تەمشىلىۋاتىدۇ. شېئىرىيەتتىكى ئاڭنى ئىنسانىيەت تېررىتورىيىسىگىچە كېڭەيگەن ئىجتىمائىي ئاڭ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋى دۇنياسىغا سادىق بولغان ئاساستا ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىشتىراك قىلىدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزلەۋاتىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ سۇبيېكتىپ روھىي دۇنيانى تەتقىق قىلىدىغان مۇستەقىل ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى پەند - نەسىھەت ۋە پەلسەپىۋى ئىبارىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىپ چىقىرىۋاتىدۇ. شېئىرىي مەزمۇننى شەكىل ئەركىنلىكى بىلەن تەمىن ئېتىۋاتىدۇ. شېئىرىي تىلدا ئىسلاھات دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ دەۋرنىڭ كەينىدە سۆرۈلۈپ يۈرىدىغان پاسسىپ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى دەۋرنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان، ئىنسان تەسەۋۋۇرىنى جەلپ قىلالايدىغان، ئىنساننىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكىدىن بىشارەت بېرەلەيدىغان، ئىنسانغا ئۇنىڭ دەۋردىن، تارىختىن ۋە ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان سۇبيېكتىپ مەنىۋى ئىقتىدارىنى تونۇتالايدىغان ئاكتىپ ئىجتىمائىي ئورۇنغا تاپشۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ چەكلەنگەن رايونلىرىغا دادىل ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش تېخنىكىسىنى، تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە جۈرئەت قىلىۋاتىدۇ. شېئىرىي شەكىلنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتنى دەپسەندە قىلىشىغا خاتىمە بېرىپ، مەزمۇننىڭ شەكىلنى ۋاستە قىلىدىغان بىرلەمچى ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇۋاتىدۇ. شېئىرىيەتتە ئوبراز ھېسسىياتقا، رېئاللىق تەسەۋۋۇرغا، تاشقى رىتىم ئىچكى رىتىمغا، نۇتۇق شېئىرىي تىلغا ئورۇن بېرىۋاتىدۇ.

8 - سوئال: بۇ شېئىرلارنىڭ چاچما شېئىرلاردىن قايسى جەھەتلەردە پەرقلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

جاۋاب: بۇ شېئىرلارنى چاچما شېئىرلار بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس.

چاچما شېئىر شېئىر شەكلىگە قاراپ ئېيتىلغان. ئەمما بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزدا شېئىرىي مەزمۇندىكى ئۆزگىرىش كۆپرەك. شېئىر ھېسسىيات ئىزچىللىقىغا ئىگە بولۇشى، تەسەۋۋۇر بىلەن ئوبراز ئورگانىك ھالدا بىرلەشكەن بولۇشى، ھېسسىيات بىلەن تەسەۋۋۇر شۇنداقلا شېئىرىي مەزمۇن بىلەن شېئىرىي شەكىل تەبىئىي بىرلىك ھاسىل قىلىشى، مىسرالار يوشۇرۇن مەنتىقىي بىرلىكنى ساقلىغان ئاساستا ئىچكى رىتىمدىن داجىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بىز يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە قەتئىي ئەھمىيەت بېرىمىز.

9-سوئال: بۇ شېئىرلار ئاپتورلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ يامان ئىنكاسلارنى بارغانسېرى كۆپەيتمەكتە. سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: ھازىر شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئىجاد قىلغۇچىلىرى ئاز، ئەمما خېرىدارى كۆپ. نۇرغۇن ياش ئاپتورلار قارا-قويۇق دوراپلا يېزىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا نە مەنتىقىدىن، نە ھېسسىيات ئىزچىللىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. دوراмچىلىق ئەنئەنىسىگە قارشى تۇرۇپ مەيدانغا كەلگەن شېئىرىيەت ئاقىمىدا يەنە شۇ دوراмچىلار ئۇچۇن ناھەق قۇربان بەرمەسلىكى كېرەك. ئۇسلۇبىنى پەقەت يۈرەك يارىتىدۇ، ھەرقانداق ئاپتور پەقەت ئۆزىنىلا دورىسۇن، ئۆز تەسىراتى ۋە تەسەۋۋۇرىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى يوقاتمىسۇن، بىزدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلىشىر ناۋايىلاردەك ئۆزىگە ئوخشىيالىغان شائىرلار تولىمۇ ئاز. بىز بىر قىسىم ئاپتورلاردىن باشقىلارنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلماسلىقىنى، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا ئوخشايدىغان شائىر بولۇشنى، باشقىلارنىڭ تەسىراتىغا ۋە قەلىمىگە تاجاۋۇز قىلماسلىقنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. يېڭى شېئىرلارنى يازغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مەيدانغا كەلگەن ناچار ئىنكاسلارنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ بولسا كېرەك.

10-سوئال: بەزىلەر بۇ شېئىرلاردا ھايات مەنتىقىسىگە مۇخالىپ بولغان ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ، بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

جاۋاب: ھايات مەنتىقىسىدىن سۆز ئاچقانلار ئەمەلىيەتتە ھاياتنى چۈشىنەلمىدىغاندۇ؟ ئەمەلىيەتتە رېئاللىق ئاسانلا بىراۋنىڭ مەنتىقىسىگە ياكى تەسەۋۋۇرىغا سىغىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ تولىمۇ مۇرەككەپ. مەدەنىيەت ساھەسىدىكى يېڭى ئىزلىنىشلەر ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتنى چۈشىنىش دەرىجىسىنىڭ تېخى ئىپتىدائىي ھالەتتە ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەرمەكتە. شېئىرىيەتتىكى بولسا، تېخى تەسەۋۋۇرىمىزدىكى رېئاللىق. ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە تەئەللۇق بولغان نەرسىلەرنى بۈگۈنىنىڭ ياكى تۈنۈگۈنىنىڭ مەنتىقىسىگە سېلىپ يۈرۈش ئورۇنسىز. ئالدى بىلەن ئۇلارمۇ كەلگۈسىدىكى ھاياتنىڭ مەنتىقىسى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشسۇن.

11-سوئال: ئوتتۇرا پىكىردىكىلەر: «ئۇمۇ بولسۇن، بۇمۇ بولسۇن، ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە» دېيىشمەكتە. ئۇلارنىڭ قارىشى توغرىمۇ؟

جاۋاب: بەلكىم توغرىدۇ. ئۇلارنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرۈشكە دەۋەت قىلىمىز. لېنىن ئېيتقاندەك: «ھەق-ناھەق كۆرىشىدە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ۋىجدانسىزلىقنىڭ ئالامىتى». ئاشۇنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېڭىپ بولماس ئاپەت.

12 - سوئال: بەزى ياش ئاپتورلار «چۈشىنەلمەدۇق» دېگۈچىلەرگە: «بىز هازىرقى دەۋر ئۈچۈن يازمايمىز، كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن يازىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشىۋاتىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ ئورتاق قارىشىڭلارمۇ- قانداق؟

جاۋاب: بۇ بىزنىڭ ئورتاق قارىشىمىزمۇ-يوق، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قارىغاندا، شېئىرىيەت زامان جەھەتتىن كەلگۈسىگە تەئەللۇق. ئەمما «بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن يازمايمىز» دېگۈچىلەرنىڭ ئۆزى بۈگۈنكى ئادەملەر. شېئىر ئاپتورنىڭ قولىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كىتابخانىنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىدۇ. قايسى دەۋردىكى قايسى كىتابخان هوزۇرلانسا، شېئىر شۇنىڭ بولىدۇ. ئاپتور ھېسسىياتىنى بۈگۈنكىلەرگە ساتامدۇ، كەلگۈسىدىكىلەرگىمۇ، ئۇلاردا تىجارەت كىنىشكىسى بولمىغاچقا، بۇنى بەلگىلىيەلمەيدۇ.

13 - سوئال: سىلەر بۇ شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغاندىن بۇيان ئاز بولمىغان توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراۋاتىسىلەر. سىز بۇ توغرىلىق قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسىز؟

جاۋاب: يېڭى شەيئىلەرنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى نورمال هادىسە، سەۋەب يېڭى شەيئىدە بولسا، ئۇنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىمىز. ئەگەر توسقۇنلۇققا تاشقى سەۋەب بولسا، نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئولتۇرۇشمۇ هاجەتسىز، تارىخ مەنىستەمەي كېتىۋېرىدۇ.

14-سوئال: بۇ شېئىرلارنىڭ ئىستىقبالى بارمۇ-يوق، قانداق ئىشەنچىڭىز بار؟

جاۋاب: ئەگەر تالانت نامراتلىقى قىيناپ قويمىسىلا چوقۇم ئىستىقبالى بار.

15-سوئال: بەزىلەر بۇ شېئىرلارنى «يىغلاڭغۇ، چۈشكۈن شېئىرلار» دەپ ئاتىشىۋاتىدۇ، بۇ توغرىمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە بىر ئادەمنى مەقسەت ۋە ئەندىز قىلغان ئىكەنمىز، ئادەمدىكى تراگېدىيىلىك خۇسۇسىيەتمۇ شېئىرىيەتتىن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بىراق يىغلاڭغۇ ۋە چۈشكۈن ئاپتورلاردا شېئىرىيەتكە لايىق تەسەۋۋۇر بولۇشى ناتايىن. بىز شېئىرىيەتتە ئادەمنى ئازاد قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىمىز. شۇڭا بۇ ئاتاق ئادەمنى سۇبيېكتىپ مەنىۋى ئىقتىدارىدىن ئايرىپ قاراپ، پاسسىپ ۋاستىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بۇرۇنقى شېئىرىيەتكە ياراشسا كېرەك.

16-سوئال: بەزىلەر بۇ شېئىرلارنىڭ تىلى لوگىكىغا ئۇيغۇن ئەمەس دەۋاتىدۇ، سىزچە قانداق؟

جاۋاب: بىز شېئىرىيەتتە ھېسسىيات چىنلىقىنى، ھېسسىيات مەنتىقىسىنى ئېتىراپ قىلىمىز. شەكىل مەلۇم مەزمۇننىڭ شەكلى بولغىنىدەك، مەزمۇنمۇ مەلۇم شەكىلنىڭ مەزمۇنى. شېئىردىي تىل ئىپادە قىلغان ھېسسىيات ھېسسىيات مەنتىقىسىگە چۈشىسىلا شۇ شېئىرنىڭ مەنتىقىگە چۈشكىنى. ماركس: «تىلمۇ بىر تۈرلۈك ئەمەلىي، رېئال ئاڭدىن ئىبارەت» دېگەنىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىردىكى ھېسسىيات ماددىيلاشقان ياكى رېئاللىققا ئايلانغان ھېسسىيات بولۇپ سانىلىدۇ. ئەگەر شېئىرىي تىل مەنتىقىگە چۈشمىسە، شېئىرىي ھېسسىياتمۇ قەغەز يۈزىدىكى رېئاللىققا ئايلىنالمايدۇ.

ئىبراھىم ئىزاقى

## شېئىر ۋە بەزى «شېئىر»لار توغرىسىدا

«شېئىر مارجان ئەمەس يىپقا تىزىپ قويسا تۇرىۋېرىدىغان، ياكى ئەزان ئەمەس قۇلاقنى تۇتۇپ ئېيتسا بولۇۋېرىدىغان، ياكى ماتا ئەمەس دۇكان قۇرۇپ توقۇسا چىقىۋېرىدىغان. شېئىر يۇلتۇز ئەمەس كېچىسى پارقىراپ كۆرۈنگەن بىلەن نە ئىسسىقى، نە يورۇقى تەگمەيدىغان...»

(ئا.ت. ئۆتكۈر)

شېئىر — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ توپ شەكلى، شېئىر — سەنئەتنىڭ گۈل تاجىسى، شېئىر — نادانلىق گۈمبىزىگە تۇنجى چىراغ ياققۇچى ئىلاھ، شېئىر — بىخۇتلۇق گۆرىگە تۇنجى قېتىم قويۇلغان ئوت، شېئىر — جاھىللىق قورغانلىرىنى ئەڭ بۇرۇن تىترەتكەن بومبا.

شېئىر — ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يۈرەك سۆزى ۋە قەلب ناخشىسى، شېئىر — تىلسىز — زۇۋانسىز نازۇك سەزگۈلەرگە گۈزەل تىل، يارقىن ئوبراز، ساغلام ئاڭ ئاتا قىلىدىغان مەنىۋى پائالىيەت، شېئىر — رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى باي بەدىئىي تەسەۋۋۇر، قايناق لىرىك ھېسسىيات ياردىمى بىلەن ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئەدەبىي شەكىل...

سەنئەتكارلار قولى بىلەن يارىتىلغان، گۈزەللىكنىڭ شاھى بولغان شېئىر ئىخچام، نەپىس، قاپىيىلىك، رىتىملىق، ۋەزىنلىك، ئاھاڭدار، مۇزىكىلىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

بىز يازما ئەدەبىيات تارىخىمىزغا، جۈملىدىن، شېئىرىيەت شەجەرىمىزگە ئەقلىي كۆزىمىز بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۈيۈك مۇتەپەككۇر، دانىشمەن شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن، رىتىملىق ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ل. مۇتەللىپلەرگىچە ئۆتكەن شېئىرىيەت ئاسمىنىمىزدىكى نۇرلۇق چولپانلىرىمىزنىڭ ئۆز ئىجادىيەت ئەمەلىيەتلىرى ئارقىلىق شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، شېئىرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي، تەربىيىۋى ۋە ئېستېتىك رولىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

شېئىرىيەت قامۇسىمىزنىڭ يېقىنقى ۋە بۈگۈنكى سەھىپىلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، نۇرغۇنلىغان شائىرلىرىمىزنىڭ كلاسسىكلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئۇسلۇب، ئىلغار ئىجادىيەت مېتودى ۋە ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا ئۆزلىرىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىپ، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولغان نۇرغۇنلىغان شېئىرىي گۆھەرلەرنى ئەدەبىيات خەزىنىمىزگە تەقدىم قىلغانلىقىنى ئىپتىخارلىق بىلەن كۆرىمىز.

پەن-مەدەنىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتمۇ گۈللەپ ياشنىماقتا، جۈملىدىن، مىللىي شېئىرىيىتىمىز شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلماقتا.

لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرمەي بولمايدۇكى، شېئىرىيەت ساھەمىزدە توساتتىنلا يېڭى بىر ئېقىم پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنداق «پارتلاش»نى نورمال ھادىسە ھېسابلاپ، چۆچۈپ كەتمىسەكمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا جىددىي قاراشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

بۇ ئېقىمنى ياراتقۇچىلار تومۇرلىرىدا ساپ قانلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان، ھېسسىيات دەريالىرى داۋالغۇپ، دولقۇنلاپ، ئىلھام قۇشلىرى قەلب ئاسمانلىرىدا پەرۋاز قىلىپ تۇرىدىغان ئوت يۈرەك ياشلاردۇر.

بۇ ئېقىمنى ھىمايە قىلغۇچىلار يېڭى شەيئىلەرنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان، يېڭىلىققا تېز ئىنتىلىدىغان، مەنىۋى دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان سەبىي كىتابخان ۋە گۆدەك ھەۋەسكارلاردۇر.

بۇ ئېقىمنى نەزەرىيە جەھەتتىن قوللاپ، ئىلمىي نۇقتىسىدىن ھىمايە قىلىپ، ئىجادىيەت پرىنسىپى ۋە تەرەققىيات نۇقتىسىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتقانلار، بۇ ئېقىمنىڭ ياراتقۇچىلىرىغا ئاغزاكى ۋە مەتبۇئات ئارقىلىق ئاشكارا ئىلھام بېرىۋاتقانلار ناھايىتى ئاز ساندىكى ياش ئوبزورچىلاردۇر.

بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ گېزىت-ژۇرنال سەھىپىلىرىنى ئىگىلىشىگە يول قويۇۋاتقانلار ھەم ئۇلارنىڭ بۇنداق بۈيۈك سەھنىلەردە غەلىتە كومېدىيە ئويناشلىرىغا سۈكۈت قىلىۋاتقانلار، بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ باللارچە ئەركىنلىكلىرىنى كەڭ قورساق، ئېغىر-بېسىق ئاتىلارچە كۆتۈرۈۋاتقانلار ھەقىقىي نامسىز قەھرىمان-تەجرىبىلىك مۇھەررىرلەردۇر.

بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى «شېئىر قانچە مەۋھۇم بولسا ۋە غەلىتە يېزىلسا، مەزمۇنى قانچىكى تۇتۇق، چۈشىنىكسىز بولسا، بەدىئىي قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ» دەپ قاراشماقتا، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرى يازغان «شېئىر»نى ئۆزلىرى تەپسىلىي ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەسلىكنىمۇ «بىر خىل ماھارەت» دەپ ھېسابلاشماقتا. ئۇلار «سىلەر كىم ئۈچۈن يېزىۋاتىسىلەر؟» دېگەن سوئالغا پەخىرلەنگەن ھالدا: «بىز كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن يېزىۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشمەكتە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يازغانلىرىغا «مىكرو شېئىر» دەپمۇ ئىسىم قويۇشماقتا.

ئۇلارنىڭ يېزىۋاتقىنى زادى نېمە؟ بۇ ماقالىدا نۇقتىلىق ھالدا مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، شېئىرىيەت نەزەرىيەسى شېئىرىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا مەيدانغا كېلىدۇ، بېيىيدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. يېڭى شېئىرىيەت نەزەرىيەسى كونا شېئىرىيەت نەزەرىيەسى زېمىنىدا تۆرىلىدۇ. يېڭى شېئىرىيەت ئەمەلىيىتىمۇ كونا شېئىرىيەت ئەمەلىيىتى تۇپرىقىدا تۇغۇلىدۇ، بولۇپمۇ شېئىرىيەت نەزەرىيەسى ئىجادىيىتىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ يېڭىلىنىدۇ. بىر-بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان، بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان بۇنداق ئامىللار ۋە زىددىيەتلەر بىرگە شېئىرىيەت ئەمەلىيىتى ۋە نەزەرىيەسىدە تاسادىپىيلىق بولمايدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شۇنى ئېيتماي بولمايدۇكى، سۈپىتى تۆۋەن، ناچار شېئىرلار دەۋر سىنىقىدىن ئۆتەلمەي، ئۆز ئاپتورىدىن بۇرۇن ئۆلگەندەك، كەڭ خەلق ئاممىسى قوبۇل قىلالمايدىغان بەزى شېئىرىيەت نەزەرىيىلىرى (مەيدانغا كەلگەن تەقدىردە) مۇ ئاسانلا ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۇنتۇلىدۇ.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، نۆۋەتتىكى بۇ بىر قىسىم «شېئىر»لارنى ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن ھەرگىزمۇ ئىزاھلاپ، چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، بۇ بىر قىسىم «شېئىر»لارنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىي بارلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلارمۇ تېخى يوق.

ئىككىنچىدىن، بۇ بىر قىسىم «شېئىر» لارنىڭ تارىخىي مەنبەسى يوق. ئەدەبىياتنىڭ گۈل تاجىسى بولغان شېئىر خەلق قوشاقلىرىدىن تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكىدەك تاكامۇللاشقۇچە شەكىل، تۈر، مەزمۇن جەھەتلەردە بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، تېيىزلىقتىن تېرەنلىككە، تارلىقتىن كەڭلىككە ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ جەرياندا ئىدىيىۋى مەزمۇن، ئۇسلۇب، مېتود، ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىن بۆسۈش بولسىمۇ، لېكىن تاسادىپىي پارتلاش، قالايمىقان سەكرەش بولمىدى، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

بۇ يەردە شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئاجايىپ مۆجىزىلەر مۇھىتىغا كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە بىرمۇ ئاڭلىق كىشى ئەمدى كونا ئەنئەنىلەرگە جاھىللىق بىلەن يېپىشىۋېلىشنى خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر كونا ئەنئەنىلەرنى مۇقەددەس ھېسابلاش ئىستىبدات، ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، ئېتىقاد قىلىش توغرا دەپ قارالسا ھەم شۇنداق قىلىش ھېلىسىمۇ زۆرۈر دېيىلسە، ئىنسانىيەت ئالىمى ھازىرمۇ ئەلمىساقتىكى قالاق ھالىتىدە تۇرۇۋەرگەن بولاتتى، شۇڭا كونا ئەنئەنىلەرگە تەنقىدىي كۆز بىلەن قاراپ، ئىسلاھات روھى بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، قەدەمنى دەۋر رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇش، بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيانىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن ئىسلاھات «ھەممىنى ئىنكار قىلىش»، «ھەممىنى تاشلىۋېتىش» دېگەنلىك ئەمەس.

ئىسلاھات شېئىرىي ئىجادىيەتكە مول تۇرمۇش ماتېرىيالى ۋە تېما ھازىرلاپ بېرىپ، ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ مىللىي شېئىرىيىتىمىزدىكى كەلگۈسىدىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدىغان مىللىي شەكىل، ئۇسلۇب، مېتودلار-

لى ئىنكار قىلىنىۋەتمەيدۇ.

ئايانكى، بىزنىڭ مىللىي شېئىرىيىتىمىزدە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلاش ۋە قايتا ئىجاد قىلىش ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىزچىللىق مۇساپىسىدە مەلۇم بوشلۇق پەيدا بولۇۋاتىدۇ. ۋارىسلىق قىلىنغاندىلا، ئاندىن يېڭىلىغىلى بولاتتىغۇ؟ يېڭىلاشتىن مەقسەتمۇ ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟

ۋەھالەنكى، بۇ بىر قىسىم «شېئىر»لارنى ھەرقانچە تەتقىق قىلىپمۇ كلاسسىكلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىنغانلىقىنى، قانداق مېتودتا يېڭىلانغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بۇ بىر قىسىم «شېئىر»لارنى ۋەزىنلىك شېئىر دېيىشكە ھەرگىزمۇ تىلىمىز بارمايدۇ. چاچما شېئىرمىكىن دېسەك، چاچما شېئىردىمۇ بەلگىلىك تۇراق، رېتىم، قاپىيە بولۇشتىن تاشقىرى ئاھاڭدارلىقمۇ بار. تۇراقلىق ئىبارىمىكىن دېسەك، ئۇنىڭمۇ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى بىر-بىرىگە ھەملاشقان، بىر-بىرىنى تولۇقلىغان بولىدۇ، تۇراقلىق ئىبارىلەردە تولۇق ئوي پىكىر ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. بۇ «شېئىر»لارنى «شېئىرىي ھېكمەت»مىكىن دېسەك، بىرسى يۈزلەپ ئىزاھات تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بىر قىسىم «شېئىر»لار تېپىشماققا ئوخشىسىمۇ، لېكىن تېپىشماقنىڭ ئۆزى ئەمەس، چۈنكى ھەرقانداق قىيىن تېپىشماقنىڭمۇ جاۋابى تېپىلىدۇ.

شېئىرىيەت، ئەڭ ئاۋۋال، تىل سەنئىتى. شۇڭا شېئىرنىڭ تىلى ئېنىق، توغرا، جانلىق، ئوبرازلىق، رەڭدار، مۇزىكىلىق، يېقىملىق، ئىخچام، مەزمۇنلۇق بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەپسۇسكى، ھېلىقى «شېئىر»لاردىن بۇنداق سۈپەتلەرنىڭ بىرسىمۇ تېپىلمايدۇ.

بۇ شېئىرلارنى لىرىك ياكى ئېپىك دەپ ئايرىشمۇ قىيىن. لىرىزم بىلەن ئېپىزم ئامىللىرى قانداق مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى بىلگىلىمۇ بولمايدۇ.

بىز بۇنداق «شېئىر»لارنى قانچە قېتىم ئوقۇمايلى، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيمىز، ھېچبىر نەرسىگە ئىگە بولالمايمىز. ئۇلارنىڭ نېمىنى پاش قىلىپ، نېمىنى تەنقىد قىلغانلىقىنى، نېمىنى مەدھىيىلەپ، نېمىنى كۆككە كۆتۈرگەنلىكى نائېنىق. بۇ بىر قىسىم شېئىرلارنىڭ قايسى ئىجادىيەت مېتودىنى (گۇمانىزمىنىمۇ، رېئالىزمىنىمۇ، رومانتىزمىنىمۇ، تەنقىدىي رېئالىزمىنىمۇ) قوللىنىش ئارقىلىق يېزىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنداق «شېئىر»لارنىڭ بىرەرسىمۇ ھازىرغىچىلىك بىرەر مەۋھۇم نەرسە ياكى ھادىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بېرەلمىدى، قانچە ئوقۇساق، شۇنچە گاڭگىراپ قالىمىز. كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرى قانداقمۇ ئېستېتىك زوق بېرەلىسۇن؟! بۇ بىر قىسىم «شېئىر»لاردا يا جەمئىيەتنىڭ ئېنىق تىنىقى يوق، يا دەۋرنىڭ پۇرىقى يوق.

نۆۋەتتە كەلگەندە ئېيتماي بولمايدۇكى، شېئىرىي ئىجادىيىتىمىزدىكى شەكىلۋازلىق، قېلىپۋازلىق، تەقلىدچىلىك، دورامچىلىق ئىللەتلىرى جىددىي تەنقىد قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىتابخانلار شائىرلىرىمىزنى ئۆز تىلى، ئۆز ئاھاڭى، ئۆز مۇددىئاسى بار بۇلبۇل بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

بىز بۈگۈنكى شائىرلىرىمىزدىن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىشنى، ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ، خاھىشى قارىماققا تۇتۇق، لېكىن ماھىيىتىگە چوڭقۇر پىكىر يوشۇرۇنغان، قايتا-قايتا تەپەككۇر قىلغاندىلا، ئاندىن ھەزىم قىلغىلى بولىدىغان، چۈشەنگەنسېرى كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالالايدىغان «تۇتۇق» شېئىرلارنى يېزىشىنىمۇ تەلەپ قىلىمىز.

ھالبۇكى، بىزنىڭ بەزى ياش ھەۋەسكارلىرىمىز «تۇتۇق» دېگەن سۆزنىڭ لېكسىكىلىق ۋە ئىستېمال مەنىلىرىنى تولۇق چۈشەنمەيلا، ئاجايىپ-غارايىپ «تۇتۇق شېئىر»لارنى يېزىشماقتا. ئۇلار لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ پىكىر قىلىۋاتامدۇ ياكى ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ پىكىر قىلىۋاتامدۇ ۋە ياكى لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن پىكىر قىلىۋاتامدۇ، بۇنى بىلمەك قىيىن. بەلكىم، ئۇلار: «بىزنىڭ يازغانلىرىمىز سەنئەت لوگىكىسىغا چۈشىدۇ» دېيىشلىرى مۇمكىن. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ھەرقايسى پەنلەر ھەرگىز بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. سەنئەت لوگىكىسى بىلەن فورمال لوگىكا قىسمەنلىكتىن ئالغاندا، نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىيلىقتىن قارىغاندا، بىر گەۋدە، بىر تەندۇر.

ئاپتورلار ئوخشاش شەيئى، ھادىسىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، ئوخشاش بولمىغان شېئىرىي پىكىرلەرگە ئىگە بولالايدۇ. بۇنداق شېئىرىي پىكىرلەرگە شائىرغا خاس كۆزىتىش ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. سەن پۈتۈنلەي باشقىچە ئويلىغان، چۈشەنگەن بىر مەسىلە سېنىڭ ئويلىغىنىڭ، ھەرىكىتىڭ ۋە خاھىشىڭنىڭ تەتۈرىسىچە نەتىجە بېرىشى مۇمكىن، ھەتتا سېنىڭ توغرا دەپ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىڭ ئىنكار قىلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ بىرلا يەردە، ئۇ بولسىمۇ، سېنىڭ خاھىشىڭنىڭ، تۇيغۇ-ھېسسىياتىڭنىڭ، ئېتىقادىڭنىڭ، تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتىگە ئويغۇن كەلمىگەنلىكىدە. بىز تەنقىدلەۋاتقان «تۇتۇق شېئىر»لارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى گۈزەللىكنىلا كۆرۈپ، قىسمەن خۇنۈكلۈكنى كۆرمەسلىك، نادانلىقنىڭ ئالامىتى. شۇڭلاشقا سەنئەت ساھەسىدىكى خۇنۈكلۈكنى كۆرگۈچىلەر ئۇنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە پاش قىلىشقا تامامەن ھەقلىق.

شېئىرىيەت ساھەمىزدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە خۇنۈك «مەنىۋى مەھسۇلات»لارنىڭ بىرى يولداش ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىللىق سىناق ساندا ئېلان قىلىنغان «خائىن تاغلار» ناملىق «شېئىر»ىدۇر.

ئاپتور ئۆزى تاللىۋالغان تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشتە شەيئىلەر ئىچىدىن تاغنى ئوبيېكت قىلغان ھەم تاغنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى بىر پەلسەپىۋى پىكىرنى يورۇقلۇققا چىقارماقچى بولغانۇ، لېكىن بۇ مەقسەتكە يېتەلمىگەن.

بۇ «شېئىر»نىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىلەردىنلا ئىبارەت:

«قېنى...

مېنىڭ...

«ئەكس...

سادايىم...»

بىز ئالدى بىلەن بۇ «شېئىر» نىڭ شەكلىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ «شېئىر» تۆت سۆزدىن تەركىب تاپقان ئۈندەشمان بىر ئاددىي سوئال جۈملىدىنلا ئىبارەت.

ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى، ئىگە ئاساسەن جۈملىنىڭ بېشىدا، خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىسىدا كېلىدۇ. لېكىن شېئىرىيەت بۇنىڭغا بويسۇنمايدۇ. شېئىرلاردا تۇراق، ۋەزىن، قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورنى مىسرالاردا خالىغانچە ئالماشتۇرۇلىدۇ، شۇنداقتىمۇ مىسرالار ۋە كۇپلېتلار گراماتىكىلىق قائىدە-قانۇنىيەتلەردىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا ھالدا تۈزۈلمەيدۇ. بىر ئاددىي جۈملىنى خالىغانچە ئۈزۈپلا ئايرىم-ئايرىم قۇرلارغا تىزىپ قويغىلى بولمايدۇ.

ئالايلۇق، يۇقىرىدىكى «شېئىر» نى نەسرىي جۈملە قىلىپ يازساق، «قېنى مېنىڭ ئەكس سادايىم؟!» بولىدۇ. بۇ جۈملە ئەسلىدە «مېنىڭ ئەكس سادايىم قېنى؟!» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. گراماتىكىلىق قائىدە-قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئاددىي جۈملىنى تۆت قۇرغا ئايرىپ يېزىشقا ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. شېئىرىيەت نۇقتىسىدىن ئايرىپ يېزىشقا بولىدۇ دېيىلگەندىمۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەر بىرى مەنە جەھەتتىن بىر مىسرانىڭ رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. «ئەكس سادا» سۆزىنى ئايرىپ ئىككى قۇرغا يېزىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى «ئەكس سادا» تۆت بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بىرلا بىرىكمە سۆزدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىدە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىش ئورۇنلىرى ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئالايلۇق، يېزىقتا كۆپ چېكىت (...) (1) ئاپتور سۆزىنىڭ قالدۇرۇلغان قىسمىنى ۋە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئۈزۈندىنىڭ قالدۇرۇلغان قىسمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلىدۇ؛ (2) سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدىكى تەكرارلىنىش، توختىلىش ۋە دۇدۇقلاشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلىدۇ؛ (3) دىئالوگلاردا جاۋابسىز قالدۇرۇلغان ئورۇنلار كۆپ چېكىت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئاپتور بۇ «شېئىر»دا ھەر بىر سۆزنى بىر قۇرغا يازغانىنىڭ ئۈستىگە كۆپ چېكىتنى نامۇۋاپىق ئورۇنلارغا قويۇۋەرگەن. بىلىش لازىمكى، ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئۇرغۇسى ئاخىرقى بوغۇمغا چۈشكەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرىسىغا كۆپ چېكىت كېلىۋەرمەيدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر ئاددىي جۈملىنى شەكىل ئېتىبارى بىلەن «شېئىر» دېيەلمەيمىز. دەررۇ ئوقۇماققا بۇ «شېئىر» نىڭ قات-قېتىغا يېڭى بىر شېئىرىي پىكىر يوشۇرۇنغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئاپتور تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تاللاپ، ئۇنى تەبىئەت دۇنياسىغا كۆچۈرۈپ، ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ، جەمئىيەتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەندەك تۇيۇلىدۇ. كىتابخانىلار تولاراق مۇشۇنداق نۇقتىلاردا ئالدىنىپ قالىدۇ. مۇجمەل، چۈشىنىكسىز شەيئى، ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا خاتا تۇيغۇ-ھېسسىيات

پەيدا قىلىپ، خاتا ئىنكاس قوزغىغاندەك، ئەنە شۇنداق تېپىشماقسىمان، خاھىشى تۇتۇق «شېئىر»لار كىتابخانلاردا ناتوغرا تەسىرات پەيدا قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ سىرلىق، مۇرەككەپلىكى بىلەن كىتابخانلارنى بىر مەزگىل ھەيران قالدۇرىدۇ.

بىز ھايۋاناتلارنى، ئۇچار قۇشلارنى، ھاشاراتلارنى ئادەملەشتۈرگەندە ياكى ئۇلارنى ئادەم ئورنىدا سۆزلەتكەندە، ئاشۇ تىلسىزلار بىلەن ئوبيېكتىپ ئادەمنىڭ پسىخىكىسى، تۇرمۇش ئادىتى، فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ياشاش لوگىكىسىنىڭ بىردەك بولۇشىنى نەزەردە تۇتىمىز. بولۇپمۇ شەيئى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ھاياتقا، تۇرمۇشقا، جەمئىيەتكە، دەۋرگە يۆتكىگەندە، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ بىز تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكت بىلەن ماھىيەتلىك باغلىنىشىنىڭ بار-يوقلۇقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايمىز، لېكىن ئاپتور بۇ مۇھىم نۇقتىلارغا دىققەت قىلمىغان. ئاپتور بۇ «شېئىر» دا بىرەر ئاددىي تېمىنىڭ مەنزىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شېئىرىي مۇھىت يارىتىپ، ئەنە شۇ شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە ساغلام بولغان شېئىرىي پىكىرنى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن.

بىز ئاپتورنىڭ قەلبىنى مۇنداقلا چۈشەنسەك، ئۇ: «ھەي تاغ، مەن شۇنچە ۋارقىرىسام، نېمە ئۈچۈن ئەكس سادايىمنى قايتۇرمايسەن؟» دېمەكچى. تاغلارنى كۆرگەن، تاغلاردا يۈرگەن ئادەملەرگە مەلۇمكى، ھەر قانداق تاغ ئەكس سادا قايتۇرىدۇ. شۇڭا ئەڭ ئاكتىپ ئاۋاز قايتۇرغۇچى تاغنى شائىرانە كۆزىتىش ۋە شائىرانە تەسەۋۋۇرغا ئىگە قەلەمكەش ھەرگىزمۇ ۋاپاسىز يارغا، خىيانەتچى ئادەمگە، دىيانەتسىز شاھقا... تەقلىد قىلمايدۇ. ئاپتور «خائىن تاغلار» دەيدۇ تېخى. قاراڭلار، بۇ مەنتىقىگە! تەبىئەت دۇنياسىدىكى تاغلارنىڭ كۆپىنچىسى «خائىن» ئىكەن-دە؟! بىگۇناھ تاغلارنى ئورۇنسىز تىللاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى باركىن؟!

يۇقىرىقىلار مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. يەنە بىر تەرىپى، ئەگەر بىز بۇ «شېئىر»دا تاغ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى مەلۇم كىشىلەرگە ياكى مەلۇم خاھىشقا تەقلىد قىلىنغان دېسەك، ئۇنداقتا «مەن» نىڭ ئاۋازى تاغقا يەتكەنمۇ يوق؟ «شېئىر»دا بۇ تەرىپى ئېنىق ئەمەس. روشەنكى، ھەر قانداق تاغ ئۆز «قۇلىقى»غا يەتمىگەن ئاۋازنىڭ ئەكس سادىسىنى قايتۇرمايدۇ. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئاۋازىڭىزنىڭ يەتكەن-يەتمىگەنلىكىدە. ئاۋازىڭىز يەتمىگەن بولسا، تاغدىن نارازى بولۇشىڭىز ئورۇنسىز.

ئەگەر ئاپتور تاغنىڭ ماھىيەتلىك سەلبىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ياكى بىرەر نامەردنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى پاش قىلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسا، «خائىن تاغلار» دەپ تاغلارغا ئۇۋال قىلماي، بەلكى «ياخشىچاق تاغ» دەپ تەنقىد قىلغان بولسا ھەم ئالغا سۈرمەكچى بولغان پىكرىنى ھېلىقىدەك ئاتالمىش مىكرو شەكىلدە ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىۋى شېئىر شەكىللىرىدە ئىپادىلىگەن بولسا، شېئىرىيەت قانۇنىيىتىگە بىر ئاز ئۇيغۇن كېلەر ئىدى.

ئاپتورنىڭ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»نىڭ 1987 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «شائىرنىڭ يارىسىغا كۆمۈڭلار يەرنى» ناملىق «شېئىر» نىمۇ كۆرۈپ باقايلى. بۇ «شېئىر» پەقەت:

«كۆمۈڭلار يەرنى،
يارىسىغا شائىرنىڭ،
قويۇۋېتىڭلار،
كەتسۇن يۈرۈپ.»

دېگەنلەردىنلا ئىبارەت.

بىز بۇ «شېئىر»نىڭ شەكلى ھەم ئىپادىلەش سەنئىتى ھەققىدىكى تەنقىدىي قاراشلىرىمىزنى بىر ياققا قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ھەر قانچە كۆپ تەھلىل قىلساقمۇ، ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايمىز، ئەكسىچە زورۇقۇش ھېس قىلىمىز.

ئېيتىڭلارچۇ، بۇ «شېئىر» دا قايناق ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان ساپ لىرىزمنىڭ ئامىللىرى بارمۇ؟ شېئىرىي ئوبرازچۇ؟ شائىرنىڭ يارىسى قانداق يارىدۇ؟ ئۇنىڭ يارىسىغا كۆمۈدىغان يەرچۇ؟ ياكى مېدىتسىنا ئالىملىرى مەخسۇس مەنىۋى يارىلار (ئاپتورنىڭ نەزەرىدە، شائىرنىڭ يارىسى مەنىۋى يارا بولۇشى مۇمكىن) غا چاپلايدىغان (كۆمۈدىغان) «يەر» ئىسىملىك ياكى «يەر» ماركىلىق دورا ئىجاد قىلدىمىكىن؟!

ئاپتور «شېئىر»دا بىزگە «قويۇۋېتىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ھالبۇكى، بىز ھازىرغىچىلىك قويۇۋېتىدىغان نەرسىنى تاپالماي، ئاپتور ئالدىدا «خىجىل». ئاپتور «كەتسۇن يۈرۈپ» دەپ ئىنتوناتسىيىلىك ئىلتىماس قىلىدۇ. لېكىن بىزگە كىمنىڭ نەگە يۈرۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىش بىر تېپىشماق بولۇپ تۇرماقتا.

ئەمدى زاھىر ئابدۇراخماننىڭ «ئىلتىجا»① ناملىق چاتما «شېئىر»نىڭ بىرىنچى بۆلىكىنىلا كۆرۈپ باقايلى:

«ئوغلۇم، بار ئەجرىمنى ئاتىدىم ساڭا.»

بۇ «شېئىر» نىڭ ھەجمى بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان ئون بىر بوغۇملۇق بىرلا مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن كېيىنكى قىسىملىرىغا ئوخشىمايدۇ. بىرلا مىسرادىن تۈزۈلىدىغان ۋەزنىلىك شېئىر شەكلى ھېچقانداق مىللەتنىڭ شېئىرىيىتىدە بولمىسا كېرەك. ئەگەر بۇ شەكىل جەھەتتىن بۆسۈش ھېسابلانسا، يېقىن كەلگۈسىدە بىر سۆزلۈك، ھەتتا بىرلا بوغۇمدىن تەشكىل تاپقان «شېئىر»لارمۇ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن.

بىز مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن بۇ بىر مىسرا «شېئىر»دا سەكراتتا ياتقان دادىنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان، ئۇنىڭ يېنىدا تەپەككۇر كۆزىمىز بىلەن كۆرۈدىغان ئوغلى بار. ئاتا ئۆز ۋەسىيىتىنى بىر جۈملە سۆز بىلەنلا ئىپادىلىگەن دېسەك، ئۇنداقتا بۇ بىر

① بۇ «شېئىر» «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»نىڭ 1987 - يىللىق 1 - سانىدا، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

مىسرا ئۆزۈندە دىئالوگ بولىدۇ-دە، ئالدىغا سىزىق (—) قويۇلىدۇ. نەتىجىدە، بۇ «شېئىر» «ئېپىك شېئىر» بولۇپ چىقىدۇ. بىر مىسرادىن تۈزۈلگەن «ئېپىك شېئىر»نى قانداقمۇ بۆسۈش ئېپىلى بولسۇن؟ بىر مىسرادىن تۈزۈلگەن «ئېپىك» شېئىرغا قانداق يېڭى پىكىر سىغماقچى؟ بىز مەزكۇر «شېئىر»دىن ئادەتتىكى كونا گەپنى ئاڭلىغاندىن باشقا، ھېچقانداق بەدىئىي زوق ئالالمايمىز.

يەنە ئەخمەتجان ئوسمان، ئىلغارجان سادىقلارنىڭ «چۈشلەر»، «كۆزلىرىم»، «بۇركۈتسىز ئۇۋا» قاتارلىق «شېئىر»لىرى ۋە شۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ بىر قىسىم «شېئىر»لىرى چولتىنىڭمۇ چولتىسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇلارنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ، ژۇرنال سەھىپىسىنى زايە قىلمايمىز.

بۇنداق غەلىتە گەپ-سۆزلەرنىڭ شېئىر ھېسابىدا كۆپلەپ ئېلان قىلىنىشى، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، مەتبۇئات ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىجادىيەت ئەركىنلىكى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە سەنئەتكارلار قايسى ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ، قايسى ئۇسلۇب بىلەن نېمىنى يازمىسۇن، ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى، پۈرسەتپەرەسلىك قىلماسلىقى، ئىجادىيەتنى چاقچاققا ئايلاندۇرماسلىقى كېرەك. «بىر ئادەمنىڭ قىممىتى،— دەيدۇ ئېينىشتېين،— ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئىنسانىيەتنى كۆپرەك مەنپەئەتكە ئىگە قىلىشتا قانچىلىك رول ئوينىغانلىقىغا باغلىق.» بىز، ياش ھەۋەسكارلاردىن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ شائىرلىق بۇرچىنى بىلىشنى، ئىنسانلىق قىممىتىنى يوقىتىپ قويماسلىقىنى، كىتابخانلارنى روھىي مەھكۇملۇقتىن قۇتقۇزۇپ، گۈزەللىككە ئىنتىلدۈرىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى سەممىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمىز.

ئىلھامجان ئابلىز

## كېچە لىرىكىسى

ئاي ئۇزەر كۆكتە گويا يالغۇز قېيىقتەك بىمالال،
ئاق دالانىڭ ئاقلىقى قەلبىمنى قىلدى خوپ قامال.
تەۋرىنەر يار كۆكسىدەك كەڭرى ئېتىزدا مايسىلار،
سەزگۈلەرنى ھىدلىماقتا لەۋ يالاپ غۇر-غۇر شامال.
باغقا باقساڭ، يار لېۋىدەك قىزىرىپ پىشقان گىلاس،
لەۋلىرىڭگە سۇ يۈگۈرتۈپ، دەر: «مېنى ئاغزىڭغا سال!»
جىگدىنىڭ ياپراقلىرىدا ئىزگۈ يۇلتۇز جىلۋىسى،
بەزلەرنىڭ بويىنىدا تۇرغان كۈلۈپ زۇننار مىسال.
يالتىرار كۆزنى چېقىپ ھەرياندا ئاپئاق ئۈنچىلەر،
ئۈنچىلەرگە لەۋ يېقىپ، قىرغاقتىكى تاللار خۇشال.
باغنى قۇچقان ناخشىسى سۇچى يىگىتنىڭ بۇ كېچە،
تەلمۈرەر كۆي پەيزىدە بولغان كەيىپ ساھىبجامال.
بۇ گۈزەل ئاپئاق كېچىدە نۇرلىنىپ كۆڭلۈم بېغى،
بىر شېرىن ھېس قوينىدا يارىم سېنى قىلدىم خىيال.
بىزمۇ سىرداشقان مۇشۇنداق ئاق چېچەك گۈلگە مۆكۈپ،
جىلۋىلەنگەن شۇندا كۆزلەر ئالدىدا ئىقبال، ۋىسال...
قاپلىغان سەھرا كۆكىنى كۈلكىلەر، ياڭراق ئاھاڭ،
كۆي تاراتماقتا خۇشال، مەشرەپ قىزىپ، تەمبۇرچى چال.
ئاق كېچەتەسۋىرى قىلسا پەرىنى ئالدىمدا تەل،
دەيدۇ ئىلھام پەر قېقىپ: «شائىر قەلەمنى قولغا ئال!»
كېچىگە سۇرەت سىزىش ئىستىكىدە ئالدىم قەلەم،
ئەمما تۈنىنىڭ ئۈزلىقى شائىر تىلىنى قىلدى لال.

## گۈل قوللاردىن يارىلىدۇ گۈزەللىك

پەرىشتىمۇ يۈزلىرىمنى سىلىغان؟
قوللىرىدىن ھىدى كېلەر باھارنىڭ.
ئانام قولى تەگكىنىدە تېنىمگە
ئىللىتىدۇ دىلنى نۇرى باھارنىڭ...
بالىلىقىم جىلۋىلىنەر چۈشۈمدە،
ئانام كېلەر قوللىرىمدىن يېتىلەپ.
باشلىرىمنى سىيلىغاندا شۇ قوللار
تاتلىقىنا كۈلگەن ئىدىم ئەركىلەپ...
پەپىلەندىم، ئاشۇ قولدا چوڭ بولدۇم،
يېتەكلەندىم شۇ قوللاردا ھاياتقا.
ئۆتمەكتىمەن ھاياتىمدىن گۈل تېرىپ،
يەتمەك ئۈچۈن ئېزگۈ تىلەك - مۇرادقا.
قوللاردا بار پەرىشتىدەك بىر خىسلەت،
خىسلىتىدىن تۇرار ئالەم يارىلىپ.
يىللار كۈلەر ئەسىرلەرنى قوغلىشىپ،
شۇ قوللاردىن ھاياتقا جان تارىلىپ.

زېمىن تەۋرەر ئاشۇ قوللار كۈچىدىن،
تاغنى كۆكۈم - تالقان قىلار ئۇ، ھايھات!
نە ھاياتلىق شۇ قوللارسىز زېمىندا،
شۇ قوللاردىن ۋىسال تاپار كائىنات.
ئاھ، گۈل قوللار ھاياتىنىڭكى ئالەمنىڭ،
قولدىن تارار ئېزگۈ ھايات ھەممىتى.
ئاشۇ قوللار سىلجىتىدۇ تارىخنى،
شۇ قوللاردا ئىختىرانىڭ قىممىتى.
ئاھ، شۇ قوللار جىلۋىسىدۇر ھاياتنىڭ،
ئۇنىڭ بىلەن يېزىلىدۇ مەۋجۇدات.
ئۈچسا ئەگەر قۇياش تامان يەر شارى،
قوللار ئاڭا كۆك يارغۇچى گاڭ قانات.
تىنىم تاپماس قاداق قوللار ئىنسانىنى
ھۇزۇرىدا ئەللەي ئېتىپ مۇرادنىڭ.
چىۋەر قوللار، چەبدەس قوللار، گۈل قوللار،
سىلەر ئۆچمەس گۈزەللىكى ھاياتنىڭ.

تۇرسۇنجان ھاشىمى

## ياشلىق ھېسلىرى

### ئاھ، بۇ دەريا

ئەلمىساقتىن
ئاھ، بۇ دەريا
ئىشقىنى تۆكتى
پايانسىز چۆلگە.
ۋە لېكىن

ئاشۇ قۇملۇق چۆل
سۆيگۈسىدىن
بەرمىدى بەھىر
بىرەر تال گۈلگە.

### شىخۇ بويىدىن ئۆتكەندە

ئاچچىق شامال
چىمدىغاندا يۈزۈمنى،
ئەندىكتىم،
تىكىلىپ باقتىم چۆللەرگە.

ئاھ،
رەلجىگەنمۇ بۇندىن گۈزەللىك؟
يېشىللىقتىن يوق ھېچ بەلگە.
ياق،
گۈزەللىكنىڭ شاھىدى بولۇپ
تەۋرىنىدۇ سانسىز يۇلغۇنلار
چېچەكلىرىدىن تارقىتىپ سۆيگۈ.
چۈنكى
شۇ يۇلغۇنلار تۇۋىگە
مېنىڭ ئەجدادلىرىم كۆمۈلگەن،
چېچەكلىرىگە تارىخ بۆلەنگەن.

## گۈلچى قىز

كۆزلىرىڭدە گۈلنىڭ جىلۋىسى،
تىنىقىڭدا گۈلنىڭ پۇرىقى.
جىسمىڭمۇ گۈل، ئەقىدەڭمۇ گۈل،
قەلبىڭمۇ يا گۈلنىڭ ئۇرۇقى؟!

## ئانا

ئانا،
كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن ئۇنچە
ئېرىتىدۇ تاغلارنى، تاشنى.
زىنىقىڭدىن تۆكۈلگەن كۈلكە
ئېرىتىدۇ ھەتتا قۇياشنى!

## بەگباش بالا

باھار،
بەگباش بالا
ئىزغىتتى ئۇرۇك شېخىنى.
شۇئان
يەرگە قوندى ئاپئاق چېچەكلەر.
بالا
ھەيرانلىقتا قالدى تەمتىرەپ،
چۈنكى ئۇ ئويلىغانىدى
چېچەكتىن بۇرۇن مېۋە چۈشەر، دەپ.

## نېمە بولدى ئۇنىڭغا؟

گۈلباغ ئارا يۈرەتتۇق
شېرىن، تاتلىق سىردىشىپ.
كۆرۈپ غۇنچە - گۈللەرنى،
كەتتىڭ ماڭا چىرمىشىپ.
شۇ چاغ باغنىڭ ئىچىدىن
چىقتى ئاياغ تۇۋشى.
پەيدا بولدى ئارقىدىن
ئاپئاق ساقال بىر كىشى.

دېدىڭ كۈلۈپ نازلىنىپ:
«گۈل ئۆستۈرگەن كىمكىن؟
بەلكىم ئىشچان بىر يىگىت،
ياكى گۈزەل ئايمىكىن؟»
كەتتى شۇئان ئوت ئېلىپ
ھەيرانلىقتا يۈزلىرىڭ.
خىجىللىقنىڭ ئىلكىدە
ھەم يۇمۇلدى كۆزلىرىڭ.

مۇختەر سوپى

## شائىر

1

شائىر تىنىقلىرىدا
يىغلايدۇ ئاياز.
كۆزلىرىگە ئۇۋا سالغان
باھار قۇشلىرى،
ۋۇجۇدىدا
يۈرىدۇ چاڭقاپ
ئارزۇ- ئىستەك يوپۇرماقلىرى.

2

جۇشقۇن
ئۇيقۇسىز دۇنيا!
ئۆتۈپ كەتتى قانچە- قانچە
ئاي كۆيگەن كېچە...
تۈنەپ
تاڭ شەبنىمىدە
خىيالچان شائىر!...

3

شائىر نەپەسلىرىدە
يۈگۈرەيدۇ دۇنيا.
دۇنيا پەسىللىرىدە
ئاق يېشىل يوللار.
كۆچۈرۈۋالغان
تارىخ ئۇنى سۈرەتلىرىگە.

## ئۈرۈمچىدە ياغماقتا ئاق قار...

ئاپئاق شەھەر، ئاپئاق سەيلىگاھ،
ئاق چېچەككە پۈركەنگەن يوللار.
يىراقلاردا ياغمىغان، ئەمما
ئۈرۈمچىدە ياغماقتا ئاق قار...

ئېگىز- ئېگىز بىنالار ئارا
ئۈزۈك- ئۈزۈك ياڭرىغان ئاۋاز.
ئاسايىشلىق ئىچىدە ھۇجرا
كۆلكىلەرگە بەرمەكتە پەرۋاز.

دوقمۇشلاردىن ئاڭلىنار پات- پات،
يۈرەكلەرگە پاتمىغان سادا.
چامدىمىغا قىلماي ئېھتىيات،
قۇچاقلايدۇ ئۇنى يەر ئانا.

غۇلاچلاشقا تارلىق كوچىلار،
غېرىچلاشتىن پۈتمەيدۇ ئارمان.
ئالا- تاغىل، زەڭگەر ناخشىلار
چىڭدىماقتا ئىزلارنى ھەرئان.

كوچىلارغا كەتتىمەن سىڭىپ،
قىشمۇ ئەزىز، بىھاجەت باھار.
مەن يۈرىمەن روھىمنى يۇدۇپ،
ئۈرۈمچىدە ياغماقتا ئاق قار...

يالقۇن جۇمە

# سۈرەتكە يېزىلغان شېئىرلار

## قارىچۇقتىكى سۈرەت

كۆزۈم سۈرەتلەرنىڭ قۇربانى،
بېلىقلىرىم ئۈزەر دەريادا،
يۇتۇش ئۈچۈن رەسساملارنى.

## ناخشىدىكى سۈرەت

تۈن قوينى...
قۇچاقلىشىمدا
كۆچۈپ ئاپتۇ تىنىقلىرىمغا،
ئاھلىرىڭ...
ئۇھلىرىڭ...
ئىزدەيمەن كىرپىكىڭدىن
يېڭى چىققان قۇياش نۇرىنى.

## سەھەردىكى سۈرەت

قىبلە قىلىپ
سېنىڭ مەھەللەڭنى
ئوقۇدۇم ناماز.
سۈرە قىلىپ تاتلىق چۈشلەرنى،
ناخشىلىرىمنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ،
سوۋغا قىلسام،
قىلارسەنمۇ سوۋغا،
شامال ئارقىلىق
تاتلىق پىچىرلاشلارنى؟

سوۋغا قىلدىم
بارلىقىمنى ئاتاپ ساڭا،
كۆز قارىچۇقۇمدا دۇنيا،
جىسمىمدا ناخشا!

سەمەت ئابدۇراخمان

# ئىككى لىرىكا

## قار لىرىكىسى

ئۇرىلىدۇ ماتەم تونىغا
يېشىللىقتا تەلپۈنگەن باغلار.
كۆتۈرىدۇ ئاق داستىخاننى
ئېغىر - ئېغىر تىن ئېلىپ تاغلار.
ھالسىرايدۇ سۈكۈتتە شەھەر.

قار قاپلىغان ئورمان تىترەيدۇ
مۇز ئۈستىدە تۇرغان چۈجىدەك.
ئاپتاپ چىللاپ جىم ياتقان زېمىن
قىش ھەققىدە توقۇيدۇ چۆچەك.
قار ئاستىدا ئۇخلمايدۇ يەر.

شۈركىنىدۇ ئىزغىرىن سوغدا
مەلىلەرنىڭ تال - تېرەكلىرى.
ئۈن - تىۋىشسىز چۈشىدۇ يەرگە
شاخلاردىكى قار چېچەكلىرى.
قار ئۇچقۇنى ئويىنايدۇ لەپەر.

قار يۈزىگە چۈشۈرىدۇ داغ
كۆلەڭگىسى كۆكتە شۇڭقارنىڭ.
مورىلاردىن چىققان ئىس - تۈتەك
ئاقلىقىنى بۇلغايدۇ قارنىڭ.
كۆرۈنىدۇ گىرىمسەن ھەر يەر.

قاقىلدايدۇ قاغىلار ئەنسىز،
ئاچچىق سوغۇق ھۇۋلىغان سەھەر.
قاغىلارنى قوغلاپ باللار
قار كېچىدۇ قوچۇشقا زەپەر،
يول يۈرىدۇ ئۆپۈقا قەدەر.

## باھار يامغۇرى

كۆك ئىلاھى قەھرىلىنگەندە،
بۇلۇتلارنىڭ رەڭگى تۇتۇلدى.
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندە،
ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقماق چېقىلدى.

يىغا تۇتقان چاغدا باھارنى،
يەر ئۈستىگە ياش تۆكتى بۇلۇت.
ھەسەن - ھۈسەن ئۆزىنىڭ زارىنى
قوغلىۋەتتى پارلاپ ئۇشتۇمتۇت.

يالتىرىدى يامغۇردىن كېيىن
گۈل ياپراقلار ئۈستىدە تامچە.
گىياھلارغا كىرىپ يېڭى سىن،
گۈزەللەشتى تەبىئەت شۇنچە.

يامغۇر سۈيى سىڭگەن تۇپراقتىن
باھار ھىدى كەلدى گۈلسىمان.
گۈل ھاياتقا يانغان پىراقتىن،
باھار يىغلاپ، كۈلدى يەر - جاھان.

مۇختەر ئابدۇقادىر

# قەلب تۇيغۇلىرى

## توپتىن ئايرىلغان كەپتەر

ئايلىنىپ بىمالال ئۆز كەپىسىنى
يۈرەتتى ھاۋادا بىر توپ كەپتەرلەر.
يىپ بىلەن بوينىنى چېتىپ قويغاندەك،
ئۇچاتتى رەتلىك ھەم يېقىن شۇ قەدەر.

سېپىنى بۇزماستىن ئۇچار رېتىملىق،
ئۇلارنى قۇچاقلار مەيىن شوخ شامال.

ياپپېشىل كەڭ ئاسمان گوياكى دېڭىز،
ئۈزمەكتە قولۋاقتەك ئۇندا بىمالال.

ئايرىلىپ توپىدىن بىرسى شۇ مىنۇت،
تەنھالا يول ئالدى كۆك قەھرى تامان.
ئاچ لاچىن ئېتىلىپ كەلدى ئۇشتۇمتۇت،
ئۇ قاچتى
ۋە بىراق قالمىدى ئامان!

## ناخشاڭنى ئاڭلاپ

ئاڭلاپلا مەن سېنىڭ ياڭراق ناخشاڭنى،
ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترىدى، قىزچاق.
شوخ ناخشاڭ قەلبىمنى قىلدىغۇ قامال،
مەن قالدىم تەلمۈرۈپ، كەتتىڭ يىراقلاپ.

شوخ ناخشاڭ يەتكەنمۇ كۆكنىڭ قەرىگە،
قالدىغۇ تولۇن ئاي توختاپ جايىدا.
ئاشىقمۇ ئاي ساڭا ياكى ئايغا سەن؟
زوقلىنىپ باقسەن ئايغا گاھىدا.

تولۇن ئاي نۇرىدا يورۇسا كېچە،
دىلىمنى يورۇتتى ئاشۇ كۈي - ناخشاڭ.
ماڭىمۇ دوستۇر ئاي ھەمدە سىرداشتۇر،
بولىمىز سۆھبەتتە دائىم ھەر ئاخشام.

ئۇنتالغۇ لېنتىسى بولۇپ يۈرىكىم،
ئېپقالدى ناخشاڭنى يۈرەك قېتىغا.
ئاھ، ئەمدى قانداقچە سالغۇلۇق يۈگەن
تىپىرلاپ چاپچىغان سۆيگۈ ئېتىغا؟!

ھېسسىيات تولپارىم تۇرسىمۇ چاپچىپ،
ئالدىڭغا بېرىشقا مەندە يوق جۈرئەت!
قەلبىمدە بالقىغان ئوتلۇق سىرىمنى
قىممەتلىك بايلىقتەك ساقلايمەن ئەبەت.

پۇراقلىق گۈل كەبىي سەنئەت بېغىدا،
ئاخشاڭدىن شەربەت بەر سانسىز يۈرەككە.
كەل، ئىجاد بەيگىسىدە قوچقۇپ مۆجىزە،
يېتەيلى بىرلىكتە ئارزۇ - تىلەككە!

## قىزىرىش

ئالدىڭدا قىزارسام بولمىغىن ھەيران،
يۈرەكنىڭ تەپتىدۇر ئاشۇ قىزىرىش.
قەلبىمدە بولمىسا ئەگەردە بىر سىر،
نە ھاجەت ئالدىڭدا بۇنچە قىسىلىش؟!

## دولقۇن ۋە زېمىن

يولۋاستەك ھۆكۈرەپ دېڭىز دولقۇنى
قىرغاقتا ئۆزىنى ئۇرار تىنچىماي.
يۇتماقچى بولىدۇ تېخى زېمىننى،
قالغانىدەك بىپايان دېڭىزغا سىغماي.

ھەيۋەتلىك بولسىمۇ دولقۇننىڭ ئەپتى،
بۇ زېمىن تەۋرەپمۇ قويمايدۇ بىراق.
پۈكۈلمەس ئۇنىڭ ھېچ تەمكىن قامىتى،
كاچات يەپ تۇرسىمۇ دولقۇندىن ھەرۋاق!

ئابدۇلئەھەت سەلەي

## تەبىر بەرگەن چۈشۈمگە

بىر مۆجىزە: تونۇگۈن ئاخشام
بىر چۈش كۆردۈم، ئاڭلا، ھەي گۈزەل.
كۆزۈڭ ئىزدەپ چېھرىڭگە باقسام،
كەڭ دېڭىزنى كۆردۈم شۇ مەھەل.

چۈشتى ئاڭا شۇ ئاندا مەيلىم،
ئوينىماقچى بولدۇم مەن ئۈزۈپ.
ئېلىپ قېچىش بولغانتى پەيلىم،
مەرۋايىتلار ئۇچرىسا سۈزۈپ...

چولتوككىدە سەكرىدىم ئاڭا،
بىر ئالەمچە خۇشاللىق سەزدىم.
ئۇيقۇنلارنى قۇچاقلاپ شۇڭا،
يىراق - يىراق ساھىلنى كەزدىم.

پايانسىز ھەم چوڭقۇركەن دېڭىز،
قورقتۇم ئاڭا كېتىشتىن چۆكۈپ.
قىرغاق بويلاپ تاشلىدىم مەن ئىز،
قايناملاردىن قالدىم ھەم چۆچۈپ.

قىرىشقانىدەك قورشاۋدا قىرغاق،
كىرپىكلىرىڭ قولىدا شەمشەر.
ئارتقا ياندىم (قاچاي مەن قانداق؟)
دولقۇنلارغا ئېتىلدىم، دىلبەر!

پەرۋانىڭنىڭ يولىنى تۇتۇپ،
ئۈزۈپ يۈردۈم قايناملار ئارا.
چۆكۈشنىمۇ قالدىم ياقتۇرۇپ،
ئويغىنىپلا دېدىم مەن «تۇۋا».

كىتاب كۆرەر مۇنەججىم دانا،
باش چايقايدۇ دۇدۇقلاپ ئاخىر.
كىتابىڭدا يېزىقلىق بەلكىم،
سەن چۈشۈمگە بېرەرسەن تەبىر؟...

ئەسقەرجان ياسىن

# يۈرىكىمدىن تامغان قەتىرىلەر

## ياشانغاندا ياشلىق مۇھەببەت

بوۋاي ۋە موماي گۈللۈككە كېلىپ،
ياش چاغلىرىدا بىرگە يۈرگەن
ئورۇننى كۆرۈپ،
بىر - بىرىگە
ھاياجاندا قارىشىپ قالدى.
قەلبىدە
ئويغىنىپ ياشلىق ھېسلىرى،
بوۋاي
بىر تال گۈل ئۈزۈپ
مومىيىغا قىسىپ قويغاندا،
تۇۋا،
بىر چىرايلىق يارىشىپ قالدى.

## ئۈچرىشارمىز

ئۈچرىشارمىز بىر كۈنى ھامان،
كۈتۈپ - كۈتۈپ بولما كۆپ ھەيران.
ئۇ چاغ كۆزدىن تۆكۈلمەيدۇ ياش،
بىردە بولغاچ بىر يۈكسەك ئارمان.
بەلكىم ئايغا باقارمىز يەنە،
ئۆتكەن كۈننى ئەسلەپ ئۇلۇغلاپ.
شادلىق يېشى — ۋىسالنىڭ يېشى
كۆزىمىزدىن چىقار بۇلدۇقلاپ.

سەن ئۇ چاغدا يېقىپ لېۋىڭنى،
بەلكىم دەرسەن: «سېغىنىدىم سېنى».
ئوتلۇق بېقىپ، يېقىملىق سۆزلەپ،
مەس قىلارسەن بەلكىم سەن مېنى.
ئۈچرىشارمىز بىر كۈنى ھامان،
خىيالىمدا ھامان مۇشۇ ھال.
ھىجران دېگەن بولماس مەڭگۈگە،
ھىجران بارمۇ، باردۇر ھەم ۋىسال!

## كۆزۈم

سەن ئەگەردە ئۇچماقچى بولساڭ،
كۆزۈم بولسۇن تىنىق كۆك ئاسمان.
گەر كارابتەك ئۈزمەكچى بولساڭ،
كۆزۈم بولسۇن بىپايان ئوكيان.
سەن مۆكۈنگىن كۆزۈمگە دەرھال،
كىرپىكلىرىم چېكى يوق ئورمان.
بىلسەڭ كۆزۈم چېكى يوق دۇنيا،
چىقالماستىن بولمىغىن ھەيران.

نەبىجان مەھمۇت

# ئىككى شېئىر

## قىزنىڭ خېتى

ناخشا ئېيتساڭ مەجنۇتالغا يۆلىنىپ،
مۆڭ تۆكىدۇ گىتارىڭنىڭ تارىسى.
ئولتۇرۇمەن خىياللارغا بۆلىنىپ،
شۇنچە يېقىن ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

بىراق، دائىم تىكىلىسەن يىراققا،
يىراقتىمۇ يۈرىكىڭنىڭ پارىسى.
تاشلاپ كەتسەڭ ئىشقى ئوتى ـ پىراققا،
قاندىاق چىداي، يوقمۇ بۇنىڭ چارىسى؟

## بىر قىزغا

ئاي كۆندىشى ئاي كەبى يۈزۈڭ،
كىرپىكلىرىڭ تۆكۆلەر تال ـ تال.
ئەڭ يېقىملىق ناخشىدۇر سۆزۈڭ،
لەۋلىرىڭدىن تامار شېرىن بال.
ئوت چاقنىتىپ قاراقچى كۆزۈڭ،
ۋۇجۇدۇمنى تىترىتەر غال ـ غال.
ئادەم ئەمەس ئەزرائىل ئۆزۈڭ،
سەكراتتىمەن، جېنىمنى ئال ـ ئال!...

تۇردى ئەخەت

## چۆل ۋە دېڭىز

ياتىدۇ
لېۋىنى تامشىپ
تەشنالىقىم قانارمىكىن، دەپ
تەكلىماكان دېڭىزنى ئويلاپ.
ئەپسۇس،
دېڭىز ياتىدۇ
نۇرلىرىنى
دولقۇنلىرىغا بۆلەيمەن، دەپ
قۇياشنى ئويلاپ...

## كېچە ۋە شام

قورقىتىش ئۈچۈن شام نۇرلىرىنى
شۇنچە قارىيىپ،
قارا تونغا ئوراپ ئۆزىنى
شاۋقۇن سېلىپ تۇرىدۇ كېچە.
ئۇ،
دەھشەت سېلىپ قارايغانسېرى
شاممۇ نۇرلىنىپ،
چاراس ـ چاراس ئۈچقۇن چاچرىتىپ،
يىلىلدايدۇ تا تاڭ ئاتقۇچە...

دولقۇنجان روزى

## خىياللىرىم

مېنىڭ ئۈچقۇر خىياللىرىم ئۆرلىدى،
قالدى پەستە بۇلۇت سۆيگەن چوققىلار.
ئاي خۇشلۇقتا كۈتۈپ ئالدى نازلىنىپ،
چىرمىۋالدى ئۇنى نۇرلۇق شولىلار.
بىراق ئاينىڭ ناز، تەبەسسۇم ـــ كۈلكىسى
ئۇنى مەپتۇن قىلالمىدى شۇ مەھەل.
ئۈچـۇپ كەتتى ئاينى داغدا قالدۇرۇپ،
قاراپ قالـدى ئارقىسىدىن ئاي گۈزەل.
مېنىڭ بەڭباش خىياللىرىم ئۆرلىدى
قۇببە ئىزلەپ، كەڭ ئاسماننى ئايلىنىپ.
سامان يولى بولدى ئاڭا پاياندار،
كۈلدى قۇياش، قالدى چولپان مۆڭلىنىپ.

ئەسئەت ئەمەت

## ئاق پەرىشتەم

ئاق پەرىشتەم، ئاپئاق پەرىشتەم،
كېچە يەنە كىرىدىڭ چۈشۈمگە.
بۈندىن قانچە يىللار مۇقەددەم
كىرىپ كەلگەن كەبى قەلبىمگە.

ئېھ، ئوخشاشلا كۆرۈندى چېھرىڭ
شۈنچە ئىللىق، شۈنچىلىك ئوماق.
تولۇن ئايدەك نۇرلۇق سىياقىڭ
يالتىراپتى كۆرۈنۈپ ئاپئاق.

مەن تەلپۈندۈم قۇچاقلىرىڭغا،
سەن تۇماندەك كەتتىڭ داۋالغۇپ.
ئاھ، تەگرىمگە قىلدىم ئىلتىجا،
سېنى تىلەپ يىغلاپ - يالۋۇرۇپ.

ئاق پەرىشتەم، ئاپئاق پەرىشتەم،
چىقىپ كەتتىڭ چۈشۈمدىن ئاستا.
قانچە يىللار مۇقەددەم ئۆزۈڭ
كەتكەن كەبى كەلمەسكە ئەسلا.

### ئۇقتۇرۇش

ئىدارىمىز بۇنىڭدىن كېيىن «تاپشۇرۇۋېلىنغان خەت - چەكلەر ئۈچۈن پوچتا ھەققىنى بىر تۇتاش تاپشۇرۇش» بەلگىلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، شۇڭا تەھرىر بۆلۈمىمىزگە خەت ۋە ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ كونۋېرتقا يېتەرلىك دەرىجىدە ماركا چاپلىشىنى سورايمىز.

تەھرىر بۆلۈمى

# ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋە كىشىلىرىدىن

## قاسىمجان قەمبىرى



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، شائىر، دراماتورگ، 30-يىللاردىكى يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ جۇشقۇن ۋەكىللىرىنىڭ بىرى قاسىمجان قەمبىرى 1910-يىلى ئاتۇشنىڭ بويامەت يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باللىق چاغلىرىدىلا بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىپ، ئاتۇشتا ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئاتىسىغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، يەركەنت ۋە تاشكەنتتىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئۇ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا سەنئەت خۇمارلىقى، سازەندىچىلىك، ناخشا ئېيتىش ماھارىتى بىلەن تونۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. 30-يىللاردا ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ، 1932-يىلىنىڭ بېشىدا ئوقۇشنى تاماملاپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ، مەدەنىيەت-ئاقارتىش ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدۇ، بۇ مەزگىل جاھالەت ۋە ئىستىبداتلىقنىڭ قارا تۇمانلىرى شىنجاڭ ئاسمىنىنى قاپلىغان، خەلق ئادالەتكە، مەرىپەتكە تەشنا بولۇپ تۇرغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن ئويغانغان دېموكراتىك كۈچلەر ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان يىللار ئىدى.

قاسىمجان قەمبىرى بىر تەرەپتىن، جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنى پەن-مەرىپەت ئىگىلەشكە، ھەر مىللەت خەلقىنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاھالەت ۋە ئىستىبداتلىققا قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىشقا چاقىرسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەھەللە سەنئەت شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى تۇرمۇشى، بەختىيار ھاياتىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق خەلقنى يېڭى مەدەنىيەتكە يېتەكلىدى.

1933 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى دېموكراتىك زاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئىلىدا تۇنجى ئۇيغۇر سانائى نەفىسە (تىياتىر ئۆمىكى)نى قۇردى. قاسىمجان قەمبىرى بۇ ئۆمەك تەييارلىغان «پەرىخون»، «يالغان تېۋىپ» قاتارلىق درامىلارغا رېژىسسورلۇق قىلدى ۋە بۇ درامىلاردا ئۆزىمۇ رول ئالدى. كېيىن ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ، «زەينەپكە تۆھمەت» ناملىق درامىنى يېزىپ سەھنى-لەشتۈردى. ئارقىدىنلا «غېرىب - سەنەم» داستانىنىڭ تېكىستلىرىنى «12 مۇقام» خەلق كومپوزىتورلىرى ياراتقان ئاھاڭلارغا سېلىپ، ھازىرقى «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسى-نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە قاتناشتى ۋە ئۆزى رول ئالدى. ھەتتا ئۇ، فېئوداللىق تۇسالغۇلارنى باشلامچىلىق بىلەن بۇزۇپ، رەپىقىسى رازىيە خانىمنى شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم سەھنىگە ئېلىپ چىقتى.

قاسىمجان قەمبىرى بۇ يىللاردا «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن «پۇرسەت ساقا»، «ياشلىق چاغلىرىم»، «ۋەتەن ئىشقىدا»، «يېتىشسەم»، «چېلىندى سازىم» قاتارلىق جەڭگىۋار شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىلغار ھەرىكىتى شېڭ شىسەي ھاكىمىيە-تىنى قاتتىق بىئارام قىلغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۈرۈمچى ئىككىنچى تۈرمىگە يەتتە يىلغا يېقىن قامالدى. قاسىمجان قەمبىرى 1943 - يىلى تۈرمىدىن بوشىتىلغان بولسىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنماي، ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سانائى نەفىسەدە ياللانما خادىم، ئارتىس، رېژىسسور بولۇپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئىلى، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى دېموكراتىك ئىلغار زاتلار، ئىنـ-قىلابچىلار بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت باغلاپ، بىر تەرەپتىن، ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ باردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. شائىر 1944 - يىلى ئۈرۈمچىدە يېزىپ، 1946 - يىلى فېۋرالدا ئېلان قىلغان «ئۇنۇتماسمەن» دېگەن شېئىرىدا ئىنقىلاب، ۋەتەن ۋە مىللەتكە بولغان سادىقلىقىنى، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى.

1944 - يىلى 7 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى تۈرمىدىن چىقىپ، قاسىمجان قەمبە-رى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلىغا قايتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلىي ھازىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئىنقىلاب مەزگىلىدە قاسىمجان قەمبىرى بىر قولىغا ئەلەم، بىر قولىغا قەلەم ئېلىپ، خەلقنى دۈشمەنگە قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىشقا چاقىردى. ئۇ، بۇ يىللاردا مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە، خەلق سوتى قاتارلىق ئورۇنلاردا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيەسى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ جەنۇبىي فرونت قوماندانلىق شتابى تەركىبىدە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە خەلق قوراللىق قوزغىلاڭچىلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، ئاقسۇ كونا شەھىرىنى ئىشغال قىلىشقا قاتناشتى.

1946 - يىلى «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە قەشقەرگە مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى.

1947-يىلى 7-ئاينىڭ 21-كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى بۇزدى. بۇ چاغدا قاسىمجان قەمبىرى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىلغار ياشلار، دېموكراتىك زاتلار قاتارىدا قولغا ئېلىنىپ، 1949-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە قەشقەردىكى ھەربىي تۈرمىدە ياتتى. تۈرمىدىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىدى. مۇشۇ جەرياندا ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار كۈچلەر نەشر قىلغان «ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، گېزىتتە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى غەلىبىسىنى دادىل تەشۋىق قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن «تەشەككۇر» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ، خەلق ئازادلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى.

قاسىمجان قەمبىرى ئازادلىقتىن كېيىن، يەكەن ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ، تۆت يىل ئىشلىدى. بۇ جەرياندا كۈندىلىك خىزمەتلەردىن سىرت، يەنە يەكەننىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور كۈچ بىلەن غەمخورلۇق قىلدى، ئەمەلىي ياردەم بەردى، 12 مۇقامنى رەتلەش، لېنتىگە ئېلىش خىزمىتىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ 1954-يىلدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى. سەنئەتخۇمار قاسىمجان قەمبىرى بۇ مەزگىللەردىمۇ قەشقەردە ئەدەبىي-سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى ھەمدە «تاشۋاي» مۇزىكىلىرىنىڭ توپلىنىپ، رەتلىنىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. شېڭ شىسەي، گومىنداڭ تۈرمىلىرى، كۆپ يىللىق ئازاب-ئوقۇبەتلىك ھايات قاسىمجان قەمبىرىنى يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار قىلغانىدى. يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ بۇ جۇشقۇن ۋەكىلى شۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن 1956-يىلى 3-مارتتا، 46 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى قەشقەر قوغان رايون ھەزرەت يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ باغچىسىغا دەپنە قىلىندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: شېرىپ خۇشتار.

## ئىسمائىل ھاجى①

ئىسمائىل ھاجى (1867—1950) خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدە ئۆتكەن شائىر ۋە ماھىر خەتتات.

ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب ۋە پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشلۇقى بار، ئۇ، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلگەن ۋە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان.

شائىر ئىسمائىل ھاجى ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن. تەجەللىنىڭ «كىرائى بۇرادەر، جان بىرلە باراۋەر ئىسمائىل ھاجى جانابلىرىغا، دەردمەن دوستلىرىنىڭ سەرگۈزەشت ھېكايىسى ۋە شىكايىتى» دېگەن جۈملىنى سۆز بېشى قىلىپ يازغان بىر پارچە شېئىرىي مەكتۇبى② بۇنىڭ دەلىلىدۇر. تەجەللى ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئىسمائىل ھاجىنىڭ تەكلىپى بىلەن يۇرتى قاغىلىقتىن گۇمىنىڭ كىلىياڭ يېزىسى كۆھتام دەريا بويىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئىجادىيەت ۋە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغىنىدا، ئىسمائىل ھاجى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان.

ئىسمائىل ھاجى ئۆز ھاياتىدا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يېتىلدۈرگەن، ئۆزىنىڭ مول ۋە رەڭدار شېئىرلىرى بىلەن خەلققە تونۇلغان مەشھۇر لىرىك شائىر ئىدى. بىز ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدىن يېڭى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتى دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ، يەنى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ خاسلىقى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ئامىللىرىنى كۆرىمىز.

ئىسمائىل ھاجى ھاياتلىقىدا شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى رەتلەپ دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىققان. لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە مەرھۇم شائىرنىڭ دىۋانى بولاك-

① شائىرنىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان يولداش مۇھەممەت چاۋارنىڭ «ئىسمائىل ھاجى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

② بۇ شېئىر «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانىدا ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرى بىلەن بىللە ئېلان قىلىنغان.

## ئەھمەدى①

ئەدىب ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم 1907 - يىلى مەكىت ناھىيىسىگە قاراشلىق غازكۆل يېزىسى، لايلىق پاختىلىق كەنتى، چېكىتلىك مەھەللىسىدە ئىگەمبەردى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغاندىن كېيىن، چوڭ دادىسى خۇدابەردى ھاجىم ئۇنى قەشقەرگە ئەكىلىپ، ھېيتگاھ مەدرىسىدىكى ئابدۇغوپۇر مەخسۇمنىڭ تەربىيىسىگە بەرگەن. ئەھمەد بۇ مەدرىستە ئابدۇغوپۇر مەخسۇم ۋە جامال ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئەرەب - پارس تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن ھەمدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ھەۋەس ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ شۇ مەزگىللەردە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان نېمشەھت ئارمىيە داموللام بىلەن تونۇشۇپ، قويۇق بېرىش - كېلىش قىلغان.

ئەھمەدى 1927- يىلى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىپ، مەكىت ناھىيىسىگە قازى بولىدۇ، بىراق ئۇ قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى ئىلغار، دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، بەزى مەسىلىلەردە يەرلىك فېئودال مۇتەئەسسىپلەر بىلەن كېلىشەلمەي، ئاخىرى قازىلىقنى تاشلاپ، 1929 - يىلى يەكەنگە بارىدۇ ۋە ئارال قومباغىدىكى ئابدۇلباقى ھەزرەتكە مۇرىت بولۇپ، ئۇ باشقۇرۇۋاتقان مەدرىستە مۇددەررىسلىك قىلىشقا باشلايدۇ.

---

تالاڭغا ئۇچراپ، خېلى كۆپ قىسمى نابۇت بولغان ۋە يوقالغان. بەختكە يارىشا، قالغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە چارۋىچىلىق باشقارمىسىدا ئىشلەۋاتقان يولداش مۇھەممەت چاۋارنىڭ تىرىشچانلىقى، گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن ساقلاپ قېلىنغان. يولداش مۇھەممەت چاۋار بۇ شېئىرلاردىن 20 پارچىدىن كۆپرەكىنى نەشرگە تەييارلاپ، 1980 -، 1981 - ۋە 1986 - يىللىرى «يېڭى قاشتېشى»، «بۇلاق» قاتارلىق ژۇرنال، مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلدى.

① بۇ ماقالە يولداش ئابدۇرېھىم سابىت تەرىپىدىن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 18 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەھمەدى غەزەللىرى» نىڭ كىرىش سۆزى ئاساسىدا تەييارلاندى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر قاتارلىق بەزى چوڭ شەھەرلەردە مەيدانغا كەلگەن دېموكراتىك ئويغىنىش، مەرىپەتپەرۋەرلىك، مەدەنىي ئاقارتىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە پەننىي مەكتەپلەر تۈرلۈك شەكىللەردە ھەممە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە بارلىققا كەلگەنىدى. 1933 - يىلى ئاپرېلدىن كېيىن بۇ مەكتەپلەر ۋىلايەت، ناھىيىلەردە قۇرۇلغان مائارىپ تارماقلىرى ياكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئەھمەد قازى ئاخۇنۇممۇ بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنى پەننىي مەكتەپنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يۇرتىغا قايتتى ۋە مەكىت ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپلىقىغا ئورۇنلاشتى.

1937 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان دېموكراتىك، مەدەنىي ئويغىنىش، مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارغا قارىتا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاق تېررورلۇق ۋەزىيىتى پەيدا قىلدى. شۇ مەزگىلدە شائىر ئەھمەد قازى ئاخۇنۇمنىڭ ھاياتىغىمۇ جىددىي خەۋپ يەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ، ئۇيۇشمىدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ، يەكەن، يېڭىسار، پەيزىۋات قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى يىل سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 1939 - يىلى يۇرتى مەكىتكە قايتىپ بېرىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئوسمان ھاجىمنىڭ مەدرىسىگە ئورۇنلىشىپ، مۇددەرىسلىك قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، شېئىرلارنى يازدى ۋە چەت تىللاردىن بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى. ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 1941 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 36 يېشىدا مەكىتتە ۋاپات بولدى.

شائىر ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىلا كىرىشكەن بولۇپ، ئۆز ھاياتىدا 3800 مىسرادىن ئارتۇق غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، رۇبائىيلارنى يازغان. شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق ئىككى كىتابىنى ۋە «لوقمان ھېكىمنىڭ 100 نەسىھىتى» دېگەن ئەسەرنى نەزمى شەكىلدە، مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندىن باشقا، زەمەخشەرىنىڭ «نەۋابىغۇل كەلىم» دېگەن كىتابىنىمۇ نەزمى شەكىلدە تەرجىمە قىلغان. ئەپسۇسكى، شائىرنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم قوليازمىلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كۆيدۈرۈلۈپ تاشلانغان. پەقەت خورۇمىدا مۇقاۋىلانغان، رەتلەنمىگەن ئىككى پارچە دىۋانىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ بىرىنچىسىدە، ئاپتورنىڭ تىل ۋە خۇشخەت قائىدىلىرىگە دائىر ئىككى پارچە ئەسىرى، بىر ھېكمەتلىك سۆزى، ئالتە پارچە غەزىلى؛ ئىككىنچىسىدە، مەشرەپ، ھۇۋەيدا، خوجا ھاپىز قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئارىلاش كۆچۈرۈلگەن 91 غەزىلى، تۆت مۇخەممىسى بار.

دۇئانغا كىرگۈزۈلگەن خۇشخەت نۇسخىلىرى، خۇشخەت توغرىسىدىكى قائىدىلەر ۋە بەت ئارىلىرىغا قىستۇرما شەكلىدە بېرىلگەن رەسىمۇرەڭ گۈل سىزمىلىرىدىن ئەھمەد قازى ئاخۇنۇمنىڭ خۇشخەت ۋە رەسسامچىلىقتا ئىنتايىن قىزىقىدىغان، بۇ ساھەدە بەلگىلىك ماھارەت ئىگىلىگەن، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى خەتتات ۋە رەسساملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

دىۋان ئومۇمەن ئاپتورنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە، ئەدەب - ئەخلاققا، ئىشقى - مۇھەببەتكە بولغان تۆپكى قاراشلىرى بىلەن زامانىغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، مەزمۇنلار تاۋلانغان گۈزەل ئەدەبىي تىل، قايناق شېئىرىي ھېسسىيات، خىلمۇخىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بىر شائىرنىڭ:

«كېلىڭلار ياخشى ئوغلانلار، ئوقۇماق خۇش سەئادەتتۇر،
خۇداۋەندىم نەسىب ئەتسە ئىككى ئالەم شەرافەتتۇر.
كېچە - كۈندۈز ئەدەب بىرلە كېلىپ مەكتەپتە ئولتۇرساق،
ئەگەر بىلسەڭ بەخت - ئىقبال، سەئادەتكە ئالامەتتۇر.»

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ بىلىم ئېلىشنى، مائارىپنى ئۇلۇغ ئىش دەپ بىلىدىغان مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى كۆرەلەيمىز.

دىۋاندا يەنە ئاپتورنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتى ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلارمۇ خېلى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ شېئىرلاردا ئاپتورنىڭ يارىنى سېغىنىش تۇيغۇلىرى، يار ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇلىرى چىن ھېسسىيات ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، ئەھمەد قازى ئاخۇنۇمنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا دىنىي ئەقىدە ۋە تەرىقەتچىلىك پۇرىقى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بۇ خىل پاسسىپ ئامىللار ئاساسەن ئاپتورنىڭ دىنىي تەربىيە مۇھىتىدا ئۇزۇن مەزگىل تۇرغانلىقى ۋە ئۇ ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن.

ئومۇمەن ئالغاندا، شائىر ئەھمەدى (ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ئەسەرلىرىدە ئۆزىنى شۇنداق ئاتايدۇ) ئەسەرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر، تىل جەھەتتىن گۈزەل، ئوبرازلىق، ھېسسىيات جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنى XX ئەسىرنىڭ 20 - ، 30 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرى قاتارىدا ھېسابلاشقا بولىدۇ.

تەييارلىغۇچى: ئىمىنجان ئەخمىدى.

# ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

**چىڭغىز ئايتماتوۋ**

## ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتى

ئەدەبىيات — مېنىڭ جېنىم. ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەدەبىيات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئۇلۇغ ئەربابلار ئۆتكەن. لېكىن ھازىر كىم ئۆزىنى مۇشۇنداق دەپ ئاتىيالىدى ھەمدە كۆپچىلىك ئالدىدا مۇشۇنداق ئۇلۇغ، ھەقىقىي ئۈلگە كۆرسىتەلىدى؟ بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزلىرىنى «بىشارەتچى»، «نوپۇزلۇق مۇتەپەككۇر»، «تالانت ئىگىسى» دەپ ئاتىغان يازغۇچىلارنىڭ قايسىبىرى ئۆزىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلغان؟ بىر، پەقەت بىرلا — ئۇلارنىڭ ئىستىقباللىق كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۆزىمىزنى «ئەدەبىيات — مېنىڭ جېنىم» ياكى «بارلىقىمىزنى ئەدەبىيات ئىشلىرىغا بېغىشلىدۇق» دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز ھەمدە ئاشۇ ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ ئىجادچىلىرىغا چىن قەلبىمىزدىن ئاپىرىن ئوقۇيمىز. دۇنياغا مەشھۇر ئاشۇ ئەسەرلەر ئۇلارنىڭ پاك، مۇقەددەس نامىنى — يازغۇچى ئازمايدۇ، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدۇ، ھەر ۋاقىت زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىنمۇ قورقمايدۇ، دېگەن شان-شۆھرىتىنى ساقلاپ كەلگەن.

ئەگەر مەن مۇشۇ تېما ئۈستىدە توختىلىدىغان بولسام، ئۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: مەن بىر كەسپىي يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كىتابخانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭچە، بۇنداق قىلىش بىزدە بىر-بىرىمىزگە نىسبەتەن قىزىقىش قوزغايدۇ. بۇ يەردە مەن كۆپچىلىككە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈمەنكى، تۋاردوۋسكى: «كىتابخانلار — مېنىڭ دوستۇم ۋە ئەڭ ئالىي سوتچىم» دېگەن بىر سۆزنى ئېيتقان. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن مەندە باشقىچە بىر قاراش بار، يەنى مەن «ئەڭ ئالىي سوتچى» دىن قورقمايمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوبزورلىرىنىڭ ئادىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇلار بىلەن ئورتاق تىلغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنى خالايمەن. مەن دېگەن ئورتاق تىل ئادەتتىكى ئالاقە تىلى ئەمەس، بەلكى شېئىرىي تىل بولۇشى كېرەك. چۈنكى شېئىرىي تىل سەنئەتنىڭ ھەقىقىي ئالاھىدىلىكىنى ۋە ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. تارىختا ئۆتكەن بارلىق يازغۇچىلارغا ئوخشاش، مەنمۇ ئەدەبىياتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشتىكى رولى ۋە

ئۇرلى ئۈستىدە ئويلانماي تۇرالمايمەن. ئادەملەر: «كىم نېمىگە كۆڭۈل بۆلسە، شۇنىڭ كېيىنى كۆپ قىلىدۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان. خىلمۇخىل كىتابلارنىڭ تەقدىرىلا ئەمەس، بەلكى يازغۇچىلارنىڭ تەقدىرىمۇ كىتابخانىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە باغلىق، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىگە باغلىق، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ مەزمۇنىغا باغلىق، ئۇلارنىڭ ئەسەرگە نىسبەتەن ئالدىنئالا قويغان تەلەپلىرىگە باغلىق. يىغىپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرى ئاشۇ ئامىللارغا باغلىق، يازغۇچىلارنىڭ تەقدىرى تېخىمۇ شۇنداق.

بۈگۈنكى كۈندە، يەنى تېخنىكا ئىنقىلابى دەۋرىدە خەۋەر - ئۇچۇرلار مىسلىسىز كۆپەيمەكتە. قاتناش ۋاستىلىرى كەڭ كۆلەمدە شىددەت بىلەن تەرەققى قىلماقتا. ئەدەبىياتمۇ مۇشكۈل سىناقلارغا دۇچ كەلمەكتە. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىچە سۈپەتتى ئارقىلىق ئەخلاق ۋە گۈزەللىكنىڭ مەڭگۈلۈك، سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان، مۇقەررەر ئەھمىيىتىنى ئىسپاتلىشى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشى كېرەك. ئەدەبىيات پۈتمەس - تۈگىمەس مەنىۋى كۈچكە ئىگە، دەل مۇشۇ مەنىۋى كۈچ ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماھىيىتىنى ۋە مەزمۇنىنى بەلگىلىگەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، تېخى مۇشۇ يېقىندىلا غەربنىڭ گۇمانخورلىرى ۋە يەنە بىرنىڭ گۇمانخورلىرىمىز ئەدەبىياتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ھازىرقى دەۋر سەنئىتىنىڭ بىر خىل شەكلى، بۇنداق بولۇشى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، XX ئەسىر ئادەملىرىنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۈگۈنكى كۈندىكى مۇشۇنداق كىتابلار كەلگۈسىدە يېزىلىپ، غەلىتە ئاسارەتىقىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ۋەھاكازالار دېيىشىپ، ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلىشتى ...

بۇ خىل ئاپەتنىڭ كارتىنىسى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئالدىنئالا قويۇلدى. ئۇلار يەنە رومانلار ھالاك بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكى تۇرمۇشنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك رىتىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دېيىشمەكتە. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ يەنىلا غەربنىڭ خامخىيالىدىن ئىبارەت.

بۇنىڭ مەن بىلەن، مەندەك بىر يازغۇچى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟ ئادەمنىڭ غۇرۇرىغا، ئىززەت - ھۆرمىتىگە زىيان - زەخمەت، خورلۇق كەلتۈرۈدىغان ئىشلار قاچان، قەيەردە، قانداق ئۇسۇل، شەكىل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىكەن، ئۇ ھامان دۇنيادىكى بارلىق سەممىي ئادەملەرنىڭ، ئەڭ ئاۋۋال يازغۇچىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىماي قالمايدۇ، مېنىڭدەك — مەندەك بىر سوۋېت يازغۇچىسىنىڭمۇ غەزىپىنى قوزغىماي قالمايدۇ. چۈنكى سوتسىيالىزم شارائىتىدا بۇنداق ئەھۋاللارنى، ھەتتا ئۇ ئەرزىمەس ئەھۋال بولغان تەقدىردىمۇ، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

«تېررورلۇق ئەدەبىياتى كېرەكمۇ؟» ياكى «ساپ ئەدەبىيات كېرەكمۇ؟» بۇنىڭدىن بىرنى تاللاش كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، خۇنۇك ئەدەبىياتنىڭ «مۇقەددەس» مۇددىئاسى كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ياۋايىلىقنى، ئىپتىدائىي تۇغما تەبىئىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ھايۋانلىق ھالىتىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. ئەڭ يامىنى، ئادەملەرنى «بۇمۇ دەۋر روھىنى ئىپادىلىگەنلىك» دېگەنگە ئىشەندۈرۈپ قويىدۇ.

بۇ توقۇنۇشنىڭ ماھىيىتى: ئادەمگەرچىلىك كېرەكمۇ ياكى زورلۇق كۈچ كېرەكمۇ؟ ھەقىقەت كېرەكمۇ ياكى بىمەنە سەپسەتە كېرەكمۇ؟ ياخشىلىق كېرەكمۇ ياكى يامانلىق كېرەكمۇ؟ ساختا رومانتىزم كېرەكمۇ ياكى رېئالىزم كېرەكمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت.

ئادەمنى نابۇت قىلىدىغان، ئادەمنىڭ خاس خاراكتېرىنى بوغۇدىغان، ئادەمدىكى ئەڭ مۇ-
قەددەس نەرسە ـــ ۋىجداننى بوغۇدىغان، ئىنسانلارنى ئادەمگەرچىلىكنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندۇرۇپ
قويۇدىغان مۇشۇنداق نەرسىلەر ئالدىدا پەرۋا قىلماستىن چەتتە قاراپ تۇرۇش نومۇسسىزلىقتۇر.
ھازىرقى ھەقىقىي ئەدەبىياتىمىز نېمە ئىش قىلىشى كېرەك؟
ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى ئادەملەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ھەقىقىي
ئەدەبىيات ئادەملەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ھەقىقەتكە، تۇرمۇشقا، تىنچلىققا،
كەلگۈسىگە بولغان چەكسىز مۇھەببەتكە ئىنتىلدۇرۇشى كېرەك. مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن
ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى، ھەرقانداق ئۈمىدسىزلىك، قايغۇ ـ ھەسرەتنى يېڭىش كېرەك.
بۇ مەسىلە ئۈستىدە تولستوي قاتتىق ئويلانغان، ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىرىنى بىرگە قالدۇ-
رۇپ كەتكەن ھەمدە بىزنى سەنئەتنىڭ بىر كۈچ سۈپىتىدە ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈدى-
غانلىقىغا، سەنئەتنىڭ ئادەملەرگە ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىنسانىي تۇرمۇشنى سۆيۈشتىن
ئىبارەت تارىخىي بۇرچىنى يۈكلىگەنلىكىگە ئىشەندۈرگەن.
ئەدەبىياتنىڭ ئەخلاقىي بۇرچى شۇكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىسىل ئەخلاقىي ـ پەزى-
لىتىنى، ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، شان ـ شەرىپىنى تەسۋىرلىشى كېرەك. ئىنسان-
لارغا دۇنيانىڭ كەڭلىكى ۋە گۈزەللىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوزغىشى،
ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مول مەنىۋى تۇرمۇشىغا تايىنىپ ياشايدىغان قىلىشى كېرەك. مۇشۇن-
داق قىلغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىيات پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، پۇت تىرەپ تۇرۇشلا ئەمەس،
بەلكى مەڭگۈ غالىب ئورۇندا تۇرالايدۇ.
ھەرقانداق بىر سەمىمىي سەنئەتكارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى ھاردىم-
تالدىم دېمەسلىك ۋە ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، ھەر ۋاقىت ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ قانداق
ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنىي دائىم ئەسكەرتىپ تۇرۇش، ھەممە-
مىزنىڭ ئوخشاشلا بىر ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى، ھەممىمىزنىڭ مەنىۋى قان ـ قېرىنداش
ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنۇتماسلىقتىن ئىبارەت.
ئېھتىمال، بىز مۇشۇ چەكسىز ئالەم قوينىدىكى بىردىنبىر ئەقىل ـ پاراسەت بولىقى
بولۇشىمىز مۇمكىن. مۇشۇنداق سۈزۈك، پاك، ھاياتىي كۈچكە تولغان بولاقنى قۇرۇتۇپ
قويساق بولامدۇ؟ قانداقتۇر ئۆزىنى نابۇت قىلغۇچىلارنىڭ پەسكەش ھەۋەسلىرى بويىچە
خالىغانچە ئېقىپ كەتسەك بولامدۇ؟ بىز شۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز ۋە كۆز ئالدى-
مىزغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەككى، ئىنسانىيەتنىڭ بىرقانچە مىڭ يىلدىن بۇيان مېڭىپ، بىر
جاپادا ئىجاد قىلغان مەدەنىيىتى بەكمۇ ئاز. بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئەمەسمۇ؟
مېنىڭچە، بۇ يەردە سۆزلىگەنلىرىم ـــ ئادەم قەلبىنى ھاياجانلاندۇرۇدىغان نەرسىلەر،
بىر يازغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسىلەر. مەن يۇقىرىدا ئېيتتىم، بىز ھەممە-
مىز ھازىرقى زامان ئادەملىرى، ھەممىمىز ئىنسانىي ھوقۇق ۋە ئىنسانىي بۇرچ بويىچە
ئويلىنىپ كۆرۈشكە ھەقلىقمىز ھەمدە ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەشكە ھەقلىقمىز.
بىز ئەدەبىياتنى ئىجاد قىلىشىمىز، ئەدەبىيات ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. شۇنى
ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، ئەدەبىيات ئەزەلدىن ئىنسانلارنىڭ ئالىيجاناب مەنىۋى
مەقسەتلىرىنى، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ چىنلىقىنى ۋە ئادەملەرنىڭ كەلگۈسىگە بولغان
ئىشەنچ ـ ئېتىقادىنى قوغداپ كەلگەن.

... ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ساھەسىدىن چىققان ئاتالمىش «نەزەرىيەچىلەر» تالاي قېتىم ئەدەبىياتنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەشتى، ئاخىرى قانداق قىلالىدى؟ ئاخىرى ئادەملەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى، ئادەملەرنىڭ بىباھا مەنىۋى بايلىقىنى تېخىمۇ قەدىرلىشىگە، تېخىمۇ قوغدىشىغا تۈرتكە بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر يېرىم يىلدىن بۇيان، گارسىئا ماركېس ھەر خىل ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ۋە زامانىنىڭ چۈشەكلىرىدىن قۇتۇلۇپ، رومان ھەققىدىكى قاغاشلارغا ۋە پىتنە - ئىغۋالارغا پىسەنت قىلماي، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن XX ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ رومانى — «يۈز ئەسىر تەنھالىق» نى يېزىپ چىقتى. بۇ ئادەملەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇدىغان رومان، مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ كىتاب ھەرقايسى ئەللەر كىتابخانلىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك يېقىملىق ۋە چۈشىنىشلىك كىتاب. چۈنكى كىتابتا ئالاھىدە بىر خىل روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. دۇنيانى مۇقەررەر ھالدا ئۆزگەرتىشكە بولغان ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. چىرىك تۈزۈمنىڭ سېسىق پۇراقلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ھۆرلۈك شامىلى گۈكەرەپ تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ شان - شەرىپى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى — سوۋېت ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجادىيەت مېتودى. بۇ ھېچقاچان ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنى ئەدەبىياتچىلار كەشىپ قىلغانمۇ ئەمەس، ئۇ سەنئەتنىڭ جېنى. سوتسىيالىستىك رېئالىزم بىر خىل ئىجادىيەت مېتودى بولۇش سۈپىتى بىلەن مول، مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەر ئىچىدىن، ھەققىي، رېئال تۇرمۇش ئىچىدىن، شۇنداقلا ياشلىق باھارى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان كەلگۈسى ھاياتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ئىچىدىن دۇنيانى، ئىنسانلارنى ئەخلاق ۋە پەلسەپە جەھەتتىن تەتقىق قىلماقتا، ئۇنى بىلىپ يەتمەكتە، بەدىئىي تەسەۋۋۇر يۈرگۈزمەكتە. لېكىن ھەرقانداق بىر تارىخىي جەريانغا ئوخشاشلا سوۋېت ئىنتىپاقىنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدىمۇ قىيىنچىلىق ۋە زىددىيەتلەر بار. بۇ مەسىلىلەرگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، بىراق بىز يەنىلا تار مىللەت دائىرىسىدە بېكىنىپ تۇرۇۋەرمەيدىغان، ئىشىكتىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ دۇنياغا يۈزلىنىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگىمىز. ھازىرقى دەۋر ئەدەبىياتىدا پاسسىپ ھادىسىلەرمۇ بار. ھازىر ئىككىنچى خىلدىكى ئەدەبىيات پەيدا بولۇپ قالدى، كىتابلار بەدىئىي بۇيۇم بولماستىن، ئىستېمال بۇيۇمى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەدەبىياتىمىزنى خۇنۇكلۇك، چاكىنىلىق، ئەندىزىچىلىك، تېمىدىكى پۇرسەتپەرەسلىك چاڭ - توزانلىرى ئىچىدىن، ئۇنىڭ ئەڭ مۇقەددەس تارىخىي ۋەزىپىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلار ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

مەن ئەزەلدىن تارتىپ ئوبزوردىن ئاغرىنىپ باققان ئەمەس. لېكىن ئوبزور ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز ئادىل گەپ قىلىشقا ھەقلىقمەن. ئەپسۇسكى، بەزى پىكىرلەرگە قوشۇلالمايمەن، مەسىلەن: «ئوبزور ئەدەبىياتتىن ئېشىپ كەتتى، بۇنداق ئوبزورلار خېلى زور ئەھمىيەتلىك بولماقتا» دېيىلىۋاتىدۇ. بۇ گەپلەرنى چۈشىنىش قىيىن. ئوبزور قانداقمۇ ئەدەبىياتتىن ئېشىپ كەتكەن بولسۇن؟! ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچىدىن قەتئىينەزەر، ئوبزور ھامان سەنئەتتىن ئىبارەت «مەۋجۇدىيەت» نىڭ بىر بۆلىكى.

ئوبزورچىلىق قالاق ھالەتتە تۇرماقتا، بۇ ئادەتتىكى ئەھۋال. بۇنداق ئەھۋال تېخى ئازمۇ ئەمەس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىرقاتار ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى، كىتابخانلار ئۇ ئەسەرلەرنى تالاش - تارتىش قىلماقتا، مۇھاكىمە قىلماقتا، لېكىن ئوبزورچىلارچۇ؟

ئاغزىدىن شالىنى ئېقىتىپ قاراپ تۇرماقتا. نېمە ئۈچۈن؟ جېمغۇرلۇق قورقۇنچاقلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇلار قانداقتۇر بىرىنچى بولۇپ گەپ قىلىپ قويسام خاتالىشىپ قالىمەنمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ، قاراپ باقماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ مەنتىقىسى بولۇپ قالدى. ئەڭ يامىنى ئۇلار «چوڭ پەل» نى كۆرمەيۋاتىدۇ، ئۆزلىرىچە سالاپەت كۆرسىتىپ، ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ «پرىنسىپى» كىتابخانلارنى، بولۇپمۇ يازغۇچىلارنى رەنجىتمەي قالمايدۇ، كىتابخانلار، يازغۇچىلار ئارىسىدا بۇرۇختۇملۇق پەيدا قىلماي قالمايدۇ. بۇنداق زۇۋان سۈرمەي جىم تۇرۇۋېلىش ئۇسۇلى ئوبزورچىلىقنىڭ ئۆزىگىمۇ پايدىلىق ئەمەس. ئوبزور ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا مېنىڭ جېنىم. مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىماي تۇرالمايمەن، كەسپداشلىرىمنىڭ ئەسەرلىرى ئادالەتسىزلىك بىلەن باھالانسا، مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرالامتىم؟ بۇنداق ئادالەتسىز باھالار ئاخىرى مېنىڭ بېشىمغىمۇ كېلىپ قالامدۇ؟

ئەڭ يامان بولغىنى، بەزى جۇشقۇن ئەسەرلەر قاتتىق تىل-ھاقارەتكە ئۇچراۋاتىدۇ. جۇشقۇن ئەسەرلەر ئەلۋەتتە پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، بىراق پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن خېلى زور بەدەل بېرىشكە توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەر خىل ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن، بەزى ئوسال يېزىلغان، چاكىنا ئەسەرلەر ماختىلىۋاتىدۇ، ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇلغان ھالدا ھەممە ئەسەرلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇۋاتىدۇ. بەزى يەرلىك خاراكتېر ئالغان ئوبزورلاردا مۇشۇ ئىللەت كۆرۈلمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە «يۇرتپەرۋەرلىك» دېگەن چىرايلىق نام قويۇلۇۋاتىدۇ. تېخى بەزىلەر: «ئۇنداق بولسا، پۇشكىننى كۆتۈرۈپ چىقساق بولامتى؟ بۇ دېگەن بىر يۇرتنىڭ دائىرىسىدىكى ئىش تۇرسا؟» دەۋاتىدۇ. بۇنداق ئىللەت يالغۇز يەرلىك خاراكتېر ئالغان ئوبزورلاردىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئوبزورلاردىمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئۆلچەم دەپسەندە بولۇۋاتىدۇ، ھەقىقىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇقۇملىرى بۇرمىلىنىۋاتىدۇ. بۇ — ئوبزورچىلىقتىكى بىر ئاپەت. بۇنداق دېگەنلىكىم، ھېچقاچان ھەسەت قىلغانلىقىم ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن دىل ئازابى چېكىۋاتقانلىقىم.

ئىجتىمائىي، سىياسىي ئوبزور بىلەن ئەدەبىي ئوبزورنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق مۇناسىۋەت؟ بۇ مۇناسىۋەت ساپان بىلەن ساپاننىڭ چىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ساپاننىڭ چىشى ياۋا ئوت-چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى قىرقىيدۇ، ساپان بولسا، يەرنى تىلىپ چوڭقۇر ئېرىق ھاسىل قىلىدۇ. بۇ يەردە زادى قايسىسى مۇھىم رول ئوينايدۇ؟ مەسىلە ناھايىتى ئېنىق. ساپاننىڭ چىشى ياۋا ئوت-چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى قىرقىغانلىقىدىن زارلىنامدۇ؟ بىراق ئۇ ئادەم ئەمەستە! مېنىڭچە، ئادەملەر بۇ مەسىلىدە ئورتاق تىلغا ئىگە بولالايدۇ.

مەن ئۆزۈمگە مۇشۇنداق سوئاللارنى قويغىنىمدا، كاللامدا دەرھال بىر ئوبراز پەيدا بولىدۇ، يەنى «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» دېگەن ئەسىرىمنىڭ باش قەھرىمانى ئېدىگې كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. مەن بۇ ئەسەرنى يېزىشتا، ئالدى بىلەن بىر «ئۇرۇق» نى ھەمدە بۇ ئۇرۇقنىڭ بەدىئىي، پەلسەپىۋى ئەھمىيىتىنى بايقىغان ۋە مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلغاندا بۇ ئۇرۇقتىن نېمە ئۈنۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن. بىرنەچچە قېتىم دېدىم، ئېدىگېدىن ئىبارەت بۇ ئوبراز مېنىڭ سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىغا تۇتقان تۈپكى پوزىتسىيەمنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمگەكچى خەلق ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ خىل ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئوبيېكتى. ئېدىگې ئەمگەك

قىلىشى — ئۇنىڭ ھايات كەچۈرۈشتىكى ۋاستىسى ئەمەس، بەلكى ياشاشتىكى مەقسىتى، بۇرچى ۋە خەلققە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات يولىدا ھۆرلۈكنى تاللىغان. ھۆرلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باتۇرلارچە جاسارەت، ئالىيجاناب روھ كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئادەم بولالىغان. ھەرقانداق خۇسۇسىي مەنپەئەتپەرەسلىك ئۇنىڭغا يات. ھەرقانداق ئىمتىياز، تاما قىلىش ئۇنىڭ ئىنسانىي خىسلىتىگە قىلىنغان ھاقارەت. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەكچىگە خاس بۇ خىل خىسلىتىدىن ئۆزىنىڭ دەۋر بىلەن، خەلق بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ ئۆزىنى ئويلىمايدۇ، بەلكى پۈتكۈل تەقدىرىنى ئويلايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئىدىيىسى پەقەت خەلق ۋە دەۋر مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپالىغان. ئەسەردە ئېيدىگېي قىلالمىغان گەپلەرنى مەن، يەنى بىر يازغۇچى قىلالىدىم. چۈنكى مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار-دە. ئېيدىگېي ئاخىر قانداق قىلدى؟ ئۇ ئۆز ھاياتىنى يەنىلا جىمجىت داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئىنسان روھىنىڭ مەنىۋى كۈچىنى ۋە گۈزەللىكىنى نامايان قىلىۋەردى. ئۇ، ئۇرغۇن بوران-چاپقۇنلارنى — ئۇرۇشنى، ئاچارچىلىقنى، ئاچچىق، ئەلەملىك مۇھەببەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇ، بۇلاردىن ئاغرىنمىغان، تەقدىرىگە تەن بەرگەن، تۇرمۇشقا ئۆچمەنلىك ساقلىمىغان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىرسى ئادەمگەرچىلىك تولۇق ئىپادىلەنگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي يولىغا قەدەم قويغىنىدا، خەلققە، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، ئۇ قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا، بالىلار كېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. ئۇمۇ بىر چاغلاردا ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا شۇنداق ياردەم قىلغان.

ئېيدىگېي ئۇرۇشنى خالامدۇ؟ ئۇ بۇ مەسىلىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قانۇنىيەتلىك تۇرمۇش تەرتىپى بويىچە تىنچلىقتا، دوستلۇقتا تەلپۈنىدۇ. بۇ — ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت. مەن ئېيدىگېيدەك ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى، ئەۋرە، چەۋرە، ئەۋرە كۆرۈشىنى، ئۆزىنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بىر يازغۇچى، ئۆز ئۆمرۈمنى قانداق ھېس قىلىشىم كېرەك؟ مەن بۇ يەردە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۆمرۈمنى دېمەكچىمەن. بورك: «يازغۇچى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ» دېگەنىدى. بىز «ئۇزۇن ئۆمۈر» كۆرۈشكە تەييارلىنىشىمىز كېرەك. ئەپسۇسكى، بىز تېخى ئۆزىمىزنىڭ قانداق قېرىيدىغانلىقىمىزنى، ھېسسىياتلىرىمىزنىڭ قانداق يوقىلىدىغانلىقىنى بايقاشقا ئۈلگۈرمىدۇق. ئېھتىمال، ھەش-پەش دېگۈچە قېرىپ، بوۋايلاردىن بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بىز ياشلىرىمىزغا تەجرىبە قالدۇرۇپ كېتىشىمىز كېرەك. كىشىنى ئەڭ ئازابلايدىغىنى، ھاياتلىق داستانىنىڭ ئۆلمەسلىكى بىز ئۈچۈن بىر خىل ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى تېخى سىناپ كۆرمىدۇق.

قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە، ئۆزىمىزنىڭ دۇنيانى بىلىش ئىقتىدارىمىزنى جىددىي تۈردە ئۆستۈرۈپ بېرىشىمىز كېرەك. تۇرمۇشنى ئەستايىدىل چۈشەنگەن بىر يازغۇچى ئۆز ئۆمرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. مەن ھەمىشە ئويلايمەن: ھەرقانداق يازغۇچى ياشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. بورك: «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن» دېگەنىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە مۇشۇنداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى يېتىلدۈرگەن، بىزمۇ مۇشۇنداق چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

(«ئەدەبىيات گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 4 - ئاۋغۇست سانىدىن) ئوسمان نادىر تەرجىمىسى.




مىرمۇھسىن ( سوۋېت ئىتتىپاقى)

# نوقرە

(ھېكايە)

1

يېشىل دالا ئوتتۇرىسىدىكى سىلېكسىيە① تەجرىبە پونكتى يىراقتىن دېڭىزلاردىكى جەمجەت ئارالغا ئوخشايتتى. نوتىلىرى كېسىلىۋېرىپ كۆتمەك بولۇپ قالغان قانار ئۇجمە دەرەخلىرى تاختىلانغان ئېتىزلارنى ئاجرىتىپ تۇراتتى. يىراقتىكى چىمىيان تېغى چوققىلىرى خۇددى پەردە كەينىدە تۇرغانـدەك كۆزگە خىرە كۆرۈنەتتى. قۇياش تىكلەنگەن بولۇپ، ئاجايىپ ساراتان جىملىقى ھۆكۈمرانىدى...

ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەر ئارىسىدىكى ئاق ئۆيلەردىن بىرىدە، كەڭ دېرىزە يېنىدا بۇرنى تۆپىسىگە بەش-ئون سەپكىل چۈشكەن زىلۋاغىنـا قىز كۆزلىرىـنى دەممۇ-دەم مىكروسـكوپقا تىكەتتى. بىردەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەل ئويـلايـتتى-دە، كېيىن قەلىمىنى سىياھقا چىلاپ نېمىلەرنىدۇ يازاتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئىشخانىغا بىر ئادەم كىرىۋىدى ، قىز بۇرۇلۇپ قاراپ، دەر-ھال ئورنىدىن تۇردى. كىرگەن كىشى ھاسىراپ، ئىسسىقتىن زارلاپ تۇرۇپ قولياغلىـقى بىلەن پېشانىسىنى، بويۇنلىرىنى سۈرتۈپ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سالام، نوقرە ئاي! ئىشلىرىڭىز قانداقراق؟

—رەھمەت، مىرجەلىل كەرىموۋىچ.

ئۇ كۈلدى. قىز ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈش بىلەنلا يەرگە قارىدى، ئىككى يۈزى قىزاردى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئاددىلا «جەلىل»، لېكىن سىز كۆپ ۋاقىتلاردا «مىر» نى قوشۇپ ئېيتىسىز...

① سىلېكسىيە — يېڭى ئىگىلىك ھايۋانلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مەۋجۇت سورت ۋە نەسلىنى ياخشىلاش، يېڭى سورت ۋە نەسىللەرنى يېتىشتۈرۈش.

— كەچۈرۈڭ، جەلىل كەرىمووىچ، — قىز بىلىنەر-بىلىنمەس قىلىپ بارمىقىنى شىلتىدى. دەر ھەقىقەت، ئۇ تونۇگۇنمۇ «مىرجەلىل» دېگەنىدى.

— ۋاي-ۋۇي، بەك ئىسسىپ كەتتىغۇ، — دېدى ئۇ يەنە ھاۋانىڭ دىمىقلىقىدىن شىكايەت قىلىپ.

— شۇنداق، بۈگۈن تولىمۇ ئىسسىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا باشقا ئىشخانىلاردىكى قىز-يىگىتلەرمۇ كىرىپ جەلىل كەرىمووىچنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى، ئۇلار جەلىل كەرىمووىچنىڭ ئىشقا چۈشۈشتىن ئاۋۋال بەش-ئون مىنۇت ئۇياق-بۇياقتىن، كۆرگەن-بىلگەنلىرىدىن سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. بۇنى — «مۇقەددىمە» دەپ ئاتىشاتتى. بۈگۈنمۇ «مۇقەددىمە» دىن كېيىن جەلىل كەرىمووىچ مىكروسكوپ يېنىدا ئولتۇرغان نوقرەگە قارىدى.

— مەن نوقرەئاينىڭ ئىشى بىلەن تونۇشۇۋاتىمەن. 108 ف ياخشى سورت، لېكىن ئاسانلا كېسەل تېگىدۇ. ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئانچە باب ئەمەس. C — 4727 ۋە C — 8230 سورتلىرى بالدۇر پىشىپ، تالاسىنىڭ ئۇزۇنلۇق، ماشىنىلاشۇرۇشقا ئەپلىكلىكى بىلەن ھازىر ئەلا سورت ھېسابلىنىدۇ. بۇ سورتلار «دېلتا پەيىن»، «خەرىسنىۋېلىل»غا قارىغاندا يۈز ھەسسە ياخشى. ئۇكىلار، مەن نوقرەئاينىڭ ئىلمىي ئىشلىرى بىلەن تونۇشۇۋاتىمەن. بەك خۇشالمەن؛ كېيىنكى ۋىلت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشى يېزا ئىگىلىكىمىزگە چوڭ زىيان سالماقتا. ۋىلت كېسىلىنى خوزادىمۇچا① ۋە ۋېرتېزىيېزىم② گۇرۇپپىلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نوقرەئاي ئەنە شۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىش ئېلىپ بارماقتا. بۇ ئىش بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇتەخەسسىسلەرمۇ شۇغۇللانغان. نوقرەئاينىڭ ئىشىدىن بەك رازىمەن...

— رەھمەت، جەلىل كەرىمووىچ.

— ھە، ئىسمىمنى ئەمدى توغرا ئېيتتىڭىز.

نوقرە كۈلۈۋەتتى. ئۇ بەك چىرايلىق كۈلدى. ئۇنىڭ ئەركىن كۈلۈشى جەلىل كەرىمووىچقا، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە تولىمۇ يېقىپ كەتتى.

2

بۈگۈن دۇنيادا نوقرەدىن بەختلىك ئادەم يوق. قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىن ئۇ مىكروسكوپنى، دەپتەر، قەغەزلىرىنى، چىگىت سورتلىرىنى نېرى-بېرى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقتى. ھەدېگەندە ئاپتوبۇس كەلمەي تىت-تىت قىلدى. ئۇ چاپسانراق ئۆيگە يېتىپ بېرىپ، جەلىل كەرىمووىچنىڭ سۆزلىرىنى ئېرىدگە بىرمۇ-بىر ئېيتىپ بېرىشكە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭچە، دۇنيادا جەلىل كەرىمووىچتىن ياخشى ئادەم يوق ئىدى. ئاخىر ئۇنى «ئوقۇپ شەھەر ئېلىپ بېرەمتىڭ، خام سۈت ئەمگەن!» دەپ ھاقارەت قىلغانلارمۇ بولغانغۇ، نېمىسىنى يوشۇرۇش كېرەك؟!

ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ كېچىكىش سەۋەبى بىلەن سائەت ئونلاردا ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئالدىراش تاماق ئېتىۋاتقان ئېرىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. «مىرجەلىل، جېنىم مىرجەلىل!» ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرغان ئېرىدگە ۋىچىرلاپ، ھەممە گەپنى باشتىن-ئاخىر ئېيتىۋەتتى. ئۇ

①، ② ئۇغا قىسمان باكتېرىيىلەر.

هەتتا جېلىل كەرىموۋدىچىنى خاتالىشىپ، «مىرجېلىل» دېگىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. ئاندىن دىۋانغا ئولتۇرۇپ، ئامىدىكى فوتو سۈرەتكە قارىدى، چېچى چۈشكەن، دۈپپا كىيىپ چاچقانىنىڭ قۇيرۇقىدەك چاچلىرىغا لىنتا باغلىغان بۇدرە چاچ قىزچاق دىققىتىنى تارتتى. بۇ ئۇنىڭ بەش ياشلىق ۋاقتى. دەل شۇ يىللىرى ئۇنىڭ ئاتىسى فرونتتا قۇربان بولغانىدى. ئانىسى ھازا ئېچىپ، ھويلىدا خوتۇنلارنىڭ قىيا-چىيا قىلىشىنى ھازىرمۇ قۇلىقىدا ئىدى. ئاندىن ئون يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سەككىزىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقىنىدا ئانىسى تۇرمۇشقا چىقتى. ئۆگەي ئاتا نوقرەنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالماقچى بولدى. تەنتەربىيە دەرسىدىن يېنىپ كېلىۋاتقاندا — شالۋۇر، يەڭسىز كۆڭلەك كىيگىنى ئۈچۈن تاياق يېگىنىمۇ يادىدا ئىدى. تەقۋادار ئۆگەي ئاتا كېيىنچە ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، ئەرگە بەرمەكچى بولدى، بۇنىڭغا چىدىمىغان نوقرە ئاۋۋال چوڭ ئاپىسىنىڭكىگە كېتىپ قالدى. چوڭ ئاپىسىنىڭ سارىيىدا بېلىگە كەمەر باغلاپ شەپكە كىيگەن، ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ئۆز ئاتىسىنىڭ رەسىمى ئالدىغا كېلىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئەگەر ئۇ تىرىك بولغاندا جاھىل ئۆگەي ئاتىسىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولاتتى. ئاتىسى ئۇنى تاماق ئۈستىدىمۇ، چاي ۋاقتىدىمۇ زەھىرىنى سانجىپ تۇرىدىغان ئۆگەي ئاتىغا خار قىلىپ قوياتتىمۇ؟ ئېھتىمال، ئۇ ھايات بولغاندا يالغۇز قىزىغا ياخشى كۆرگەن ھەممە نەرسىلىرىنى ئېلىپ بەرگەن، چاچلىرىنى سىيلاپ، يېتەكلەپ يۈرگەن بولاتتى. ئېھتىمال ۋېلىسىپىتمۇ ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى (نوقرە بالاچىقىدا ۋېلىسىپىتنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن). ئەپسۇسكى، شۇنداق ياخشى ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىدىكەن-دە، ئونىنچى سىنىپتا ئوقۇپ چوڭلا قىز بولۇپ قالغان چاغلىرىدا، كۈنلەردىن بىر كۈن ئۆگەي ئاتا ئوقۇۋاتقان كىتابىنى قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، يەرگە ئېتىۋەتتى-دە، يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، دۇكاندىن ھاراق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. نوقرە ئېلىپ كەلمىدى. ئۆگەي ئاتىنىڭ «ئەگەر سەن مەكتەپكە قاتناپ، پاقالچىقىڭنى ئېچىپ يۈرسەڭ، كۆزۈمدىن يوقال!» دېگىنى ئاخىر سەۋرى قاچىسىنى تاشتۇرغانىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ يىغىسىغىمۇ قارىماي، چوڭ ئانىسىنىڭكىگە قېچىپ كەتتى. شۇ يىلى ئۇ ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى، ئىتتىپاق ئەزاسى دوستلىرى ھەممە ۋاقىت ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى.

نوقرە ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا مىر جېلىل بىلەن تونۇشۇپ، بىر-بىرىنى يارىتىپ تۇرمۇش قۇرۇشتى. مىر جېلىل ئاددى ئىشچى — تاشكەنت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى قۇيمىچىلىق سېخىدا پېچتا ئىشلەيتتى.

نوقرە مىر جېلىل ئەتكەن لاۋزا — ياڭيۇلىرى كۆيۈپ، باشقا سەيلىرى چala پىشقان قورداقنى ماختاپ تۇرۇپ يېدى. زوقلىنىپ ئەركىلەپ «جېلىل» بىلەن «مىرجېلىل»نى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىرىنى يەنە سۆزلىدى.

ياخشى ئاتقا بىر قامچا، يامان ئاتقا مىڭ قامچا... ئەتىسى ئۇ مىرزا چۆلگە — «دەلۋەرزىن» ناملىق يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۈچ كۈن دالادا يۈرۈپ، ئاپتاپتا قارىداپ يېنىپ كەلدى.

3

شاپتۇل بەزىدە ئۆز مېۋىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھالاك بولىدۇ.

جەلىل كەرىموۋىچنىڭ ياخشى باھاسىدىن كېيىن دوستلىرى، تەڭتۇشلىرى نوقرەنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭ بىلەن پات-پات مەسلىھەتلىشەتتى. شەنبە كۈنى نوقرە پونكىتقا ياسىنىپ كەلدى: خانشەتلەس ئۈچىسىدا ۋال-ۋۇل قىلاتتى. لەۋلىرى قىپقىزىل، تۇتاش قاشلىرى ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قارلىغاچنى ئەسلىتەتتى. كۈلۈشلىرى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى...

ئۇ بۈگۈن دالاغا چىقماي، مىكروسكوپ يېنىدا ئولتۇرۇپ، كىچىك ئالەمنى كۆزىتىۋاتقاندا، لابوراتورىيىگە يەنە جەلىل كەرىموۋىچ كىرىپ كەلدى.

— سالام بەردۇق!

— سالام! ياخشىمۇسىز، جەلىل كەرىموۋىچ!

— تىنماي ئىشلەۋېرەمسىز؟ دەم ئېلىشمۇ كېرەك، سىڭلىم، — ئۇ نوقرەنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن سۈرۈپ ئولتۇردى، — ئىشلار ياخشىمۇ؟

— رەھمەت.

— ناھايىتى ئوبدان ئىشلەۋاتىسىز، ئامان بولساق، ئۆزۈم بىرىنچى بولۇپ پىكىر بايان قىلىمەن، ۋاقتى كەلگەندە ھەممە گەپنى ئېيتىپ، سىزنى چوقۇم خۇشال قىلىمەن...

نوقرە مەمنۇنىيەت بىلەن يەرگە قارىدى، ئۇ ئىلمىي رەھبىرىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قانداق تەشەككۈر ئېيتىشنى بىلمەيتتى.

— سالامەتلىكىڭىزمۇ دىققەت قىلىڭ. ئادەم دۇنياغا بىر كېلىدۇ، قاتتىق ئىشلەپ، ئۆزىڭىزنى كاردىن چىقىرىپ قويماڭ، نوقرەخان، — دېدى جەلىل كەرىموۋىچ قىزنىڭ تۇتاش قاشلىرىغا مىختەك تىكىلىپ، — ھەي، ئادەمزاتلا بولىدىكەن، ھەممىسى بىر كۈن ئۆلىدۇ. ياشلىق، گۈزەللىك دائىمى ئەمەس، ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بېشىدىمۇ ئۆلۈم دەھشىتى بار، پەقەت تۇغۇلمىغانلار قېرىمايدۇ، ئۆلمەيدۇ...

جىمجىت ئىشخانىدا ئۇلار ئىككىسى ئولتۇراتتى. جەلىل كەرىموۋىچ سۆزدىن توختىغاندا، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرغان نوقرەنىڭ نەپەس ئېلىشى ئاڭلىنىپ، نەپىس كۆكسىنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ تۇرۇشى ئېنىق بىلىنەتتى. ئىشخانىغا كىرىپ قالغان بىر ئەركەك چىۋىن خۇددى ئايروپىلاندەك غارقىراپ پىرقىرايتتى. نوقرەنى بىر قوشۇق سۇ بىلەن يۇتۇۋەتكۈدەك بولۇپ تۇرغان جەلىل كەرىموۋىچ ئۇنىڭ مىكروسكوپ يېنىدا تۇرغان ئاپئاق قولىنى تۇتتى. ئوبدان گەپلەرنى ئاڭلاپ ئېرىپ كەتكەن نوقرە ئاۋۋال جەلىل كەرىموۋىچقا پاللىدە قارىدى. كېيىن ھودۇقۇپ، قولىنى ئاستا تارتتى، يۈزى قىپقىزىل بولۇپ كەتتى.

— نوقرە، نوقرەخان... مەن ئىلمىي ئىشىڭىزنى...

— قويۇۋېتىڭ!

نوقرە ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، يەرگە قارىدى. قىزارغان يۈزلىرى بىردىن تاتىرىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جەلىل كەرىموۋىچ بۇ «توسۇن تاينى كۆندۈرۈش» ئۈچۈن يەنە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرۈۋىدى، نوقرە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى بىلەن

بۇنداق مۇناسىۋەتتە بولماسلىقنى كەسكىن تەكىتلىدى، جەلىل كەرىمووۋىچ «تەۋۋا قىلـ-
دۇق» دېدى-دە، يۈزىنى ئۆرىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ نوقرەنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىغا
ھېچ قىزىقمىدى. بىر يىغىندا ھەتتا ئۇنىڭغا «چۈجىنى كۈزدە سانايمىز»، دەپ تەككۈ-
زۈپمۇ ئۆتتى. بۇ سوغۇقچىلىقتىن كېيىن نوقرە بىر ھەپتە كېسەل بولۇپ ياتتى. بۇ ئىشنى
ھېچكىمگە ئېيتالمىدى. ئۇنىڭ روھسىزلىنىپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئېرىمۇ بىلەلمەي، تىت-تىت
بولاتتى. لېكىن، كېيىنچە نوقرە ئىشنى تاشلاپ قويماي، بۇرۇنقىدەك قەتئىي داۋاملاشـ
تۇردى. «ئەمگەك سات، نومۇس ساتما» دېگەننى يۈرىكىگە مەھكەم ئورناتتى. ئۇ دالا-
لارنى ئايلىناتتى، جىمجىت لابوراتورىيىدە ئەتىدىن كەچكىچە بېرىلىپ ئىشلەيتتى. «بىر
زەربىگە چەك-چېكىدىن سۆكۈلۈپ كەتسەم، ئۇ چاغدا قانداق قىلىپ مەقسىتىمگە يېتىمەن؟»
دەيتتى ئۇ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، ھەر كۈنى كېلىپ كېتەتتى-يۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن
جەلىل كەرىمووۋىچنىڭ كارى بولمايتتى. ئەكسىچە بۇ لابوراتورىيىگە كىرمەي، ئېرىقى
ئىشخانىدىن كېتىپ قالاتتى. تازا دىمىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پونكىتقا چەت ئەللىك
مېھمانلار كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا جەلىل كەرىمووۋىچ باشقا يەرگە كەتكەنلىكتىن، مېھمان-
لارنى پېشقەدەم پروفېسسور سېرگېي سېرگېيېۋىچ بىلەن ئاسپىرانت نوقرە شېرووۋا
كۈتۈۋېلىپ، خىزمەتلەرنى تونۇشتۇردى. پارنىك، لابوراتورىيىگە، ئۆزۈن يىللىق ئۇرۇقلار
ساقلىنىدىغان زالغا، تەجرىبە مەيدانلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى.
داستىخان تۆپىسىدە جانابلاردىن بىرى ئېنگلىز تىلىدا «بۇ قىز» نىڭ كىملىكىنى سورىـ
دى. «ئاسپىرانت، ئىلمىي نەتىجە يېزىۋاتىدۇ، بىزدە خېلى نۇرغۇن ياشلار تەلىم ئېلىۋا-
تىدۇ» دەپ، ئومۇمىي مەلۇمات بەردى پروفېسسور. ھېلىقى جاناب قارا كۆز ئەيىنەكنى
ئېلىپ نوقرەگە قارىدى.

— سىز ئۆزبېكمۇ؟

— ھە، ئۆزبېكمەن، — تەرجىمانىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي ئېنگلىز تىلىدا جاۋاب بەردى
نوقرە.

— ئۇ، ئېناس! سىز ئېنگلىز تىلىنى بىلىدىكەنسىز-ھە؟ ئېناس! — جاناب كۈلۈمـ
سىرەپ نوقرەگە يەنە باشتىن-ئاياغ تىكىلدى، — ئىسمىڭىز نېمە؟

— نوقرە شېرووۋا.

— ئۇ، ئېناس! سىز ئىلمىي ئىش قىلىۋاتامسىز؟ ئېيتقانىدەك، بۇ ئىشنى پارتىيە
تاپشۇرۇقى بىلەن قىلىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك؟

— ھە، دېدى نوقرە كۈلۈپ، — پارتىيە — ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىز.

— دۆلەتنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قىلىۋاتقانسىز؟

— ھە، دۆلەت ھەم ئۆزىمىزنىڭكى.

— پىلان بويىچە بولۇۋاتقاندۇ، شۇنداقمۇ؟

— ھە، پىلاننىمۇ ئۆزىمىز تۈزىمىز.

ھېلىقى جاناب تۇتۇلۇپ بىر پەس لام-جىم دېيەلمەي تۇرغاندىن كېيىن، قىد-
زازغان ھالدا يەنە سوئال سورىدى:

— ئېنگلىز ۋە ئامېرىكا ئەدەبىياتىدىن كىملەرنى بىلىسىز، قانداق كىتابلارنى

ئوقۇغانسىز؟

— شېكسپىر ئەسەرلىرى بىزدە كەڭ تارقالغان. كۆپچىلىك ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشمەن، — دېدى نوقرە ئېنگلىز تىلىدا، — مارك تۋېننىڭ ئىككى رومانىنى ئوقۇغانمەن. شائىرلاردىن كىتس، بايرون. ئۇيتمېننى ياخشى كۆرىمەن...

— ئۇ ئېنئاس!

— سىز بىزنىڭ يازغۇچىلاردىن كىمنى بىلىسىز؟ — نوقرە قايتۇرۇپ سوئال سورىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى سېرگېي سېرگېيېۋىچقا بەكمۇ ياراپ كەتكەچكە، چىرايى ئېچىلىپ، نۇرلىنىپ، نوقرەگە زوقلىنىپ قاردى. جاناب ئويلىنىپ قالدى. بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، نوقرەنىڭ ئۆزى يەنە سوئال قويىدى:

سىز ئەلىشىر ناۋايىنى ئاڭلىغانمۇ؟

جاناب سۈكۈت ئىچىدە مۈرىسىنى قىستى.

— پۇشكىنىنچۇ؟

— بىلىمەن، لېكىن ئاز ئوقۇغانمەن.

— مەن ناۋايى، پۇشكىن شېئىرلىرىنى ئۆسمۈر ۋاقتىمدىلا يادلىغانمەن.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — جانابلار ۋە خانىملار نوقرەگە تىكىلىشتى.

— يىگىرمە ئۈچكە.

مېھمانلار گۈر قىلىپ كۈلۈۋەتتى. سېرگېي سېرگېيېۋىچمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۈلدى. چەت ئەللىك مېھمانلار ماشىنىلارغا چۈشۈپ مېڭىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىن:

— تازا بابلىدىڭ، قىزىم! — دېدى سېرگېي سېرگېيېۋىچ.

نوقرە سېرگېي سېرگېيېۋىچ بىلەن خوشلىشىپ، يەنە لابوراتورىيىگە كەتتى. ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال نېمىشقىدۇر مۈزىكا ئاڭلىغۇسى كېلىپ، رادىئونى بۇرىدى. مۈزىكا ئەمەس، موسكۋادىن ئاخىرقى خەۋەرلەر بېرىلىۋاتاتتى. كۇباغا ھەربىي تاجاۋۇز قىلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسىگە لوندوندا كۇبا ئەلچىسىگە «ئېنگلىزنىڭ تەقدىرى ھەل بولۇۋاتىدۇ، يىغىلىسىز. سىز بىزنىڭ مەمۇرلاردىن سىياسىي باشپاناھ سورامسىز؟» دېگەن سوئال بېرىشىپتۇ. ئەلچى: «بىز كۈرەش قىلىمىز، بىر تامچا قېنىمىز قالغۇچە كۈرەش قىلىمىز، باشقا سۆز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! ھە، كۈرەش قىلىمىز، يېڭىمىز!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋاب نوقرەنى زوقلاندۇرۇپ خۇشال ھالدا ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇتتۇقلاردىن گاڭگىراپ قالماي، مەغلۇبىيەتتىن مەيۈسلەنمەي دادىل بولۇش ئادەمگە كامال بەخش ئېتىدۇ.

4

نوقرەگە ئاچچىقلىنىپ يۈرگەن جەلىل كەرىموۋىچ چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى، نوقرەنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋالغىنىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تىت - تىت بولدى. كىمدۇر بىرى: «نوقرەنى ياش دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بۆلۈمگە مۇدىر بولۇش خىيالىمۇ بار...» دېيىشىدۇ، جەلىل كەرىموۋىچ چۆچۈپ كەتتى. ئۆزۈمگە بويى يەتمەي «تېخى غورا» دېگەن تولكە — كەرىموۋىچ نوقرەنى «تېخى بەك خام، ئالىم بولۇشى نەدە؟» دەپ يۈرۈۋەرگەنىدى. ئۇنى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى؛ شۇندىن كېيىن ھەربىر

يېنىدا ئۆز ئاسپىرانتىنى ئاشكارا چوقۇشقا باشلىدى: «كوزا كۆندە ئەمەس، كۆندە سۇندۇ...» دېدى ئۇ بىر كۈنى نوقرەگە تەككۈزۈپ، بۇنىڭ بىلەن «نىيىتىنىڭ ئورنۇمنى ئېلىش بولسا، ئىلمىي ئىشىڭ نابۇت بولىدۇ!» دېمەكچى ئىدى.

شۇ ئاي ئىچىدە تەجرىبە پونكىتىدا تەنتەنىلىك مەجلىس بولۇپ، جىلىل كەرىموۋىچنىڭ ئەللىك ياشقا توشقانلىقى ئۇبدانغىنا تەبرىكلەندى. نوقرەمۇ جىلىل كەرىموۋىچنى سەمىمىي، چىن يۈرەكتىن تەبرىكلەپ، ئۇزۇن ئۆمۈر، چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلىدى. ئەتىسى ئۇنىڭ ھويلىسىدا زىياپەت بولۇپ، ھەممە كىشى تويلاندى - يۇ، لېكىن يالغۇز نوقرە تەكلىپ قىلىنمىدى. ئىلمىي رەھبەر ئۈچۈن، تەييارلاپ قويۇلغان سوغىمۇ ئىگىسىز قالدى. مىرجىلىلنىڭ تەسەللىلىرى ئۇنى بەزلىيەلمىدى: ئۇ تولىمۇ خاپا بولغانىدى. دوستلىرىنىڭ «زىياپەتتە كۆرۈنمىدىڭىز؟» دېگىنىگە «مىجەزى» يوقلۇقىنى باھانە قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئىلاج تاپالايتتى. لېكىن كېچىككىنە كۆكسىدە تىنماي سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى «يېڭىمەن!» دەپ ئالغا ئىنتىلەتتى. بېشىغا چىغ شىلەپە كىيىپ، ئەتىدىن كەچكىچە ئاپتاپتا كۆيۈپ - پىشىپ دالا ئايلىناتتى. بويىغا كېچىك قەغەز ئېسىپ قويۇلغان كېۋەزلەر يېنىدا ئۇزۇن توختايتتى، دەپتىرىنى تىزىغا قويۇپ ئاللىقانداق بىر نېمىلەرنى ياراتتى. بەزىدە چالمىلارغا پۈتلىشىپ يىقىلىپ يۈز - كۆزلىرى كۆكىرىپ قالغان چاغلىرىمۇ بولدى. شۇنداقتىمۇ قورققانغا قوش كۆرۈنىدۇ، دېگەن سۆزنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ دادىل بولۇشقا تىرىشاتتى. جىلىل كەرىموۋىچ باشلىغان سوغۇقچىلىق — مۇز پارچىلىرىنى يۈرەك ھارارىتى بىلەن ئېرىتىۋېتىشكە تىرىشاتتى. ئاپتاپتا كۆيۈپ ئىشلەۋاتقان نوقرەنى ئىزچىل كۆزىتىپ يۈرگەن سېرگېي سېرگېيېۋىچ كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنى توختىتىپ:

— قانداقراقسەن، قىزىم؟ ئىشلىرىڭ ياخشى كېتىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— رەھمەت، سېرگېي سېرگېيېۋىچ!

— بىرىنچىگە كىر، ئىلمىي ئىشلىرىڭدىن بىر نۇسخە بەرسەڭ، تونۇشۇپ باقسام...

— بەك مىننەتدار بولاتتىم، سېرگېي سېرگېيېۋىچ... — دېدى نوقرە جانلىنىپ.

— ئېنىگلىزغا بەرگەن جاۋابىڭ بەك ياقتى. يارايسەن! ئېنىگلىز تىلىنى ئۆگەنگەنىڭ بەكمۇ ياخشى بولغانىكەن!

نوقرە پروفېسسور بىلەن بىر ئاز سۆھبەتلىشىپ تۇردى. ئۇ خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، مېھرىبان ئادەمنىڭ قارىسى يوقالغۇچە كەينىدىن قاراپ قالدى. شۇ كۈنى بۇ ئۇچرىشىشنىمۇ مىرجىلىلغا ئېيتىپ تۇرۇپ، كۆزىگە ياش ئالدى.

— خاپا بولما، — دېدى مىرجىلىل، — ئىشلار يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. دۇنيادا ياخشى ئادەملەر تولا، قەدىرلىكىم. ھەممە ئادەم ئاشۇ كەرىموۋىچقا ئوخشىمايدىكەن...

ئۇ بىردىنلا پونكىتتا كىمدۇ بىرىنىڭ خاراكتېرى يامان كەرىموۋىچقا دارىتملاپ: «ھولۇقىدۇ، توقۇمى قارنىغا چۈشۈپ قاپتۇغۇ...» دېگىنىنى ئەسلىدى - دە، كۆزىدىن بىر تامچا ياش تۆكۈلۈپ يەرگە چۈشتى.

نوقرە ئىلمىي ئىشلىرىنى سېرگېي سېرگېيېۋىچقا تاپشۇرۇپ بەردى. ھازىر ئۇ يەنە چىغ شىلەپىسى بېشىدا، بۇرنىنىڭ ئۈچىنى تەرلىتىپ، پاختا دالالىرىنى ئارىلاپ يۈرىدۇ. ئۇ شۇ كۈنكىچە يەڭ شىمايلىماي ئىشلەۋاتقانىكەن، مانا ئەمدى يېڭىنى شىمايلاپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

(ئاپتورنىڭ «ھېكايىلار - قىسسەلەر» توپلىمىدىن)

ئا. خەلپەت تەرجىمىسى

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


غەلىبە مۇھەممەت.............. ھاياتتا مۇنداق خەتلەرمۇ يېزىلغان (ھېكايە)....... 1
بېلقىز سادىق ............... خاسىيەتلىك سەپەر (ھېكايە) ............... 24
ئايگۇل مۆيدۇن..............«قىيامەتلىك» ئاغىنىلەر (ھېكايە)............ 43
ياسىنجان ئۆمەر..................مۇئەللىمە (پوۋېست) .................... 48


## شېئىرلار


تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ...........تۈگىمەس گەپلەر ......................... 3
بېلقىز سۇلايمان...............شېئىرلار .............................. 33
قۇندۇز مۇھەممەت...............شېئىرلار .............................. 36
رىسالەت شېرىپ...............شېئىرلار .............................. 39
رەشىدە سىيىت .............. ئانا ھەققىدە ناخشا.......................... 40
تۇرنىسا مەتىمىن ...............بۇرغىچىغا ئاپىرىن ......................... 41
ئايگۇل ھەمدۇللا...............ئىككى شېئىر ........................... 41
ھەجەرگۇل قاسىم...............ئايدىڭ كېچە ........................... 42
مۇسا ئەھەت ...............ئىسلاھات شامىلى — باھار شامىلى .............. 87
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ...........شېئىرلار........................... 88
مۇھەممەتجان راشىدىن.............. ئىككى شېئىر........................ 92
ئابدۇقادىر جالالىدىن ..............غايىپ بولماس تامچىلار .................... 92
جېلىل خېلىل................ ئۈچ شېئىر........................... 94
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر .............. كەلدى باھار ......................... 95
ئىلھامجان ئابلىز..............ئىككى شېئىر........................... 129
تۇرسۇنجان ھاشىمى..............ياشلىق ھېسلىرى ......................... 130
مۇختەر سوپى .............. ئىككى شېئىر ........................... 132
يالقۇن جۇمە.............. سۈرەتكە يېزىلغان شېئىرلار.................... 132
سەمەت ئابدۇراخمان.............. ئىككى لىرىكا ......................... 133
مۇختەر ئابدۇقادىر .............. قەلب تۈيغۇلىرى ......................... 134
ئابدۇلئەھەت سەلەي .............. تەبىر بەرگىن چۈشۈمگە ......................... 135

ئەسقەرجان ياسىن ...... يۈرىكىمدىن تامغان قەترىلەر ...... 136
نەبىجان مەھمۇت ...... ئىككى شېئىر ...... 136
تۇردى ئەخەت ...... ئىككى شېئىر ...... 137
دولقۇنجان روزى ...... خىياللىرىم ...... 137
ئەسئەت ئەمەت ...... ئاق پەرىشتەم ...... 138


## تەرمە گۈللەر


خالىدە ئىسرائىل ...... ئەڭ گۈزەل خاتىرە (ھېكايە) ...... 96
مۇھەممەت خېۋىر ...... ئىككى شېئىر ...... 109


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


باتۇر روزى ...... «تۇتۇق شېئىرلار» توغرىسىدىكى قاراشلىرىم ...... 112
ئىبراھىم ئىزاقى ...... شېئىر ۋە بەزى «شېئىر»لار توغرىسىدا ...... 120


## ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن



قاسىمجان قەمبىرى ...... 139
ئىسمائىل ھاجى ...... 142
ئەھمەدى ...... 143


## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


چىڭغىز ئايتماتوۋ ...... ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتى ...... 146



## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


مىرمۇھسىن ...... نوقرە (ھېكايە) ...... 152



سەھرادىكى باللار خۇشاللىقى

سۈرەتنى ئىبراھىم قېيۇم تارتقان.




تارىم

《塔里木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIM A MONTHLY LITERATURE IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

1988 - يىل 3 - سان (325 - سان)، 38 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ، مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 782 - خەت ساندۇقى).
O.P. BOX 782 BEIJING. CHINA

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（北京782信箱）
订阅、零售：各地邮局所

باسما تاۋاق: 10، ژۇرنال نومۇرى: 65 — 1010/I، باھاسى: 1 يۈەن.
قەرەللىك ژۇرنال كىنىشكا نومۇرى: 356.

刊　　号：65—1010/I新疆维吾尔自治区期刊登记证第356号
定　　价：壹元